# TANGRITAG

تۇنجى نۆۋەتلىك «... مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال



ئەدەبىيات ۋە گۈزەللىك

ئالمۇتا زىيارىتىدىن
تۇغۇلغان ھېسسىيلار

ئايتماتوف ۋە گورباچېفنىڭ تەپەككۇرى

بوغدا ئابدۇللا، ئابدۇقادىر جالالىدىن
جېلىل ھېلىل ماقالىلىرى

2000.3

天尔塔格

# تەڭرىتاغ

ISSN 1004-1745
05

200

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# تارىم غۇنچىلىرى



باش مۇھەررىر: ئابلىز قېيۇم

## بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى -

بۇ يىل ماي ئېيىدا «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 200 ـ سانى نەشردىن چىقتى. 200 سانلىق بۇ قۇتلۇق مۇساپىدە «تارىم غۇنچىلىرى» ئۇيغۇر ئۆسمۈر بالىلىرىنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇردى.

«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «گۈلزار»، «بىخ»، «جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار»، «دېرىزە»، «تۆمۈر تۇمشۇق» قاتارلىق سەھىپىلىرى مەخسۇس بالىلار ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان. 20 يىلدىن بۇيان بىر تۈركۈم قەلەم ئىگىلىرى مۇشۇ گۈلزاردا بىخ سۈردى، ئۆسۈپ يېتىلدى.

«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىدىغان بالىلارنىڭ بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنىلى. ئۇ بالىلارغا زامانىۋىلىقنى، ئەنئەنىمىزنى، ھەقىقىي ئادەم بولۇش يولىنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداقلا بالىلارنىڭ ئاۋازىنى جاھانغا ئەينەن يەتكۈزىدۇ. ژۇرنالنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدىغان «دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندىم»، «كىم ئەڭ ئەقىللىق»، «كۆڭلۈمدىكى گەپلەر»، «يىلتىزىم»، «مەنمۇ دەپ باقاي»، «يۇلتۇزلارغا قونمەن»، «ئىنگلىز تىلى سالونى» قاتارلىق ئېسىل سەھىپىلىرى بار.



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ھەسەن



مەسئۇل مۇھەررىر: ھاۋاخان خو



گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: مۇرادىل ئابىت

1 - [illegible]

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
قانۇن مەسلىھەتچىسى: ئابلىمىت رەھىم

**2000.3**

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئازات سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەكبەر ئېلى، ئىمىن ئەھمىدى، بوغدا ئابدۇللا، مۇرات مەتنىياز، مۇختار مەخسۇت، مۇھەممەت پولات، غوپۇر نۇر، ھاجى قۇتلۇق قادىرى، ئوسمانجان ساۋۇت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

E-mail:tangri@mail.xj.cninfo.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## پوۋېست

شەبنەم ۋە كۆز ياش ............................................ قادىر ئارسلان (4)

## ھېكايىلەر

پۈچۈق ئۇستىرا ............................................ تۇرسۇن مۇسا (70)

## شېئىرلار

سەلتەنەتلىك دەرىخانا ............................................ مەمتىلى زۇنۇن (67)
ئەر كۆڭلى ............................................ قۇربان داۋۇت (69)

## ئەدەبىي ئاخبارات

لۇشۇننىڭ «جىنى» چاپلاشقان ئادەم ................................ نەلئەت ئىبراھىم (تىلەك) (89)

## ئىزلىنىش، سىناق، ئىگىلىق

ئەزىزى، رىسالەت مەردان، ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، غەيرەتجان ئابىت ........................ (73)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل - سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىر ھەسەن

## ئەدەبىي خاتىرە

ئالمۇتا زىيارىتىدىن تۇغۇلغان ھېسلار …………………… ئابدۇكېرىم راخمان (55)

## ئەركىن پاراگلار

سەبىيلىكتىكى مەڭگۈلۈك كىتابلار …………………… بوغدا ئابدۇللا (78)
چىڭغىز ئايتماتوف ۋە گورباچېفنىڭ ئۆزەكداش تەپەككۇرى ھەققىدە … ۋېي جيەنگو، ۋۇ شياۋچىڭ
…………………… يۈسۈپ ئىگەم تەرجىمىسى (99)

## ئەسەر ۋە بەس ـ مۇنازىرىلەر

ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت …………………… ئابدۇقادىر جالالىدىن (80)
شېئىر ھەققىدە …………………… جېلىل خېلىل (85)

## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىن ئۈرنەكلەر

نېتزى شېئىرلىرىدىن …………………… ئابلىكىم خېۋىر تەرجىمىسى (109)

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490　پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدۇ
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 ـ خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن



# شەبنەم ۋە كۆز ياش

(پوۋېست)

قادىر ئارسلان

ئىشخانىدا ئەسەر تەھرىرلەپ ئولتۇراتتىم، ئىدارىمىزنىڭ خەت - چەك توشۇغۇچىسى مېنىڭ نامىمغا ئەۋەتىلگەن چوڭ كونۋېرتتىكى بىر ئەسەرنى ئەكىرىپ بەردى. كونۋېرتقا كۆز يۈگۈرتتۈم، ئەسەرنى كۆپ كۆرۈۋېرىپ، ئاپتورلارنىڭ پوچۇركىسىمۇ بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق بۇ ئەسەرنىڭ پوچۇركىسى ماڭا ناتونۇش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادرېسىمۇ ئېنىق يېزىلماپتۇ. ئېھتىمال، بىر ھەۋەسكار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يازغان مەشىق ئەسەرلىرىنى بىراقلا ئەۋەتكەن بولسا كېرەك. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، شۇنچە چوڭ كونۋېرتتىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلغۇدەك بىرنەرسە چىقىپ قالار.

كونۋېرتنى ئاچتىم. ئىچىدىن يەنە بىر كونۋېرت چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە سالام خەت بار ئىكەن. قىسقىغىنە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتىن كېيىن، خەتتە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

«سىز مېنى تونۇمايسىز، لېكىن مەن

سىزنى ئوبدان تونۇيمەن. چۈنكى مەن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان. سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار تۇرمۇشىنى تېما قىلغان. شۇ تۈپەيلى سىزنىڭ مېنىڭدە قالدۇرغان تەسىرىڭىز چوڭقۇرراق بولسا كېرەك، ئانچە كۆپ ئويلانمايلا قولىڭىزدىكى بۇ كونۋېرتنى - ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىكى دوستۇمغا يازغان خەتلىرىمنى سىزگە ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ خەتلەر سىزنىڭ يازماقچى بولغان بىرەر ئەسىرىڭىزنىڭ خام ماتېرىيالى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

خەتلەرنى دوستىغا ئەۋەتمەي ماڭا ئەۋەتكىنى نېمىسى بۇ قىزنىڭ، دەپ قالماڭ. ئەمەلىيەتتە بۇ خەتلەر ئۆز - ئۆزۈمگە يېزىلغان خەتلەر، دېسەممۇ بولىدۇ. قالغىنىنى خەتلەرنى ئوقۇش جەريانىدا چۈشىنىۋېلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. مۇشۇ كۈندە ماڭا نۇرغۇن كىشىلەر نەپرەت بىلەن قارايدۇ، مېنى ئەيىبلىشىدۇ. بۇنى ئېنىق بىلىمەن، ھەر كۈنى دېگۈدەك ھېس قىلىپ تۇرىمەن. چۈنكى ‹كىشىنىڭ دەردىگە كىشى يەتمەس، ئېشەك قۇيرۇقى يەرگە›، دېگەن راست گەپ ئىكەن. مەن سىزدىن ماڭا ھېسداشلىق قىلىشىڭىزنى كۈتمەيمەن، بىراق ھېچبولمىسا سىزنىڭ بولسىمۇ توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم، ئەپۇ قىلىڭ. ۋاقىت چىقىرىپ خەتلىرىمنى ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

خەتنىڭ ئاخىرىدا بىر قىزنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى.

مۇشۇ كۈندە ئۆزۈمنىڭمۇ كەيپىم ياخشى بولمىغاچقا، سالام خەتنىڭ مەزمۇنىدىنلا كۆز يېشى بىلەن تولغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇشقا رايىم بارماي خېلىغىچە كونۋېرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. لېكىن ئولتۇرغانچە بۇ خەتلەرنى ئوقۇشقا كۆڭلۈم ئالدىرايتتى. مەن يەنە بىر كونۋېرتنى ئاچتىم. بۇنىڭدا توققۇز پارچە سالام خەت بار ئىدى. مەن بۇ خەتلەرنى بىر ئوقۇغىنىمچە، بەزى قۇر ۋە بەتلەرنى قايتىلاپ ئوقۇپ، يېرىم كېچە بولغاندا تۈگەتتىم.

سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. بىنادىن ئارىلىقى ئەللىك مېتىرمۇ كەلمەيدىغان بىر كاتتا ھويلىغا جايلاشقان پارخانىدىن كېلىۋاتقان گۈرۈلدىگەن سادا پۈتۈن ئاھالىلەر رايونىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، قۇلاق - مېڭىنى يېمەكتە ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ناتونۇش بىر قىزنىڭ پىغانغا تولغان خەتلىرى كاللامنى گاراڭ قىلىۋەتكەنىدى. قەلبىمدە نەپرەت، ئېچىنىش، تېڭىرقاش، غەزەپ. . . ئىشقىلىپ خىلمۇخىل تۇيغۇلار ئارىلىشىپ داشقايناقتا ئايلىنىپ كەتتى. ئاخىر مەن بىر قارارغا كەلدىم: «بۇ قىزنىڭ خەتلىرىنى شۇ پېتى مەتبۇئاتقا سۇناي. بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى ماڭا بەرگەندىكىن، بۇ مېنىڭ بىر ئەسىرىم بولۇپ قالسۇن! ئەمما بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ قىزنىڭ ئىسمىنىمۇ، خەتتە تىلغا ئېلىنغان ئادەم ئىسىملىرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەي!»

## 1

خالىدە، جېنىم دوستۇم!
ياخشىمۇسەن!

بۇ خەتنى نەدە يازغاندۇ، دەپ قالما. ئىشقىلىپ باشلىقنىڭ قىزىنىڭ شاپائىتى بىلەن شامىل قالغان چوڭ شەھەردە ئەمەس، ھەتتا ئۆز يۇرتۇمنىڭ ناھىيە بازىرىدىمۇ ئەمەس، بەلكى چەت بىر يېزىدا، جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. بۇ يەردە بەزىدە توك بار، بەزىدە توك يوق. توك ئاخشىمى بۇ يەردىكى كىشىلەر قاراڭغۇدىن زېرىكىپ «ۋاي، بولدىلا، ئۇيقۇمىز كەلمىسىمۇ يېتىۋالايلى» دەپ يوتقانغا كىرىشكە مەجبۇر بولغاندا، ئەتىگىنى ئورۇندىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيىپ بولغاندا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزئارا ئەھۋال سوراشقاندا «ئەھۋالىم بىزنىڭ يۇرتنىڭ توكىدەك» دېگەن سۆزنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توك پۇلى شەھەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، تۇرۇپلا ھەر كىلوۋاتى تۆت يۈەنگە، تۇرۇپلا ئالتە يۈەنگە چىقىپ كېتىدۇ. ئېتىز - ئېرىقتا يىل بويى ئىشلىسىمۇ، قولى تۈزۈك پۇل كۆرمەيدىغان دېھقاننىڭ توك چىراغنى ئىشلەتمىكى ئاسان ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، شۇ دېھقاننىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنىڭ

uyghurkitap.com

ھەلەكچىلىكىدە يۈرىدىغان بىزدەك سەھرا ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ دائىم دېگۈدەك شام ياكى جىنچىراغ ئىشلىتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بۇرۇن تۆشۈكلىرىمىزگە تولۇپ كەتكەن «قورۇم»لارنى تازىلاش ئۈچۈن بىرھازا ئاۋارە بولىمىز. بىلمەن، ئەگەر بۇ خەت شامىلنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا (بۇغۇ مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئۆزۈمچە شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلغۇم كېلىپ قالدى)، «خۇداغا شۈكۈر، ئەقلىمنى تېپىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىپتىمەن...» دەپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ كېتىشى، ھەتتا مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمنى زاڭلىق قىلىپ ئاغزىنى قىيسايتىپ كۈلۈشىمۇ مۇمكىن. ئۇ كۈلسە كۈلىۋەرسۇن، مۇشۇ كۈندە ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارايدىغان مەندەك بىر ئادەم ئۈچۈن بىركىمنىڭ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشى ياكى ئىچ ئاغرىتىشى ئانچە بەك تەسىر قىلىپ كەتمەيدۇ.

كېچىلەر ماڭا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنىدۇ. لېكىن مەن يەنىلا شۇ كېچىلەرنىڭ يەنىمۇ ئۇزۇن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى بۇ ئۇيقۇسىز كېچىلەردە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى قايتا - قايتا ئەسلەيمەن، سېغىنىمەن. شۇ ئەسلەش، شۇ سېغىنىش پەيتلىرىدە سەن ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالىدۇ. سېنى سېغىنىمەن، ساڭا كەچۈرمىشلىرىمنى، قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. بىراق خالىدە، سەن يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا.

خالىدە، سەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا راستىنىمۇ ياكى چاقچاق قىلىپمۇ: «شامىل بىلەن قانداق تېپىشىپ قالغانتىڭ؟» دەپ بىرقانچە قېتىم سورىغان، مەن بولسام كۈلۈپلا قويۇش بىلەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرغانىدىم. ئەمدى سۆزلەپ بېرەي، ھەتتا ئايرىلىپ كېتىش جەريانىنىمۇ يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرەي.

تولىمۇ تەستە ئالىي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ياكى كىچىكلىكىمدىنمۇ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزنىڭ تۇنجى يىلى، ماڭا يېقىنچىلىق قىلغان ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمنىڭ نىمە خىيال بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئويلىنىپمۇ باقمىغانىدىم. سەنمۇ، مەنمۇ، باشقا نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمىزمۇ ئالىي مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك ئۇستۇېشىمىز «مەتۇ» ئىدۇق. چوڭ شەھەرنىڭ شارائىتى شۇنداقمۇ، ياكى يانچۇقى توم ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ تەسىرىدىنمۇ قانداق، بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا بىز ئۆزىمىزنىڭ نامرات جايلاردىن كەلگەنلىكىمىزنى، ئائىلىمىزنىڭ بىزنىڭ ئوقۇش راسخوتىمىزغا چىقىش قىلىشىمۇ قىيىنغا چۈشىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتۇق. «كىم بىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلسۇن دەپتىكەن، ئاتا - ئانا دېگەن بىزنى تۇغقانىكەن، ھۆددىمىزدىن چىقىشى كېرەك - دە!» مانا بۇ بىزنىڭ بىر ھايات پەلسەپىمىزگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ «پەلسەپە» نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنى ھالىدىن كەتكۈزدى. بىراق بىز بۇنىڭ بەدىلىگە چىرايلىق كىيىنىپ يۈرەلەيدىغان، قىلچە ئەجىرىمىز سىڭمىگەن، ئاتا - ئانىمىزنىڭ قان - تەرىدىن پۈتۈلگەن پۇللار بىلەن شەنبە - يەكشەنبىلەردە بايۋەچچە - خېنىملاردەك ياشىيالايدىغان بولدۇق. ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمىزدا سۆلەت پەيدا بولدى، قىزلارنىڭ بولسا چىرايى سۇزۇلۇپ چىرايلىقلىشىپ كەتتى. كاتتا شەھەر تۇرمۇشى مەيلى ئوغۇللارنىڭ، مەيلى قىزلارنىڭ بولسۇن، ھېسسىياتلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. شۇ تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئىككىنچى يىللىقا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شامىل تۇنجى قېتىم مۇھەببەت تەكلىپى قويغىنىدا قىلچە ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدۇم. بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر مەزگىل ئارىلىشىپ ئۆتۈشمۇ، ئۆزئارا چۈشىنىشكىمۇ پۇرسەت بولمىدى. مەن ئۇنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى، سۆزمەنلىكىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. يەنە كېلىپ ئۇ ئويۇنغا بەكمۇ بېرىلىپ كەتمەيتتى، سىنىپ بويىچە دەرستە ئالدىدا ئىدى. مەن مېنى دەپ بىرمۇنچە قەرزنى شىللىسىگە ئارتىۋالغان ئاتا - ئانامغا ھەر ئايدا دېگۈدەك پۇل تەلەپ قىلىپ خەت يازىدىغان، «مەكتەپنىڭ تامىقى ئاشقازىنىمنى ئاغرىتىپ قويىدۇ» دەپ، ئىمكان بار سىرتتا تاماق يېيىشكە ھەرىكەت قىلىدىغان بولسامۇ، ئۆگىنىشكە كەلگەندە باشقا قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارقىدا

قىلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا شامىلنى ياقتۇرۇپ قىلىشىم، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشىم تەبىئىي ئىدى.

خالىدە، شامىلنىڭمۇ ئىنكار قىلماسلىقىغا ئىشىنىمەن، بىز تۆت يىلنى ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزگەندۇق. بىز بىللە دەرس تەكرارلايتتۇق، بىللە سەيلە قىلاتتۇق، سىرداشساق پارىڭىمىز تۈگىمەيتتى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ھاياتىمىز توغرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشاتتۇق، ئاجايىپ قالتىس پىلانلارنى تۈزەيتتۇق. مەن شامىل بىلەن بەختلىك ئىدىم، ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويغان چاغلىرىمدا، ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلار مېنى ئەللەيلەيتتى. شامىل مېنى كىملەردىندۇر كۈنلەپ چىرايى ئۆزگەرگەندە، «مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىكەن» دەپ ئويلاپ تېخىمۇ شادلىنىپ كېتەتتىم، دۇنيا مەن ئۈچۈن شۇنچە گۈزەل، ھايات مەن ئۈچۈن شۇنچە سۆيۈملۈك بىلىنەتتى. مۇبادا شامىل تاسادىپەن مەن يازغان مۇشۇ قۇرلارنى كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، قانداق ھېسسىياتتا بولار. ئۇنىڭ قەلبىنى ئازراق بولسىمۇ پۇشايمان تۇيغۇسى ئازابلارمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، مەن نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن - ھە!



ئەسلىدە دۇنيا ئۇنچىۋالا گۈزەل، ھايات ئۇنچىۋالا سۆيۈملۈكمۇ ئەمەسكەن. مەكتەپ پۈتتۈرۈشىمىزگە بىرنەچچە ئاي قالغاندا بىردىنلا شامىلنىڭ مۇئامىلىسى سوغۇقلاشتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغىنىمنى بىلەلمەي تىت - تىت بولدۇم، شامىل بىلەن ئايرىم پاراڭلىششقا شۇنچە ئۇرۇندۇم. لېكىن ئۇ ھەمىشە مېنىڭدىن قېچىپ يۈردى. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ خىيالىمدا نېمىلەر كەچمىدى دەيسەن، خالىدە. مەن پەقەت: «شامىل مېنى كىمدىن كۈنلەپ قالغاندۇ؟ ئۇقۇشماسلىق بولغۇدەك بىرەر ئىش بولدىمۇ يا؟» دېگەنلەرنىلا ئويلايتتىم. چۈنكى ئۇنىڭ كۈندەشلىكى بەك كۈچلۈك ئىدى. نەچچە يىلدىن بۇيان شۇ تۈپەيلى ئۇ نەچچە قېتىم ماي تارتىپ قالغانىدى. بىراق ماي تارتىش ۋاقتى بۇنچە ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. مەن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم بىلەن بولغان مۇئامىلەمنى ئەسلەپ باقتىم، بىراق ھەرقانچە ئەسلىسەممۇ ئۆزۈمگە ئېۋەن قويغۇدەك بىرەر ئىشنى خىيالىمغا كەلتۈرەلمىدىم. «توۋا، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ - دەپ ئويلايتتىم مەن جىلە بولۇپ، - مەن ئاتا - ئانامغا قىلچە تارتىنماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ يۇرتىغا كېتىشكىمۇ رازى بولدۇمغۇ. . . ھەرقانچە خاپىلىقى بولسىمۇ، بۇقىنى چىمدىپ ئۆلتۈرىدىغاندەك قىلىقنى قىلماي، دەيدىغىنىنى ئوچۇق دېسە بولمامدۇ! »

مەن ئەخمەق ئىكەنمەن، تولىمۇ ساددا ئىكەنمەن. مەن شامىلدا باشقا ئويىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، كۆڭلىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشىم تۇيۇقسىز مېنىڭدىن سوراپ قالدى:

- ساجىدە، شامىل بىلەن ئايرىلىپ كەتتىڭلارمۇ؟

- نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرىسەن؟ ! - دېدىم مەن ئۆكۈپ.

- ئەمدى دەيمىنا. . . - ساۋاقدىشىم سەل دۇدۇقلاپ قالدى، - خېلى بولدى، سىلەرنىڭ بىللە يۈرگىنىڭلارنى كۆرمىدىم.

- ئىككىمىزمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئىلمىي ماقالە يېزىش بىلەن ئالدىراشقۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن. . .

مەن گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى ماڭا بۇ گېپىم چاك باسمىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچكىچە چىۋىن يەۋالغاندەك

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم غەش يۇردۇم. مېنى ئاللىقانداق بىر خىل تەشۋىش بېسىۋالغانىدى، كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك قىلاتتى. كاللامدا بىر سوئال چۆرگىلەيتتى:

«ئۇ ساۋاقدىشىم ئەجەب بىر سوئالنى سوراپ قالدى، ئۇنىڭ بىرەر ئىشىنى بىلەمدۇ يا! »

مەن چىدىمىدىم، پەقەتلا چىدىمىدىم، شۇ ئاخشىمى قانداقلا بولسۇن، شامىلنى ئىزدەپ تاپماقچى، كۆز يېشىمنى قار - يامغۇردەك تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدۇم. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوغۇللار ياتاق بىناسىغا قاراپ ماڭدىم.

دوقمۇشقا يېقىنلاشقىنىمدا ئىككىيلەن چىقىپ ئۇدۇل تەرەپكە بۇرۇلدى. مەن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم، لېكىن شۇ زامات ئاغزىمنى ئېتىۋالغىنىمچە قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن كۆزلىرىمنىڭ مېنى ئالداپ قويغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن كۆزلىرىم مېنى ئالدىمىغانىدى: ئۇلارنىڭ بىرى شامىل، يەنە بىرى دوغىلاق كەلگەن بىر قىز ئىدى. بۇ قىزنى مەن چالا - پۇچۇق تونۇيتتىم، ئۇ باشقا فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغان، تەتۈر ئۇستىخان، سەتلا بىرنېمە ئىدى. ئۇ شامىلنى قولتۇقلىۋالغان بولۇپ، چۈڭقۇلداپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى.

مېڭەمگە قان سەلدەك قۇيۇلدى، مەن هازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، پۈتۈن بەدىنىم هالسىزلىنىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا كاللام قۇپقۇرۇق ئىدى. مەن يول بويىدىكى بىر دەرەخكە يۆلىنىپ قالدىم. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلىگەن يىغا كۆزلىرىمنى بىر جۈپ بۇلاققا ئايلاندۇردى. مەن ئەسلىدە «شامىلنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ قانغۇچە يىغلىۋالىمەن» دەپ، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. لېكىن ماڭا دەرەخكە بېشىمنى قويۇپ يىغلاشقا، ھەسرەتلىك ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى ئەمەس، بىر تۈپ ھېسسىياتسىز دەرەخنى ھۆللەشكە توغرا كەلدى. مېنىڭ ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ يىغلىغۇم كەلدى، لېكىن گېلىمدىن ئېسەدىگەن ئاۋازدىن باشقىسى چىقمايتتى. مېنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ شامىلنى قايتۇرۇپ كەلگۈم كەلدى، لېكىن ئاياغلىرىم خۇددى يەرگە مىخلاپ قويۇلغاندەك زادىلا مىدىرلىمايتتى.

دەرەخكە يۆلىنىپ قانچە ۋاقىت تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، يىغلاۋېرىپ ئىچىم سەل بوشاپ قالغاندەك بولدى، نېرۋىلىرىم ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، قۇپقۇرۇق كاللام ئىشلەشكە باشلىدى. شامىلنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرى، بىزنىڭ بىللە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىز يادىمغا كەلدى. «ياق، بەك ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىۋاتىمەن، - دەپ ئويلىدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، - شامىل ئۇنداق ئۈجمە كۆڭۈل يىگىتلەردىن ئەمەس. بەلكىم ھېلىقى پومزەك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغاندۇ. بىلىمەن، ئۇ شامىلنى قولتۇقلاپ، تورغايدەك چۇۋۇرلىغىنى بىلەن، شامىل ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قالمايدۇ. ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنى ئۈزىتىپ قويۇپ ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ. . . » شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. «خەپ، شامىل، ھېلىلا قايتىپ كېلەرسەن. شۇ چاغدا تازا بىر باتناپ، قىلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام! » تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئوي مېنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى.

مەن دەرەخلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ بىر سېمونت ئورۇندۇققا جايلاشتىم. بىراق كۆزۈم شامىل كەتكەن يولدا ئىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بايا ئۆزۈمگە بەرگەن تەسەللىيىم پۇچىلىنىپ بارغانسېرى كىچىكلەپ، كۆڭلۈمگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ۋەھىمە توپى بارغانسېرى يوغىنىماقتا ئىدى. مەن دەم شامىلنى ئاقلاپ ئۆز كۆڭلۈمنى ياسايتتىم، لېكىن كەينىدىنلا تاپ بېسىپ كەلگەن شۈبھىلىك خىياللار شامىلنى قاپقارا رەڭنىڭ ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كېتەتتى، دەم ماڭا مۇھەببىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرى چىراي ئاچاتتى، لېكىن كەينىدىنلا قۇلاق تۈۋىمدە بايىقى قىزنىڭ چۈڭقۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ، ئەسلىمىلەرنى خىيالىمدىن قوغلىۋېتەتتى. يولدىن بىرەر كىشى ئۆتۈپ قالسا، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن قوزغىلىپ بوينۇمنى سوزۇپ قارايتتىم. لېكىن ھەر قېتىملىق قوزغىلىش ماڭا ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىكتىن باشقا نەرسىنى ئېلىپ كەلمەيتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا، يولدا پەيدا بولغان بىر قارىنى كۆرۈپلا، شامىلنىڭ قايتىپ

كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

مەن شامىلنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغىنىمدا، ئۇ «ۋاي!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئارقىغا ئىتتىك داجىغانلىقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇراتتىم.

- ھە، سەنمىدىڭ؟ - دېدى ئۇ سوغۇققىنە، ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى، - يېرىم كېچىدە بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن، ئەرۋاھدەك؟

- بۇ سوئالنى مېنىڭ سېنىڭدىن سورىغىنىم توغرىمىكىن، شامىل، - دېدىم مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ.

- مەندىن؟ ماڭا نېمە بوپتۇ؟ - ھودۇقۇش ئارىلاش تۇتۇلۇق بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈردى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتۇم - دە، تارتقىنىمچە دەرەخلىك ئارىسىغا باشلاپ كىردىم ۋە مەن بىرنەچچە سائەت ئولتۇرۇپ ئۇنى ساقلىغان ھېلىقى ئورۇندۇققا ئىتتىرىپ ئولتۇرغۇزدۇم.

- ئەمدى گەپ قىلغىن، شامىل، - دېدىم مەن تىترەڭگۈ ئاۋازدا، - ساڭا نېمە بولدى؟

- ماڭا نېمە بوپتۇ؟ تۇۋا، ساراڭ بوپتۇمۇ نېمە بۇ!

مېنىڭ باياتىن ئويلىغان يالغاندىن باتناش، كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ يىغلاش، ئارقىدىن يەنە ئەپلىشىپ قېلىش. . . ئويلىرىمنىڭ ھەممىسى غايىب بولدى. ئىچىمدە بىر خىل غەزەپ دولقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ساجىدە، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. ئۇ سەن شۇنچە يىل ئەقىدە قىلغان، ياخشى كۆرگەن يىگىت. بەلكىم ئويلىغانلىرىڭ خاتادۇر» دەپ خىتاب قىلدىم.

مەن شامىلنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇمۇ جىم، مەنمۇ جىم، خېلى ئۇزۇنغىچە شۇنداق ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى، مېنىڭدىن «خاپا بولما» دەپ ئەپۇ سورىشىنى، شۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن كۆڭلۈمدىكى جىمى غەشلىكلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدىم. لېكىن شامىلدىن پۇشۇلداشتىن ئۆزگە ھېچبىر سادا چىقمىدى. مەن يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم، بىراق زادىلا يىغلىيالمىدىم.

- ئىچىمنى سىقماي، نېمىلا گەپ بولسا ئوچۇق دېسەڭچۇ! - ئاخىر يەنىلا مەن ئېغىز ئاچتىم.

- شۇنداق قىلامدۇق ئەمىسە، - شامىل زۇۋانغا كەلدى. يۈرىكىم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئىختىيارسىز ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، يەرگە باقتىم.

- ساجىدە، مەن ئۆرۈمچىدە قالماقچىمەن!

پۇسۇقىدە ئېيتىلغان بۇ سۆز مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. مەن شامىلنىڭ ئاتىسىز يېتىم ئىكەنلىكىنى، ياشانغان ئانىسى ئوغلىنىڭ تېزرەك مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇنچە يىلدىن بېرى شامىل چوقۇم يۇرتىغا قايتىدىغانلىقىنى، ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىش بىر ئوغۇل بالىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچى ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. مەن شامىلدەك بىر ۋاپادار يىگىتنىڭ سۆيگىنى بولغانلىقىمدىن پەخىرلەنگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشكە، ئانىسىنىڭ ياخشى كېلىنى بولۇپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىم. ئەمدى بۇ ۋاپادار ئوغۇلغا نېمە بولغاندۇ؟

- ئەجەب تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قاپسەنغۇ؟ - مەن پەقەت شۇنىلا دېيەلىدىم.

- جىق ئويلىنىپ ئاخىر شۇ قارارغا كەلدىم، - دېدى ئۇ بىر خىل كەسكىنلىك بىلەن، - شۇنچە يىل ئوقۇدۇم، ئوقۇغاندىمۇ ياخشى ئوقۇدۇم. نامراتلىق، نادانلىق قاپلاپ كەتكەن يۇرتۇمغا بارسام، ئۆزۈممۇ، ئۆگەنگەنلىرىممۇ يۇرتۇمنىڭ شورلۇق توپىلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغۇدەك. ياق، مەن چوقۇم بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردە قالمىسام بولمايدۇ!

- شۇنداقمۇ؟ قانداق قالماقچىسەن؟

- يول مېڭىپ. ھازىر بەزى يوللارمۇ چىقىپ قالدى.

- بۈگۈن كەچ سېنى قولتۇقلاپ ماڭغان ھېلىقى بىرنېمە سېنىڭ تاپقان يولۇڭ ئوخشىمامدۇ؟

شامىل بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن ئاۋازىغا قايغۇ تۈسى بېرىشكە تىرىشىپ:

- مېنى كەچۈر، ساجىدە، سەن توغرا پەرەز

قىپسەن، ــ دېدى بوغۇق ئاۋازدا.

ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈرۈپ كېتىپ قالغۇم كەلدى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم. چۈنكى بىزنىڭ ئارىمىزدا تۆت يىللىق مۇھەببەت بار ئىدى. مەن بۇ مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى، شامىلدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايتتىم. مېنىڭ قەلبىمدە شامىل يەنىلا قەدىرلىك ئورۇننى ئىگىلەپ تۇراتتى.

ــ ئۇنداق بولسا مەن قانداق قىلىمەن؟ ــ ئاۋازىم تولىمۇ بىچارىلەرچە چىقىپ كەتتى.

ــ ساجىدە، ھايات دېگەن شۇنداق ئوخشايدۇ،ــ ئاھاڭدىن شامىلنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىقى، بۇرۇنقى سۆزمەنلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى بىلىنىپ قالدى، ــ مەن سېنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئىشەنگىن، سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن. بىزنىڭ بىللە ئۆتكەن گۈزەل چاغلىرىمىز مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدۇ، سېنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭ مەڭگۈ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مەن تېخى يېقىنغىچە ئىككىيلەننى «خۇدا قوشقان بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار» دەپ قاراپ كەلگەن. تەقسىمات يېقىنلاشقانچە ئويلايدىغان، چۈشىنىدىغان ئىشلار كۆپىيىدىكەن. مەن قورقتۇم، ئۆز يۇرتۇمغا كېتىشتىن، نامراتلىق يۇراپ تۇرغان، چاڭ ـ توزان ئۆرلەپ تۇرغان، ئۈستۈبشى ۋەيرانە كىشىلەر بىلەن تولغان ئاشۇ يەرگە قايتىپ بېرىشتىن قورقتۇم. بۇ قورقۇنچ، ۋەھىمە مېنى ئويغاتتى. مەن خۇددى دەريادا ھادىسىگە ئۇچراپ، سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان شال پاخىلىغا نىجاتكارىم، دەپ ئېسىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولدۇم. بىز مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە كۆپ سۆزلەشكەن، مەن ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما ئۇلۇغ مۇھەببەت ئۆزىگە مۇناسىپ شارائىتتىن ئايرىلالمايدىكەن. مۇھەببەت بەلكىم بىر ئۆمۈرلۈكتۇر. لېكىن بىر كىشىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

بۇرۇن شامىل سۆزلىسە مەن ھەۋەس بىلەن ئاڭلايتتىم، ئۇنىڭ مارجاندەك تىزىلغان، بۇلاقنىڭ بۇلدۇقلىشىدەك يېقىملىق سۆزلىرىنى، بىز ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابلاردا تەسۋىرلىنىدىغان بەختلىك تۇرمۇشنى خۇددى ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسىدەك قىلىپ سۈرەتلەشلىرىنى، كىشىلىك ھاياتقا بەرگەن ئورۇنلۇق باھالىرىنى ئاڭلاپ ـ ئاڭلاپ قانمايتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمنى شامىلغا يانداشىپ ئۇچار گىلەمدە ئولتۇرۇپ بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئاق تولپار مىنگەن شاھزادىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا، مەڭگۈلۈك بەخت پارلاپ تۇرغان ئۇپۇققا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قىلىۋاتقان سۆزلىرى ئۇنداق تەسىر قىلمىدى. بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان شامىل ئەمەس، بەلكى باشقا بىرى، دەپ ئويلىغۇم كەلدى. لېكىن بۇ شامىل ئىدى، مەن شۇنچە يىل مەبۇدتەك كۆرۈپ چوقۇنۇپ كەلگەن شامىل ئىدى. «تۇۋا، ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ تېز ئۆزگىرىدىكەن ـ ھە، تۇۋا!»

ــ مەن سېنىڭدىن مەن قانداق قىلىمەن، دەپ سوراۋاتىمەن! ــ ئىختىيارسىز ئاۋازىم قاتتىق چىقىپ كەتتى. شامىل ھودۇققان ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى. ئاندىن يەنە شۇ سۆزمەنلىكىنى باشلىدى.

ــ ساجىدە، سېنىڭمۇ بۇ يەردە قېپقېلىشىڭنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق بولسا، بىز چوقۇم بەختلىك بولغان بولاتتۇق. لېكىن بۇنىڭ يولىنى مەن مېڭىپ بولالمايمەن، مېنىڭ قېپقېلىشىممۇ باشقىلارنىڭ ھىممىتىگە باغلىق. . .

ــ ئۇنداق دېگۈچە، «ساجىدە، بۇ ئىش سېنى قۇربان قىلىشىمغا، ئۆمۈرلۈك ئازابقا قويۇشۇمغا باغلىق» دەپ، راست گەپنى ئېيتساڭلا بولمامدۇ؟!

ــ بىلىمەن، مەن نېمىلا دېگىنىم بىلەن توغرا چۈشەنمەيسەن، ــ شامىل ئۆۋال قىلىنىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، ــ مېنى كەچۈر! ئەسلىدە بىز بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن بىلەلىگەن بولساق ياخشى بولاتتىكەن. ھەي ـ ي، كىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن بىلەلەيدۇ دەيسەن. ئۇ چاغلاردا ئۆزىمىزمۇ، ئەقلىمىزمۇ كىچىك ئىكەن، تولىمۇ نادان ئىكەنمىز. بىز مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغىلا ئىشىنىپ، كىشىلىك

هاياتنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە تۈزۈكرەك ئويلىنىپ باقماپتىكەنمىز.

مەن نىمىدىندۇر يىرگەنگەندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. توغرا، مەن شامىلدىن، ھەدىسە ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە گەپ ساتىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە بىچارە ئانىسىنى بىر ياققا قايرىپ قويىدىغان، ھەدىسە مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە ئاغزى بىسىقماي سۆزلەيدىغان، لېكىن گېزى كەلگەندە ئۇنى قىلچە ئىككىلەنمەي دەپسەندە قىلىدىغان شامىلدىن ئىبارەت چاكىنا ئادەمدىن يىرگەنگەندىم.

مەن كەتمەكچى، شامىلدىن تېزرەك يىراقلاشماقچى بولدۇم. بىراق ئۇنداق قىلالمىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك نەپرەتلەنسەممۇ، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەن بولساممۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىز ئىدىم، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىم. چۈنكى نەچچە ئاي بۇرۇنقى بىر كۆڭۈللۈك كەچتە مەن شامىلنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا، قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئوتلۇق ۋەدىلىرى ئالدىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى تاپشۇرۇۋەتكەنىدىم. شۇ ئىش ئۆتۈپ كېتىپ، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغان، ھاياتىمدا زادىلا يۈز بېرىپ باقمىغان ھاياجان دولقۇنى بېسىققاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ بوشاڭلىقىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلىغان بولساممۇ، يەنىلا شامىلغا بولغان ئىشەنچىمدىن تەسەللى تاپقانىدىم. ئەمدى مەن شۇنچە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدىم. شۇڭا مېنىڭ شامىلغا يالۋۇرۇشىمغا توغرا كېلەتتى.

- بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنداق ئاخىرلىشامدۇ؟ - دېدىم مەن ئىڭرىغاندەك بىر خىل ئېچىنىشلىق ئاھاڭدا.

- ساجىدە، شۇ تاپتا مېنىڭ نەقەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىمغا ئىشەنگىن، راست، مەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن. لېكىن مەن جىق ئويلىنىپ، بۇنداق قىلىش ھەر ئىككىمىزگە ياخشى دېگەن يەرگە كەلدىم. مېنى كەچۈر، ساجىدە، مېنى، مېنىڭ كەلگۈسىمنى ئويلاپ قوي.

- ماقۇل، مەن سېنى، سېنىڭ كەلگۈسىڭنى ئويلاپ قوياي، - دېدىم مەن زەردە بىلەن، - سەنچۇ، سەن مېنى، مېنىڭ تەقدىرىمنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

- ساڭىمۇ خۇدايىم بېرەر.

- خۇدايىم بېرەر؟ ماڭا خۇدايىمنىڭ بەرگىنىنى، دەپسەندە قىلىپ بولدۇڭ، ئۇ يەنە نېمىنى بەرگۈدەك؟ تۆت يىللىق مۇھەببەتنىمۇ خازان قىلماقچى بوپسەن، ساڭا بولغان ئەقىدەم بىلەنمۇ كارىڭ يوقكەن، بۇنىڭغىمۇ مەيلى دەي. بىراق سەندە ئازراق بولسىمۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوقمۇ؟ شۇ چاغدا سەن ماڭا نېمىلەرنى دېمىگەنىدىڭ؟ دۇنيادىكى جىمى ئۇلۇغ نەرسىلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭ؟

- ۋاي - ۋۇي، قايناپلا كەتتىڭغۇ! - شامىل يۈزسىزلىك بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈردى، - بۇرۇنقى زاماندا ياشاۋاتقان كىشىدەك بۇ ئىشقا شۇنچە ئەستايىدىل بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ مېنى كەچۈر، دېدىمغۇ ساڭا! يەنە نېمە قىلىپ بېرسەم بولاتتى ئەمدى!

شامىلنىڭ يۈزىگە چاڭگىدە تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈگىگەن بولدى. مەن دەرەخلىكتىن ئېتىلىپ چىققىنىمچە ياتاق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۇم. كۆز ياشلىرىم يۈزۈمنى يۇماقتا. ئاغزىم پەقەت «پەسكەش» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى. شۇنداق، ئۇ بۇرۇنقى شامىل، مەن سۆيگەن ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، پەسكەشلىكتىن يىرگىنىدىغان شامىل ئەمەس ئىدى. ئۇ تۇنجى مۇھەببىتىنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلغان بىر پاك قىزنىڭ ئەقىدىسىنى دەپسەندە قىلغان، ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى پەسكەشلىك بىلەن قوبۇل قىلىش بەدىلىگە ئورۇمچىدە قېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان بىر رەزىل ئىنسان ئىدى!

## 2

خالىدە!

مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە بىرنەچچە ئاي قالغاندا نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ «مەخپىي ھەرىكەت» كە ئۆتكەنلىكى ساڭىمۇ، ماڭىمۇ ئېنىق

ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۆز يۇرتىغا كەتكۈسى يوق، يول تېپىپ ئۇرۇمچىدە قالغۇسى بار ئىدى. ئوقۇشقا كېلىپ بىرەر يىلغىچە بۇ شەھەرگە كۆنەلمەي يۇرتىمىزنى، ئاتا - ئانىمىزنى سېغىنىپ ياش تۆككەنلىرىمىز ئېسىڭدىدۇر. بىراق بىرەر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا دەسلەپكى چاغلاردا سۆرۈن كۆرۈنگەن قىشى ئۇزۇن، ياز پەسلى تولىمۇ قىسقا بۇ مەركىزىي شەھەر بىزنى شۇقەدەر كۆندۈرۈۋالغان ئىدىكى، تەتىل مەزگىللىرىدە ئۆيىمىزگە بارساق، تەتىلنىڭ تېزرەك توشۇشىنى، ئۇچۇپ دېگۈدەك ئۇرۇمچىگە قايتىپ بېرىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندۇق. غەرب كىنولىرىدىكى باياشاد، مەدەنىي تۇرمۇشقا سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، ئۇرۇمچىنىڭ بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان تۇرمۇش شارائىتى، ئەركىن - ئازادە ھايات مۇھىتى بىزنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. بۇ يەردە بىركىم بىلەن بىركىمنىڭ ئانچە كارى يوق، بىرەر - ئىككى ئېغىز گەپ نېرى - بېرى بولۇپ كەتسىمۇ، بىزنىڭ يۇرتلاردىكىدەك ئېسىلىۋالىدىغان ئىشلار يوق، كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىسىدىمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان خۇشامەت تەمەسى ئانچە قويۇق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ نەزەرىمىزدە ئۇرۇمچى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشىنىڭ ياخشى سورۇنى ئىدى. ئىشقىلىپ بىز ئۇرۇمچىنى «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ماكانى» دەپ قارايتتۇق. شۇ تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئۇرۇمچىدە قېپقېلىش نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈرەش قىلىش نىشانى بولۇپ قالغانىدى.

بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، بەش يىل بىر ياتاقتا يېتىپ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن ياتاقداشلارمۇ بىر - بىرىدىن سىر يوشۇرىدىغان بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار شۇنداق قىزغانچۇق، ئىچى يامان بولۇپ كېتەتتىكى، بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن گەپ تارقىتىشتىن يانمايتتى. شۇنداق سىرلىق بولۇپ كېتەتتىكى، ئەڭ يېقىن دوستلارمۇ مېڭىۋاتقان يولىنى بىر - بىرىدىن سىر تۇتۇپ ساقلايتتى. «بۇ مەيىنەت يۇرتتا نېمە بار، - دەيتتى ئۇلار بىر - بىرىگە، - ئۆزىنىڭ يۇرتىدەك جاي بارمۇ بۇ دۇنيادا! شۇنچە يىلنى تەستە ئۆتكۈزدۇق، ئەمدى يۇرتى يوق ئادەمدەك يەنە مۇساپىر بولۇپ يۇرسەك قانداق بولىدۇ؟ كېتەيلى ئاداش، ئۆز يۇرتىمىزغا، ئاتا - ئانىمىزنىڭ قېشىغا تېزرەك كېتىۋالايلى...» بۇ سۆزلەرنى كىملا ئېيتسۇن، ئاڭلىغۇچى چوقۇم تەستىقلايتتى. ئەمما كۆڭلىدە سۆزلىگۈچىنىڭ گېپىنىڭ راست بولۇشىنى، ئۇنىڭ شۇ گېپىگە ئەمەل قىلىپ ئۆز يۇرتىغا كېتىشىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدە قېلىش كويىدا يۈرگەنلەردىن بىرى بولسىمۇ ئازىيىشىنى تىلەيتتى...

«بۇ شەھەردە بەش يىلنى تەستە توشقۇزدۇق، خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى قۇتۇلىدىغان، ئاتا يۇرتىمىزغا كېتىۋالىدىغان بولدۇق» دېگەن سۆزلەر بولۇناتتى. لېكىن ھەربىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل قىزغىنىش قاپلىغان بولۇپ، ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا كېتىشىنى، ئۆزىنىڭلا بۇ شەھەردە قېپقېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھېلىقى سۆزلەر بولۇنغاندا «راست دەيسەن»، «ئۇنى بىر دېمە» دېگەن سۆزلەرنى قىلىشسىمۇ، كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنى ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

خالىدە، مەنمۇ «ئۇرۇمچىدە قالغان بولسام ياخشى بولاتتى» دەپ ئارزۇ قىلغان. لېكىن شامىل ئۈچۈن بۇ خىيالىمدىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كەچكەنىدىم. مۇھەببەت دېگەن ئاجايىپ ھېسسىياتكەن دېگىنە! مۇھەببەت ئۈچۈن بەزىدە ئاتا - ئاناڭدىنمۇ، كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يۇرتۇڭدىنمۇ كېچىدىكەنسەن. لېكىن مەن شامىلنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىش ئۈچۈن مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. «توۋا، مۇھەببەت دېگەن بەزى كىشىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەرزىمەس نەرسىمىدۇ؟!»

ئاشۇ كېچە مېنىڭ ئەقىدەمنى ۋەيران قىلدى. ئاشۇ كېچە مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى قانغا بويىۋەتتى. مەن نەچچە كۈنلەرگىچە قويغان - پۈتكىنىمنى بىلەلمىگەن ھالدا خاموش يۈردۈم، پىنھان جايلارنى تېپىپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم، شامىلنىڭ «خاتا قىپتىمەن، ساجىدە، مېنى

كەچۈر» دەپ كېلىشنى، بىزنىڭ قايتىدىن ئەپلىشىپ قېلىشىمىزنى، شامىلنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇنىڭ يالغۇز ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئۈمىد قىلدىم. لېكىن ئۇ كەلمىدى، بەزىدە ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ قالاتتىم. ئۇ مېنى كۆرگەن ھامان ئۈركىگەن قۇشتەك پۇرردە ئۇچۇپ كېتەتتى.

يۈرىكىمدىكى جاراھەت مېنى قاتتىق قىينىدى، ھەسرەت غەزەپكە ئايلاندى. مەن بىر ئامال قىلىپ ئۈرۈمچىدە قېلىپ، مەھرۇم بولغان مۇھەببەتكە قايتا ئېرىشىش نىيىتىگە كەلدىم. بىراق بۇ يۇرتتا يا مېنىڭ بىرەر كاتتا تۇغقىنىم ياكى تونۇشۇم بولمىسا، قانداق قالىمەن؟ شامىلغۇ ئۆزىگە ئارقا تىرەك بولغۇدەك يۆلىكى بار بىر قىزغا يالغان مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ مەقسىتىگە يەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن مېنىڭ ئەنە شۇنداق شارائىتقا ئىگە بىر يىگىتنى تاپالىشىم مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ شۇنچە يىلدىن بېرى ساپ، چىن مۇھەببەتكە ئەقىدە قىلىپ كەلگەن، بىرەيلەنگە ھەقىقىي كۆڭۈل بەرگەن مېنىڭدەك بىر قىزنىڭ ئۇنداق يولنى تاللىشى مۇمكىنمۇ؟!

خالىدە، جېنىم خالىدە، شۇ چاغلاردا مەن ئېغىر كۈندە، قاتتىق ئازابتا قالغانىدىم. سەن «نېمە بولدۇڭ، ساجىدە؟» دەپ نەچچە - نەچچە قېتىملاپ سورىدىڭ. لېكىن مەن ساڭا «ھېچنېمە» دېگەندىن باشقا سۆزنى قىلمىدىم. راستىنى ئېيتسام، مېنىڭ بىركىمگە شامىلنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بەرگۈم يوق ئىدى، يەنىلا «شامىل قايتىپ كېلىدۇ» دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ماڭا قارىغاندا بەختلىك ئىدىڭ. سەن بىر يۇرتلۇق يىگىتىڭ سابىر ئىككىڭلار خاتىرجەم ئۆز يۇرتۇڭلارغا كېتىش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرۇۋاتاتتىڭلار. مۇھەببەت دېگەن يۇرت تاللىمايدۇ. لېكىن بىزنىڭ شارائىتىمىزدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلاپ كۆرمىسە بولمايدىغانلىقى ئايان بولۇپ قالدى. چۈنكى قەيەردە خىزمەت قىلىش ئۆز ئىختىيارىدا بولمىغانلىقتىن، ئالىي مەكتەپتە بىر ئوبدان يۈرۈپ، تەقسىمات تۈپەيلىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدىغانلار، ئىككى ياقتا بۆلۈنۈپ قېلىپ يىللاپ - يىللاپ بىر يەرگە جەم بولالماي يۈرگەنلەر ئاز ئەمەسقۇ! لېكىن ئەنە شۇ ئايرىلىپ يۈرگەنلەر ئىچىدە مۇھەببىتى ئۈچۈن جاپا تارتىپ، مۇھەببىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئاخىر ۋىسالىغا يېتىشكەنلەر، شۇ جەرياندا مۇھەببىتىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن، مۇھەببەت ئوتىنى لاۋۇلداتقانلارمۇ بارغۇ!

شۇلارنى ئويلىغىنىمدا شامىلدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ كېتەتتىم. لېكىن بۇ نەپرەت مېنىڭ قەلبىمدىكى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى يۇيۇۋېتەلمەيتتى. مەن شامىلنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن شېرىن چاغلارنى، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان ئارزۇلارنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم. شۇلار خىيالىمغا كەلگەندە: «شامىل ئازدى، ئۇنى يېنىمغا يەنە قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك. ئۇ يەنىلا مېنى سۆيىدۇ، ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ» دەپ ئويلايتتىم.

ئەمدى مەن ھېلىقى ساۋاقداشلىرىمنىڭ «مەخپىي ھەرىكەت» سېپىگە قوشۇلۇپ، يول مېڭىشقا باشلىدىم.

بۇ يول ھەقىقەتەن قىيىن ۋە ئەگرى - توقاي ئىكەن. بۇ يولدا ماڭغان ھەربىرىمىز يۇرتىمىزدىن ئۈرۈمچىدە ئەمەل تۇتقان، تەسىرى بار، يولى بار كىشىلەرنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈمىد ۋە ئەندىشە ئىچىدە نۇرغۇن پەلەمپەيلەرگە دەسسەيمىز، بوسۇغىلارغا دوقۇرىمىز. بۇ خاتىرجەمسىزلىكتە ئۆرتەنگەن ئاجايىپ كۈنلەر ئىدى. بەزىدە ئادەمنىڭ «نېمە بولسا بولمامدۇ، بۇ كۈنگە قېلىۋاتقان مەن بىرلا ئادەممىدىم. قالغىنىنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم. . .» دەپ ئۆزىنى بىپەرۋالىققا سالغۇسى كېلەتتى. لېكىن بۇنداق ھالەت بەش مىنۇتمۇ داۋاملىشالمايتتى. يەنە شۇ ئەندىشە ۋە ئۈمىدسىزلىك يۈرەكنى مۇجۇيتتى. يەنە شۇ تۈگىمەس خىياللار كاللىنى گاراڭ قىلاتتى. ئادەمنىڭ يا ياتاقتا، يا سىنىپتا ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى. يەنە شۇ مەخپىي يورغىلاشلار. . .

بۇ كۈنلەردە «مەن ياخشى ئوقۇدۇم، ماڭا ئورۇن بېرىلىدۇ» دېگەن ئىشەنچكە ئورۇن يوق ئىدى. ئالدىنقى يىللاردا مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ياخشى ئوقۇغان، ئەمما يول تاپالمىغانلىقتىن يۇرتىغا كېتىشكە مەجبۇر

www.uyghurkitap.com

بولغانلار، 60 نومۇرنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىپ تۈزۈكرەك ئوقۇمىغانلار يول تېپىپ ئۈرۈمچىدە، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن كەسپىگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، يەنىلا ئورۇنلىشىپ يوغان گەپ قىلىپ يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، مەسىلىنى پەقەت يول تېپىشتىن ئىبارەت بىرلا ئىمكانىيەت ھەل قىلاتتى. لېكىن بۇ يول خۇددى بالىلار ئويۇنلىرىدىكى سىرلىق سارايغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزگىچە يېرى، بۇ سىرلىق سارايغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپ ئىدى. سىرلىق ساراي ئىچىدە ئۇياققا يۈگۈرسىز، بۇياققا يۈگۈرسىز، قاياققىلا بارسىڭىز ئۇ بىر خالتا كوچا بولۇپ چىقىدۇ. تەلىيىڭىز بولسا، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، تەرلەپ - پىشىپ مىڭ بىر جاپادا سارايىنىڭ چىقىش ئىشىكىنى تاپىسىز. لېكىن سىز چىقىش ئىشىكىنى تېپىپ، خۇشاللىقتىن يۈرىكىڭىز يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەندە، تويۇقسىز ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر رېئاللىقنى بايقايسىز: سارايىنىڭ چىقىش ئىشىكى بىر بىپايان قاقاس چۆللۈككە تۇتاشقان! شۇنىڭ بىلەن سىز ماغدۇرسىزلانغان ھالدا ئەلەملىك ياشلىرىڭىزنى تۆكىسىز...

شۇنداق، بۇنداق سىرلىق سارايلارنىڭ ئىچىدە چىقىش ئىشىكى چىمەنلىككە تۇتاشقانلىرى تولىمۇ ئاز بولىدۇ. قىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىز سارايدىن چىقىپ چىمەنلىككە قەدەم قويۇش ئۈمىدىدە بولغىنىمىزدا، چىمەنلىكنىڭ خوجايىنى بىزدىن كىرىش بېلىتى ئۈچۈن ھەق تۆلەش لازىملىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەگەر بۇ ھەق ھازىر كىشىلەرنى يوغىنىتىۋاتقان ياكى كىچىكلىتىۋاتقان ھېلىقى رەسىملىك قەغەزلەر بىلەنلا تامام بولغان بولسا مەيلىدى، چۈنكى بىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىق گۇناھى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپايىمىزنى تارتىشقا مەھكۇم بولغان ئاتا - ئانىمىز ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ، ئۆمۈرلۈك قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ، بىزگە بۇ چىمەنلىكنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بېرىشكە مەجبۇر. لېكىن بەزىدە ئىش ئاتا - ئانىمىزنى قىيناش بىلەنلا تۈگىمەيتتى.

بىر ئاي يول يۈرۈپ بىر «سىرلىق ساراي» نى تاپتىم. سارايىنىڭ ئىگىسى ئۆزى قاملاشقان، سالاپەتلىك، پېنسىيە يېشىغا بىرنەچچە يىل قالغان بىر كىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەھۋالىم تونۇشتۇرۇلغان تەۋسىيە قەغىزىنى قويغىنىمدا، ئۇ تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۈستىلىدە تۇرغان كۆزەينىكىنىمۇ تاقىماي مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتكىنىگە قاراپ، مېنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى.

ئۇ دەسلەپتە ماڭا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغانىدى. كېيىن، ئۇ تەۋسىيە قەغىزىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، ماڭا قايتىدىن سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ تېگى خالتىلاشقان، قىل تومۇرلىرىغا قىزىللىق تولغان كۆزلىرىنىڭ تىكىلىپ قارىشى ئادەمنى ئىختىيارسىز يەرگە قارىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. مېنىڭچە، بۇ ياشتىكى، يەنە كېلىپ بۇنداق سالاپەتلىك بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ بالىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر قىزغا بۇنداق قاراش زادىلا ياراشمايتتى. مەن ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا ھىم يېپىلغان ئىشىككە ئىختىيارسىز قاراپ قويدۇم.

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۇ كېكىردىكىنى قىرىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— خوش، نېمىشقا يۇرتىڭىزغا كەتمەي، ئۈرۈمچىدە قالماقچى بولدىڭىز؟

مەن تەمتىرىگىنىمدىن دەماللىققا سۆزۈمنى تاپالماي قالدىم.

— مەن... مەن...، ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ — دېدىم مەن كۆزۈمنى يەردىن ئۈزمەي، — ئالىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان، يۇرتقا بارسام كۆمۈلۈپ قالارمەنمىكىن دەپ...

— شۇنداق، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ماۋۇ قەغەزدىن قارىغاندا، يامان ئەمەس ئوقۇپتىكەنسىز. قولۇمدىن كەلمەيدۇ، دېگىنىم ئەمەس، لېكىن ئۈرۈمچىدە قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىش ئاسان ئەمەس.

ئۇنىڭ سۆزى ياندۇرغان ئۈمىد ئۇچقۇنى كۆڭلۈمنى پاللىدە يورۇتقاندەك بولدى. مەن ئالدىراپ سۆزلىدىم:

— قولىڭىزدىن كېلىدىغان بولسا، بىر ياخشىلىق قىلىپ قويۇڭ، ئاكا! ئەگەر ئۈرۈمچىدە قېپقالالايدىغان بولسام، مەنمۇ سىزنى لايىقىدا رازى قىلىشقا تەييار!

— راستمۇ؟ — «سىرلىق ساراي» نىڭ

خوجايىنى ئاۋازىنى بىر خىل ئىنچىكە چىقىرىپ كۈلۈپ كەتتى، — ئەمىسە ئىپادىڭىزگە قاراپ بىرنېمە دېيىشەيلى، قانداق دېدىم؟

ئۇنىڭ غەلىتە قاراشلىرى، چىرقىراق كۈلكىسى ماڭا ياقمىغان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا مەجبۇر ئىدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن گەپنى ئۇچۇق قىلدى، ئۇ «ئىپادەم» گە قارايدىكەن. مېنى بەش يىل ئوقۇتۇش جەريانىدا شىللىسىگە بىرمۇنچە قەرزنى ئارتىۋالغان ئاتا - ئانام يەنە بىرئاز قەرز بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەن ئۈرۈمچىدە قالساملا بولدى. ئۇ چاغدا ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى يەنە قېشىمغا ياندۇرۇپ كېلەلەيمەن!

— ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدىم مەن دادىللىشىپ، — چوقۇم دېگىنىڭىزنى ئورۇندايمەن!

— بولىدۇ، مەن ھەرىكەت قىلىپ باقاي، — دېدى ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ، — ئەتە كەچ سائەت يەتتىدە «پەرۋانە» رېستورانىغا كېلىڭ، شۇ يەردە تەپسىلىي سۆزلىشەيلى!

مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن خۇشال چىقتىم، ئەمما سىرتقا چىقىپ مېنى غەم باستى. چۈنكى ئۇ رېستورانغا بېرىشنى ئېيتقانىكەن، ئۇنى مېھمان قىلىشىم كېرەك، دېگەن گەپ. بۇنىڭغا پۇل نەدە؟

مېنىڭ روھىم چۈشۈپ كەتتى. يا بىر يېقىن تۇغقىنىم بولمىسا بۇ شەھەردە، رېستوراندا خەجلىگۇدەك پۇلنى نەدىنمۇ تېپىشىم مۇمكىن؟ بىردىنلا سەن يادىمغا كەلدىڭ. ئالدىنقى كۈنىلا ئائىلەڭدىن 300 يۈەن پۇل كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن سېنى ئىزدىدىم. ئۇ كۈنى نەگە كېتىۋىدىڭكىن، پۈتۈن مەكتەپنى قېدىرىپ سېنى تاپالمىدىم. كەچ بولغاندا سەن پەيدا بولدۇڭ. مەن پۇل سورىغىنىمدا، مېنىڭ نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىمنىمۇ سورىماي، دەرھال چىقىرىپ بەردىڭ. مەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىم. «ھەرھالدا دەسلەپكى يولنى ئوڭۇشلۇق باسىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم مەن. بىراق قەرزنى قاچان، قانداق قايتۇرۇش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

مەن بىر كېچە تۈزۈك ئۇخلىماي، شېرىن خىياللار بىلەن كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

مەن «سىرلىق ساراي» نىڭ خوجايىنىدا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئاددىي - ساددا، ئەمما يارىشىملىق كىيىنىپ رېستورانغا باردىم.

ئۇ مېنى سىرتتا ساقلاپ تۇرغانىكەن. شالاڭ چاچلىرىنى بويىۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، قىممەت باھالىق كاستۇم - بۇرۇلكىسى ۋە رەڭدار گالستۇكى ئېگىز بويىغا ياراشقان، گۆپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرغان بۇ سالاپەتلىك كىشىنى كۆرگىنىمدە تەمتىرەپ قالدىم.

— كەلدىڭىزمۇ؟ ياخشى، قېنى، يۈرۈڭ!

ئۇ مېنى باشلاپ بىر خاسخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ:

— خانىملار، يىگىتلەر، يېڭى مېھماننى قارشى ئېلىڭلار! — دېدى.

مەن ھودۇقۇپ كەتكىنىمدىن ئىختىيارسىز ئارقىمغا داجىدىم. خاسخانىدا يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان، پۇزۇر كىيىنىشىۋالغان، ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان ئۈچ چوكان، خوجايىن بىلەن تەڭ دېمەتلىك دېگۇدەك كېلىدىغان، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا «يىگىت» لەردىن ئۈچى ئولتۇراتتى.

— تارتىنماڭ، كىرىۋېرىڭ!

دۈمبەمگە تەگكەن يات قولدىن ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم. مەن بۇ قولدىن ئۆزۈمنى قاچۇرماقچى بولدۇممۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا خاسخانىغا كىرىپ قالدىم. «يىگىت» لەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «كېلىڭ، كېلىڭ!» دېيىشىپ كەتتى، ئاياللار ئورۇنلىرىدىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ قويۇشۇپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا: «ياخشىمۇسىز» دېيىشىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئېغىزلىرىنى ئۈچلىشىپ قويۇشتى. مەن شۇ ھامان چۈشەندىمكى، ئارىدىكى ياش پەرقى ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

سورۇندىكىلەر جۈپ - جۈپ بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەر - خوتۇندەك قىلمايتتى. «سىرلىق ساراي» نىڭ خوجايىنى مېنىڭ يېنىمغا جايلاشقاندا مېنى قورۇنۇش تۇيغۇسى باستى. لېكىن مەن ھېسسىياتىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم.

داستىخان تارتىلغاندا مېنى يەنە بىر ۋەھىمە باستى. كەينى - كەينىدىن چىقىۋاتقان تاماق ۋە

قورۇملار ئۈستەلگە پاتماي، كۆرۈمسىز بىر پەرامىدانى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. سىينىڭدىن ئالغان پۇل بۇ داستىخاننىڭ ھېچ يېرىگە دال بولمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن تېخى «خوجايىن» بىرلا ئادەم بولغاندىكىن، يەيدىغىنى ۋە ئىچىدىغىنى تايىنلىقلا بولار، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ يەنە ئالتە ئادەمنى چاقىرىۋېلىشىنى نەدىن بىلەي!

«خوجايىن» مېنى ھەدەپ تاماققا زورلايتتى، لېكىن گېلىمدىن بىرنېمە ئۆتمەيدىغان! پۈتۈن خىيالىم مېھمان ئۈزىغاندىن كېيىنكى ھېساباتتا قالغانىدى.

— قورۇنماي ئالسىڭىزچۇ! — دېدى «خوجايىن» تەخسەمگە بىر پارچە توخۇ كاۋىپىنى سېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاغزىنى قولىقىمغا يېقىن ئەكېلىپ پىچىرلىدى، — بىلىۋاتىمەن، ھېسابنى قانداق ئۈزەرمەن، دەپ غەم قىلىۋاتىسىز - ھە؟ خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭ، بىز سىلەردەك نامرات ئوقۇغۇچىلارغا چىقىم قىلدۇرىدىغان چوپەي ئادەملەردىن ئەمەس. قورقماڭ، چىقىم بىز ئەرلەردىن بولىدۇ.

خىيالىمدىكىنى بىلىۋالغىنىدىن ئىزا تارتقان بولساممۇ، كېيىنكى گېپىگە قاراپ «يامان ئەمەس ئادەم ئوخشايدۇ، ئۆزۈم ئارتۇقچە ئويلىنىپ كېتىپتىمەن» دەپ قالدىم ۋە يېنىك تىن ئېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدۇم.

ئىچىملىك ئىچىش باشلاندى. «خوجايىن» ساقىي ئىدى. ئۇ بىر رومكىغا ئاق ھاراقنى، ئاندىن بىر ئىستاكاننىڭ يېرىمىغا كەلتۈرۈپ قىزىل ھاراقنى قۇيدى.

— ئەمىسە، ئولتۇرۇشىمىز رەسمىي باشلاندى. ئالدى بىلەن سورۇندىكىلەرنى تونۇشتۇرۇۋېتەي. . .

پاكار، دوغىلاق، خۇددى ئېگىكىنى قورسىقىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تىرەپ ئولتۇرغاندەكلا كۆرۈنىدىغان بىرى خىرىلداپ سۆز قاتتى:

— يائاللا، ھېلىمۇ تونۇشتۇرمىدىڭ، خۇددى بىزدىن كۈنلەۋاتقاندەك!

خاسخانا قاتتىق كۈلكىدىن تىترەپ كەتتى. يۈزۈم ئوت ئالدى، مەن بۇ ھاياسىز دوغىلاققا تازا بىر ئالايماقچى بولدۇمىيۇ، بىشىمنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.

— ھوي، ئۆزۈڭنى بىردەم بېسىۋالساڭچۇ! — دېدى «خوجايىن» كايىغاندەك ئاھاڭدا، — يېڭى مېھمانىنى خىجىل قىلىپ قويدۇڭ، مانا! . . . ھە، بۇ قىز ئىسمى ساجىدە، ئالىي مەكتەپنى بۇ يىل پۈتتۈردى. ساجىدە، ئەمدى بۇلارنى سىزگە تونۇشتۇرۇۋېتەي.

تونۇشتۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، «خوجايىن» ئىستاكاننى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ:

— قېنى، ئېلىڭ، ساجىدە، ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتۈشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىككىيلەن كۆتۈرۈۋېتەيلى!

— مەن. . . مەن. . . بۇنداق نەرسىنى ئىچىپ باقمىغان.

«خوجايىن» چىرايى ئۆڭگەندەك بولۇپ، ماڭا تىكىلىپ قاراپ قالدى. شۇ چاغدا ئاياللاردىن بىرىنىڭ: «ۋىيەي، ئىچمەيدىغان ئادەم سورۇنغا نېمىشقا كەلگەندۇ؟!» دەپ غودۇڭشىغىنى ئاڭلاندى.

— بۇ ئىشىڭىز قاملاشمىدى، — دېدى «خوجايىن»، — بۇ يەردە ئولتۇرغانلار باشقىچە ئويلاپ قالىدىغانلار ئەمەس. ئىچىملىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەدەنىيەت ئەمەسمۇ! ئالىي مەكتەپ قىزلىرى ئۇنچە مەستۇرە بولۇپ كەتسە قاملاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نى - نى چوڭ ئىشلار مۇشۇنداق ئىچىملىك سورۇنىدا پۈتىدۇ. قېنى، ئېلىڭ!



خالىدە، ھازىر كىشىلەر ئالىي مەكتەپ قىزلىرىنى شۇنداق ئويۇنچى دەپ قارىشىدۇ. توغرا، ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىززەت - نەپسىنى ساقلىماي رېستورانمۇ رېستوران، مېھمانخانىمۇ مېھمانخانا قاتنىشىپ يۈرگەن، ئىچىشتىمۇ، چېكىشتىمۇ بار قىزلار يوق ئەمەس. ئۇلار ئاز ساندا بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپ قىزلىرىنىڭ نامىنى سېستىشقا كەلگەندە يېتىپ ئاشىدۇ.

- مەن راستىلا ئىچىپ باقمىغان، - دېدىم مەن يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا، - مېنى زورلىمىسىڭىز بوپتىكەن.

«خوجايىن» نىڭ تىكىلىپ قارىشى بىلەن ئىستاكاننىڭ قولۇمغا قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدىم. ئۇ رومكىسىنى ئىستاكانغا جاڭگىدە ئۇردى - دە، گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. مەن ئۇيان - بۇيانغا بىچارىلەرچە قارىدىم، كۆزلىرىمگە ياش تولدى. بىراق ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا يول قويىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىر مەن ئىستاكاننى لېۋىمگە تەگكۈزدۈم...

بىرىنچى ئىستاكان ھاراق بىلەن بېشىم پىرىردە قېيىپ ئالدىنقىداق بولۇپ قالغان، ئەمدى ھەرگىز ئىچمەيمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەن بولساممۇ، زورلاشلارنى رەت قىلالمىدىم. مەن ئۆرۈمچىدە قېپقېلىش، مېنىڭدىن يىراقلاشقان يىگىتىمنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن بۇ ئازابقا چىدىشىم كېرەك ئىدى.

دەسلەپتە شۇنچە قاڭسىق پۇرىغان تاماكا ۋە ھاراقنىڭ ھىدى ئەمدى پۇرىماس بولدى. بېشىم ئىختىيارسىز يەسكە ساڭگىلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن غەيرەت قىلماقچى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرماقچى بولاتتىم، لېكىن بېشىم مېنىڭ ئىختىيارىمغا بويسۇنمايتتى. مەن پەقەت بۇ ئولتۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىشىنى، «خوجايىن» نىڭ مېنىڭ ئىشىم توغرۇلۇق ئېنىقراق جاۋاب بېرىۋېتىشىنى، تېزرەك ياتاققا بېرىۋېلىشنىلا ئويلايتتىم. لېكىن سورۇن ھېلىتىن ئاخىرلىشىدىغاندەك قىلمايتتى. ئەپسانە چاقچاقلار، ئاۋۇ ئۈچ جۈپ ئەر - ئاياللارنىڭ ئالدىنقىداق ھەرىكەتلىرى، پىچىرلىشىشلىرى، نازلىق ئىڭراشلار مېنىڭ ئېڭىمدا خىرە - شىرە ئەكس ئېتىپ، ۋۇجۇدۇمنى شۈركەندۈرەتتى. لېكىن مېنىڭ يەنىلا چىداپ ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

- ئەمدى ئىچمەڭ، بىزمۇ زورلىمايلى، - دەپ پىچىرلىدى «خوجايىن» بىر چاغدا، - ئىچىپ باقمىغىنىڭىزغا ئىشەندىم. ئەمما ئاستا - ئاستا ئىچىدىغان بولۇپ قالىسىز. تانسا ئوينايلى، ھەرىكەت قىلسىڭىز يەڭگىللىشىپ قالىسىز.

ئۇنىڭ رايىغا باقتىم، ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بىر - ئىككى پىرقىراشتىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ھەدەپ چىڭ قۇچاقلاۋاتقانلىقىنى، مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشتىم، ئەمما ئۇ بەدىنىمنى ماڭا چاپلاشقا ئۇرۇناتتى. خۇداغا شۈكۈر، مۇزىكا توختاپ قالدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ باشقا ئەر كىشىلەرگە قاراپ كۆز قىسقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ كۆزلەردە ھاياسىزلىق، شەھۋەتخورلۇق ئۇچقۇنلىرى ئويناپ تۇراتتى. مېنى يەنە قورقۇنچ باستى.

ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەكلىپىنى بېشىمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ چىرايلىق رەت قىلدىم. لېكىن ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە رەت قىلىشقا بولمىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى بايىقىدىنمۇ ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەدەپ قۇلىقىمغا پىچىرلايتتى:

- كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇپ ئويناۋېرىڭ، بۇندىن كېيىن پات - پات مۇشۇنداق ئويناپ تۇرىمىز تېخى! ئىشىڭىزنى ھەل قىلىمەن، چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىمەن...

مەن ئۆزۈمنى قاچۇرغاچ باش لىڭشىتاتتىم. باش لىڭشىتىشىم ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئويۇنلىرىغا رازى بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىشىمنىڭ ھەل بولۇشى توغرىسىدىكى سۆزلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكىم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ مەنىدە چۈشىنىشى ناتايىن ئىدى. بىر چاغدا مەڭزىمگە ئۇنىڭ لېۋىنىڭ تەگكەنلىكىنى سېزىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم - دە، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ جايىمغا ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ لېۋى تەگكەن يەرگە نىجاسەت يۇقۇپ قالغاندەك بىلىنىپ سۈرتۈۋەتكۈم كەلدى. لېكىن ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ھېلىقى ئۈچ جۈپ ئەر - ئايال تانسىغا چۈشۈپ ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. «خوجايىن» ئورنىدۇقىنى يېنىمغا سۈرۈپ

خىجىل بولغاندەك ئاھاڭدا:

- ئالدىراڭغۇلۇق قىلدىم، كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاپتىمەن... كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، سىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم...

ئاڭلاۋاتامسەن خالىدە، ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇدەك! مەن چۈشەندىم، ئۇنىڭ مېنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئىقتىسادىي بەدەل ئەمەس ئىكەن... دېمەك، بۇ سىرلىق سارايىنىڭ چىقىش ئىشىكىنى تاپقىنىم بىلەن، كۆز ئالدىمدا ئايان بولغىنى بىر ئۆمۈر ساقايمايدىغان قەلب جاراھىتى پەيدا قىلىدىغان تىكەنلىك ئىكەن.

مەن تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ كېلىشنى باھانە قىلدىم - دە، خاسخانىدىن چىقىپلا ئۇدۇل چوڭ ئىشىككە قاراپ ئېتىلدىم...

كۆز ياشلىرىم يۈزۈمنى يۇماقتا. تاكسى شوپۇرى كۆرۈش ئەينىكىدىن مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرگەن بولسا كېرەك، ماڭا قاراپ ئاغزىنى ئۈمەللىدىيۇ، گەپ قىلماي بېشىنى چايقاپ قويدى.

مەن شۇ ھالىمدا ياتاققا كىرەلمەيتتىم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ياتاقتا ساڭا ئوخشاش ياخشى دوستلىرىممۇ، ئادەمنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ سۆز - چۆچەك قىلىشقا ئاران تۇرىدىغان باشقا ياتاقداشلىرىممۇ بار ئىدى.

مەن ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىر قىرغا ئولتۇردۇم. قويۇق دەرەخلىك مېنى قوينىغا ئالدى. مېنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىغۇم كېلەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتىم. چۈنكى شۇ ئەسنادا ھەممىلا ئادەم مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەندەك، مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلمەكچى بولۇپ سەۋەب ئىزدەپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى. مەن ئۇچۇن ئەڭ ۋاپادار نەرسە مېنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، شۇ تاپتىكى بىچارە ۋە قايغۇلۇق ھالىتىمنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتۇۋاتقان قاپقاراڭغۇ كېچە ئىدى.

شامىل مېنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، مەن يالغۇزسىراپ قالغانىدىم. بۇ كېچە ماڭا يالغۇزلۇقنى ئەڭ بىلدۈرگەن، مېنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا تاشلىۋەتكەن بىر كېچە بولدى. ماڭا يول چىققانىدى، لېكىن مەن بۇ يولدا مېڭىشنى خالىمىدىم. مېنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشۇم، ھېلىقى سىرلىق سارايغا كىرىشىم، بۈگۈن كەچكى خورلۇقلارغا ئۇچرىشىمنىڭ ھەممىسى شامىل ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى شامىلغا تاپشۇرغان، بىراق يۈنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمنى پاكلىقىنى يوقاتقان بىر قىز، دەپ قارىغۇم كەلمەيدۇ. چۈنكى پاكلىقىم مېنىڭ پاك مۇھەببىتىم بىلەن بىللە ئىدى. يوقىتىپ قويغان مۇھەببىتىمنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ھوقۇق ۋە سالاھىيىتىنى باشقىلارنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش كويىدا يۈرگەن ھېلىقى كىشىنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنىدىغان بولسام، بۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇھەببەت ماڭا خۇشاللىق، بەخت ھېس قىلدۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ !

بۇ كېچە مېنى ئۇرۇمچىدە قېلىش نىيىتىدىن ياندۇردى. مەن يەنىلا ئۆچۈپ كەتمىگەن مۇھەببىتىمنى يۈرىكىمدە ساقلاپ، ئۆز يۇرتۇمغا كېتىشكە نىيەت قىلدىم.

## 3

خالىدە، يۇرتۇمغا قايتىش نىيىتىگە كەلگىنىم راست. كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، نەچچە يىل جەريانىدا ئۇرۇمچىگە مېھرىم چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شامىل دائىم يۇرتىدا قالغان يالغۇز ئانىسىنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغانلىقى (ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنىڭ بىر سەۋەبىمۇ مۇشۇ ئىدى) ئۈچۈن، بۇ ۋاپادار ئوغۇلغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئۇرۇمچىدە قېلىش توغرىسىدا تۈزۈك ئويلىنىپ باققان ئەمەسمەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئانا مېھرى، ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقتىن سۆز ئېچىلسا، ئاجايىپ تەسىرلىك گەپلەرنى قىلىدىغان، ئانىسىغا ئاتاپ بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازغان شامىلنىڭ بىردىنلا ئۇرۇمچىدە قالغۇسى كەلگەنلىكى، «بالام مەكتەپ پۈتتۈرسە قېشىمغا كېلىدۇ» دەپ، ئۇنىڭ يولىغا زارىقىپ قاراپ ئولتۇرغان بىچارە ئانىنى ئۇنتۇغانلىقى، ئانىسىغا ۋاپا قىلغان يىگىت

سۆيگىنىگىمۇ ۋاپا قىلىدۇ، دەپ شۇنچە يىلدىن بېرى ئەقىدە قىلىپ كەلگەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىۋەتكەن بىر قىزنى كېرەكسىز قەغەزنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتكەندەك تاشلىۋەتكەن شامىلنىڭ قىلغىنى ماڭا بەك ئەلەم قىلغانىدى.

دوستۇم، شۇ كۈنلەردە مېنى نېمىلەرنى ئويلىمىدى، دەيسەن. ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش بەدىلىگە شامىلغا ئېرىشكەن ھېلىقى ناياقنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن تازا بىر جاڭجاللىشاي دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن غۇرۇرۇم بۇنىڭغا يول قويمىدى. شامىلنى ئىزدەپ تېپىپ، ھەممىنى يۈزىگە سېلىپ تازا بىر رەسۋا قىلاي، دېدىم. لېكىن ساختا دۇرۇسلۇق، ساختا ۋاپادارلىق نىقابى يىرتىلىپ كەتكەن بۇ «قالتىس» يىگىتنىڭ چىرايىغا قاراش مەن ئۈچۈن ھەم ئازابلىق، ھەم يىرگىنچلىك ئىش ئىدى.

سىنىپىمىزدىكىلەرنىڭ خوشلىشىش چېيىدىكى ئىشلار ئېسىڭدىدۇ. تۇنجى مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇپ، قەلبى ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەتكە تولغان مېنىڭدەك بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ چايغا قاتنىشىش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش ئىدى. لېكىن سىلەرنىڭ زورىڭلار بىلەن قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان، بەزىدە ئىجىل بولۇشۇپ، بەزىدە چىشلىشىپ دېگۈدەك ئۆتكەن ساۋاقداشلار ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا تولىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدىكەن (مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، شامىل بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە). بۇ چايغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئارىسىدىكى ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا، يۇرتىدىن خالتا كېلىپ قالسا ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرىدىغانلارغا، ھېيت - بايرام ھارپىلىرىدا ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۆيىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ بېرىدىغانلارغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىدىغان بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ، ئاخشاملىقى كەيپى يېشىلمىگەن ھالدا دەرسكە كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ، ئوقۇغۇچى قىزلار بىلەن ياسىنىشتا بەسلىشىدىغان ئايال ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ ئوخشاشلا سۆيۈملۈك بولۇپ كەتكەنىدى.

ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى رەتلىك، پاكىز كىيىنىشكەنىدى. بەزى قىزلار مۇشۇ چاي ئۈچۈن مەخسۇس كىيىم تىككۈزۈشكەن، بەزىلىرى باشقىلاردىن كىيىم ئارىيەت ئېلىشقان، ئىشقىلىپ ھېچكىمنىڭ بىر - بىرىدىن قالغۇسى يوق ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدە قالىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالغانلىرىمۇ، يەنە داۋاملىق يول مېڭىۋاتقانلىرىمۇ، ماڭا ئوخشاش يول مېڭىپ مەغلۇپ بولۇپ: «ئۈرۈمچىدە نېمە بار؟ ئاران تۇشقۇزدۇق بۇ بەش يىلنى! ئۇھ، يۇرتىمىزغا كېتىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىراق ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا كۈلكە ئوينايتتى، ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەسرىتىنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمەيتتى. مەنمۇ شۇ قاتاردا چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ ئولتۇراتتىم. لېكىن قەلبىم يىغلىماقتا، زار - زار يىغلىماقتا ئىدى. قارىمايمەن دەيتتىمىيۇ، كۆزۈم ئىختىيارسىز شامىل تەرەپكە ئېغىپ كېتەتتى. ئۇمۇ يېڭىدىن بىر قۇر كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن بولۇپ، چىرايىدىن ئىنتايىن خۇشاللىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بىر - ئىككى قېتىم كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى، بىراق شۇ ھامان ئۇ كۆزلىرىنى ئەپقاچتى. «ھەرھالدا ئۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ خىجىل بولۇش تۇيغۇسى بار ئىكەن» دەپ قالدىم مەن. لېكىن بۇ ماڭا تەسەللى بولالمايتتى.

بەش يىلدىن بۇيان ئوغۇللارغا ھاراق ئىچمەسلىك ھەققىدە تەربىيە بېرىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئەمدى تىزگىننى بوشىتىۋەتتى. ئۇلار: «مانا ئەمدى مەكتەپ پۈتتۈردۈڭلار، بىز بىلەن ئوخشاش بولدۇڭلار، ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزدا ئىچىشۋالايلى! قىزلارمۇ قىزىلدىن ئىچىپ قويسۇن» دېيىشتى ئۇلار قوللىرىغا رومكىلارنى ئېلىشىپ.

بەزىلىرى خۇشاللىقتىن، بەزىلىرى قايغۇدىن، يەنە بەزىلىرى ھەسرەتتىن پىغانى ئۆرلىگەن ئوغۇللار ھۆررا تۇۋلىشىپ كەتتى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، سەن بىلەن مەن ئىچمىگىنىمىز بىلەن، قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىچىپ قويىدىغانلار بار ئىدىغۇ. مانا ئەمدى ئۇلارغىمۇ بولۇپ بەردى. ساۋاقداشلارنىڭ، يۇرتلۇقلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ئىچمەسلىكنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەن بولسامۇ، نېمىشقىكىن شۇ ئاخشىمى كۆڭلۈم

www.uyghurkitap.com

ئېچىملىكنى ئارتىپ تۇراتتى، تازا مەست بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇغۇم كېلەتتى، لېكىن يەنىلا قورقاتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ زورىغا باھانە قىلىپ يوغان بىر رومكا قىزىل ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتىم. «نوۋا، نېمانداق قىرتاق نېمە بۇ؟ ئادەملەر بۇنى ئېچىپ جېنىنى قىيناپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم مەن دەسلەپتە. يەنە ئىككى رومكا گېلىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك، كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنتۇلغاندەك، يۈرىكىم توختاپ ئۆزۈمنى خېلى جۈرئەتلىك بولۇپ قالغاندەك سېزىلدى. مەن پاراڭغا، كۈلكىگە قېتىلدىم، كۈلگەندىمۇ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ كۈلدۈم. مەن كۈلكەمنى شامىلنىڭ ئاڭلىشىنى، ھەربىر ئاڭلىغىنىدا يۈرىكىنىڭ بىر قېتىم جىغىلدىشىنى، مېنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ خۇشال ياشىيالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

خالىدە، بۇ بىر ئەخمىقانىلىق، پەقەت ئۆز - ئۆزۈمنى ئالداش بولسىمۇ، يۈرىكىم يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنى خالايتتىم.

سەن سابىر بىلەن تانسا ئويناۋاتقاندا، مەن سىلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدىم. كۆڭلۈمنى بىر خىل غەشلىك چۇلغىۋالدى. بىر چاغلاردا مەنمۇ شامىل بىلەن شۇنداق تانسا ئوينىغان، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلغان. راست، ئۇ مېنىڭ ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم ئىدى.

مەن ئىختىيارسىز شامىل تەرەپكە قاراپ سالغىنىمنى تۇيماي قالدىم. ئۇ ھەدەپ ھاراق ئىچىۋاتاتتى، كەيپى تولىمۇ تۆۋەندەك قىلاتتى. ھەرھالدا ئۇمۇ بىر ئادەم، ئازراق بولسىمۇ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقاندۇ، ھەرقاچان!

كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ، باشقا ياققا قارىۋالغان بولسامۇ، يەنىلا ئۇنى خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. «بىچارە، - دەپ ئويلىدىم مەن، - پەقەت چوڭ شەھەردە قېلىش ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان، ئۆزى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغان بىر قىز بىلەن ئۆمرىنى بىرگە ئۆتكۈزۈش ۋەھىمىسىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئوخشايسەن - ھە! يېنىمغا قايتىپ كەلگۈڭ بارمۇ؟ ياق، خام خىيال قىلما، مەن سېنى كەچۈرمەيمەن، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن!»

لېكىن، مېنىڭ كېيىنكى خىيالىمغا تازا ئىشەنچىم يوق ئىدى. ئەگەر شۇ ئاخشىمى شامىل ماڭا: «مېنى كەچۈر، ساجىدە، مەن خاتا قىپتىمەن. مەن سېنىڭدىن ئايرىلالمىغۇدەكمەن. ئۈرۈمچى دېگىنىڭنىمۇ قوي، يۈر، يۇرتۇمغا كېتەيلى» دېگۈدەك بولسا، بەلكىم دەسلەپتە ئاچچىقىمنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن بەزى گەپلەرنى قىلارمەن، لېكىن ئاخىر يەنىلا ئۇنى كەچۈرگەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتكەن بولار ئىدىم. شۇڭا ئۇ ھودۇققاندەك قىياپەتتە ئالدىمغا كېلىپ ئېگىلىپ مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلغاندا، سەل ئارىسالدى بولغاندەك بولدۇمىيۇ، بىراق يەنىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزنى بىلىپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىزگە تىكىلگەنلىكىنى تۇيدۇم. مەن تاشلىۋېتىلگەن قىز سۈپىتىم بىلەن خۇدۇكسىرەپ قالدىم. ئۇلار نېمىلەرنى ئويلىشىۋاتقاندۇ؟ «يەنىلا شامىلدىن مېھرىنى ئۈزەلمەپتۇ، ھەي بىچارە» دېيىشىۋاتامدىغاندۇ؟

شامىلنىڭ قۇچىقى مېنىڭ ھودۇقۇشلىرىمنى يوقاتتى. باشقىلار نېمە دېسە دېمەمدۇ، ئەگەر شامىل ھېلىقى گەپلەرنى قىلىدىغانلا بولسا، قالغىنى بىلەن پەرۋايىم پەلەك!

شامىل ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ خۇددى بىر گاچىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى. مېنى يەنە غېرىبلىق باستى، تانسىنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالدىم.

كەيپىم يەنە تۆۋەنلەپ كەتتى. كەينىدىن ئىچكەن ئىككى رومكا قىزىل ھاراقمۇ مېنىڭ روھىمنى كۆتۈرەلمىدى. مەن ئولتۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى، تېزرەك ياتاققا بېرىۋېلىپ، يوتقانغا چۆمكىنىپ تازا بىر يىغلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئوينىغان تانسىمۇ مېنىڭ كەيپىياتىمنى يۇقىرى كۆتۈرەلمىدى. نېمىشقىدۇر مېنى يىغا تۇتۇۋاتاتتى، كىمنىڭدۇر بوينىغا ئېسىلىپ ھۆڭگىرەپ ئېتىپ يىغلىۋالغۇم كېلىۋاتاتتى. بىراق مەن يالغۇز ئىدىم، خالىدە، مەن دەردىمنى ھېچكىمگە ئېيتالمايتتىم.

ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىشقا يېقىن، شامىل

يەنە ئالدىمغا كېلىپ تەزىم قىلدى. مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم تانسا ئويناپ ئۆزۈمنى ئازابلاشقا زادىلا رايىم يوق ئىدى. لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمدىن قانداق تۇرۇپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم.

تۈنجى قەدەمنى ئېلىپ بولۇپلا، شامىل قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

– مېنى كەچۈر، ساجىدە، مەن دىلىڭنى جاراھەت قىلىپ قويدۇم. لېكىن شۇنىڭغا ئىشەن، مەن سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن!

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئاچچىق گەپلىرىمنى قىلىۋالماقچى ئىدىم. لېكىن ھېچقانداق گەپ خىيالىمغا كەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ ئەسەبلىرىمنى ئويغاتقان، ئۆچۈرەي دېسەممۇ ئۆچمەيۋاتقان ئوتنى قايتىدىن ئۇلغايتىۋەتكەندەك قىلاتتى. توۋا، مەن ئۇنى شۇنداق ئاسان كەچۈرۈۋېتەرمەنمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دېسەممۇ، كۆڭلۈم مېنى ئالدىرىتىۋاتقاندەك، ماڭا ئەخمەقلىق قىلما، بۇ سەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۈنچىقماي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتتۇم.

– ھايات دېگەن شۇنداق ئىكەن، ساجىدە، – ئۇ پىچىرلاشنى داۋاملاشتۇردى، – سېنىڭ ئۆز يۇرتۇڭغا كېتىدىغانلىقىڭنى، بىزنىڭ مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئويلىسام، مېنى ئىختىيارسىز تىترەك باسىدۇ.

«ئۇنداق بولسا يېنىمغا قايتىپ كەل، – دېيىتتى يۈرىكىم تىپىرلاپ، – سەندەك بىر يۈزسىز، ۋاپاسىزنى كەچۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى. بىراق قانداق قىلاي، سېنى ياخشى كۆرۈپتىمەن. شۇنچە ئەسكىلىك قىلساڭمۇ، يەنىلا سېنى ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن.»

مەن ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز گەپنى، يەنى «بىز يارىشىپ قالايلى» دېگەن سۆزنى كۈتتۇم. شۇ ئەسنادا ماڭا شۇ بىر ئېغىز گەپلا كۇپايە ئىدى. لېكىن ئۇ نېمە دېدى دېمەمسەن، خالىدە؟

ئۇ بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، خىرىلداپ سۆزلىدى:

– بىزنىڭ شۇنداق ياخشى كۈنلىرىمىز بولغان، بۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئايرىلىش ۋاقتىمىزدا تېخىمۇ گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن، بۇ يەردىن قايتىپ بىر ئۇچرىشايلى، ياخشىراق خوشلىشىۋالايلى!

«چاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، مۇزىكا چېلىۋاتقانلارمۇ، ئوتتۇرىدا تانسا ئويناۋاتقانلارمۇ ھەرىكەتتىن توختاپ قالدى. مەن ئوقتەك ئېتىلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم. كىمدۇر بىرى كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. مۆلدۈرلەپ ئاققان ياشلار يۈزۈمنى يۇماقتا. ئۆزۈم يىغلاۋاتىمەن، يۈرىكىم يىغلىماقتا. شۇ تاپتا ساۋاقداشلىرىم «كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىمىزنى ھارام قىلدى» دەپ، مېنى تىللىشىۋاتقاندۇ. بىراق ئۇلار مېنى، مېنىڭ ئازابىمنى، مېنىڭ تارتقان خورلۇقۇمنى چۈشىنىشى كېرەك. مەن نەچچە يىل پاك مۇھەببىتىمنى بېغىشلىغان، ئەقىدە باغلىغان ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى. تاشلىۋەتكىنىنى يەتمىگەندەك، قىلچە ئىزا تارتماي مېنىڭدىن بۈگۈن كەچ يەنە بىر قېتىم ئۆز تېنىمنى بېغىشلىشىمنى تەلەپ قىلدى. بىر قىز ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ؟!

ئېسىڭدىدۇر، خالىدە، مەن ياتاققا كېلىپ ئانچە ئۆتمەيلا سەن يېتىپ كەلدىڭ.

– نېمە بولدۇڭ، ساجىدە؟ شامىل يەنە سېنى رەنجىتتىمۇ؟ – دەپ سورىدىڭ سەن مېنى قۇچاقلاپ.

مەن بويىنۇڭغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتىم. سەن ئۇنىڭ قىلغان ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىڭدا، يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ:

– ھايۋان! بىر ھايۋانكەنغۇ ئۇ! – دېدىڭ نەپرەت بىلەن.

شۇنداق، ئۇ بىر ھايۋان ئىكەن. لېكىن مەن بىچارە نەچچە يىلغىچە ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بىلمەي ئەقىدە قىلىپ يۈرۈپتىمەن. بۇ يىرگىنچلىك ھايۋاننىڭ باغرىدا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىپ يۈرۈپتىمەن.

ھايات دېگەن شۇنداق ئالدامچى نەرسىمىدۇ، خالىدە؟ ئادەم دېگەن شۇنداق سىرلىق نەرسىمىدۇ، خالىدە؟ ئىنسانلار تارىخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش تارىخى، ئۆزىنىڭ سىرىنى ئېچىش تارىخى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشتا ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت

www.uyghurkitap.com

قازىنىپ كەلدى. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىرلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر ھەققىدە توم - توم كىتابلار يېزىلدى. ئۇ كىتابلارنى ئوقۇساڭ، ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ۋە بېرىلگەن تەبىرلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندەك بىلىنىدۇ. ئۇلاردا ئىنسان تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكلەر شۇنداق روشەن ئېچىپ بېرىلگەن. لېكىن شۇنىسى ئاجايىپكى، تەبىئەتنىڭ سىرلىرى ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى بىلىملەرنى ئۆزۈڭنىڭ بىلىمىگە ئايلاندۇرالىغىنىڭ بىلەن، ئىنسان ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر بىلەن تولغان كىتابلارنى ئوقۇساڭ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدىكەن. ئۇلاردىن سەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالالايدىكەنسەن، لېكىن ئۆز تۇرمۇشۇڭدا، ئەتراپىڭدىكى كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىڭدا، بۇ كىتابلاردىن بىلىۋالغان بىلىملىرىڭنى ئىشلىتىپ، ھاياتىڭنى خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولمىقىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن تويۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ يۈرىكىڭنى چىشلىۋېلىپ، قەلبىڭنى قان قىلىدىغان ئازابنىڭ غالجىر ئىتلىرىدىن ساقلانمىقىڭ ئاسان ئەمەس، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بىز ئوقۇغان ئاشۇ كىتابلار ئۆز ئاپتورلىرىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ياكى باشقىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىزنى پەقەت ئويلىنىشقا، سەگەك بولۇشقا ئۈندەش رولىنىلا ئۆتىيەلەيدىكەنكى، بىزنىڭ ھاياتىمىزنى بالا - قازا، ئازاب - ئوقۇبەت، قايغۇ - ھەسرەتلەردىن ساقلىيالايدىغان نىجاتكار بولالمايدىكەن. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆمۈر مەنزىلى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىر كىتاب بولىدىكەن. لېكىن بۇ كىتاب پۈتكەندە، ئىنساننىڭ ھاياتىمۇ تۈگەيدىكەن. بۇ كىتابنى باشقىلار ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىغا ئايلاندۇرالمايدىكەن، بەلكى ئۆزىنىڭ كىتابىنى يېزىش بىلەن ھەلەكچىلىكتە ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىكەن.

خالىدە، يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇغىنىڭدا «ساجىدە ھاياتىنىڭ جىمى ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىغان، ياشانغان بىر كىشىگە ئوخشاپ قاپتۇ» دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن. سەن كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ باققىن، ئۆزىنىڭ بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بىر چەت سەھرادا، ھەر ئەتىگەندە بىر قېتىم سىيرىپ - سۈپۈرۈپ قويىسىمۇ، كەچ بولغۇچە ھەممە نەرسىگە چاڭ - توزان قونۇپ كېتىدىغان، تېگىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان ياتاقتىكى سەللا مىدىرلاپ كەتسە غىچىرلاپ كېتىدىغان ياغاچ كارىۋاتتا ئوڭدا ياتقىنىچە تورۇسقا تىكىلىپ سائەت - سائەتلەپ خىيال سۈرىدىغان بىر بىچارە قىزنىڭ ياشانغان كىشىدىن نېمە پەرقى بار؟! بۇنداق چاغدا سەن سابىر بىلەن (ھەرقاچان سىلەر توي قىلىپ بولغانسىلەر) كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىۋاتقانسەن، خالىدە. سېنىڭ يۇرتۇڭغا بارغاندىن كېيىن قەيەرگە بۆلۈنگىنىڭنى ئۇقمايمەن. ئىشقىلىپ سەھرادا بولساڭمۇ، مېنىڭچە سەن يەنىلا بەختلىك. چۈنكى سېنىڭ سۆيگەن ئادىمىڭ يېنىڭدا. بىراق مەنچۇ؟ مەن تەنھا، خالىدە، مەن تىكەندەك يالغۇز!

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ بىز قىزلارنىڭ بەدىنىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، رومانتىك خىياللار بىزنى ئۆز قۇچىقىدا ئەللەيلەشكە باشلايدۇ. بىز كىتاب ئوقۇشقا، بولۇپمۇ مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشقا قىزىقىپ قالىمىز. بارلىقىنى مۇھەببەتكە ئاتىغان، سەممىيلىك، سادىقلىق، ۋاپادارلىق بىلەن ئۆز سۆيگىنى ئۈچۈن جىمى جاپا - مۇشەققەت، خورلۇقلارنى تارتىشقا تەييار تۇرغان ۋە تارتقان ئەسەر قەھرىمانلىرى بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. بىز ئۇلار بىلەن بىللە ياش تۆكىمىز، ئۇلار بىلەن بىللە كۈلىمىز. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يالقۇنلۇق مۇھەببەت، ئوتلۇق ھېسسىياتلار بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى جۇغۇلدىتىدۇ، بىزنى ئاللىقانداق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. بىز ھەرگىز ئۇنى بىر ھېكايە دەپ قارىمايمىز. بىزگە تۇرمۇش گويا دەل شۇنداقتەك، بىزنىڭ ھاياتىمىزمۇ چوقۇم شۇنداق بولىدىغاندەك بىلىنىدۇ. بىز نېمىلەرگىدۇر، كىملەرگىدۇر ئىنتىلىمىز... مەن بەزى قىز ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدىلا سىنىپىمىزدىكى ئوغۇللار

ياكى جەمئىيەتتىكى يىگىتلەر بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈرگىنىم يوق. ئائىلە شارائىتىمىنىڭ ناچارلىقى، بىر بولسا ئېتىز ئەمگىكىدىن، بىر بولسا ھاشادىن بېرى كەلمەيدىغان، تىنىم تاپماي ئىشلىسىمۇ، بىراق ئىللىق كىيىم، گۆشلۈك تاماققا ئېرىشەلمەي كەلگەن بىچارە ئاتا - ئانامنىڭ ھالىنى كۆرۈپ چوڭ بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن، چوقۇم مائاشلىق ئادەم بولىمەن» دېگەن نىيەت قەلبىمگە ئورناپ كەتكەچكە، ئوقۇشتىن باشقىغا رايىم يوق ئىدى. ئالىي مەكتەپكىمۇ قوبۇل قىلىندىم، دەسلەپكى قەدەمدە مۇرادىمغا يەتكەندەك بولدۇم.

ئەمدى ھېسسىيات مەسىلىسىگىمۇ كۆڭۈل بۆلگۈدەك ۋاقتىم چىققان بولدى. لېكىن مەن بەزى قىزلىرىمىزدەك ئۈرۈمچىدە ئوقەت قىلىدىغان ياكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرىدىغان بەزى تىجارەتچىلەر بىلەن تونۇشۇۋېلىپ، شۇلارنىڭ ھەممىتىگە قاراپ كۈننى «گۈلدەك» ئۆتكۈزىدىغان كويدا بولمىدىم. يەنە بەزى قىزلىرىمىزدەك ھېلى ئۇنىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ يۈرۈشنىمۇ خالىمىدىم. مېنىڭچە، قىزلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى، نازاكىتىنى، تېنىنى دەسمايە قىلىپ جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرىمەن دەيدىغان بولسا، بۇ ئۆزىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولىدۇ. مۇھەببەت - مۇقەددەستۇر، مۇھەببەتسىز ھايات پەقەت ئۆز - ئۆزىنى ئالداشتىن ئىبارەتتۇر. مېنىڭدە شۇنداق ئەقىدە بولغاچقا، مەن تەمكىن بولۇشنى، مۇھەببەتكە جىددىي قاراشنى، كۆڭلۈمنى بەرگۈدەك بىركىم چىقسا، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر سادىق بولۇشنى ئويلايتتىم. شامىل بىلەن يۈرۈپ قېلىشىممۇ دەل شۇ سەۋەبتىن بولغان. مېنى ئۇنىڭ ئېگىز بويى، قويۇق قاشلىرى تېگىدىكى بەزىدە ئويناق، بەزىدە خىيالچان بولۇپ قالىدىغان قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، ئاپئاق چىشلىرىلا جەلپ قىلغىنى يوق. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرگە تەمكىنلىك بىلەن بەرگەن باھالىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دائىر ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ پىكرىگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلىيەلىشى، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئاجايىپ ھاياجانلىق ۋە تەسىرلىك بايانلىرى، مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان كىتابلارنى ئوقۇغاندا كۆزلىرىنىڭ نەملىشىشلىرى، ساۋاقداشلار ئارا يۈز بەرگەن ئىشلاردا لىللا پىكىر قىلىشلىرى، مۇئامىلىدىكى مۇلايىملىقى. . . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۇنى بالدۇر يېتىلگەن، ھەر جەھەتتە مۇكەممەل بىر يىگىت قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ماڭا تۇنجى قېتىم مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي ماقۇل بولغان، تارتىنىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇنى خېلىدىن بېرى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم.

خالىدە، ئۆزۈڭ بىلىسەن، سىنىپىمىزدىكىلەرمۇ، فاكۇلتېتىمىزدىكىلەرمۇ شامىل ئىككىمىزگە ھەۋەس قىلىشاتتى. دېمىسىمۇ بىز تۆت يىل ۋاقىتنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگەنىدۇق. ئىككىمىزنىڭلا ئائىلىسى نامرات ئىدى، ئىككىمىزنىڭلا يانچۇقىمىز قۇرۇق دېگۈدەك ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ مېنى مېھمان قىلىشىنى، تۇغۇلغان كۈنلىرىمدە سوۋغات ئېلىپ بېرىشىنى تەمە قىلىپ باققانمۇ ئەمەسمەن. بىللە دەرس تەكرارلىساق، دەرسلەر كاللامغا قوغۇشۇندەك ئۇيۇپ قالاتتى. بىللە پاراڭلىشىپ ياكى سەيلە قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا دۇنيا ماڭا شۇنچە گۈزەل، شۇنچە سۆيۈملۈك بىلىنەتتى. ئۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى، بولۇپمۇ مۇھەببەت، ۋاپا تېمىسىدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنى يادقا بىلەتتى. مەن دائىم ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتىم. ئۇ شېئىرنى شۇنداق ياخشى دېكلاماتسىيە قىلاتتى. ئۇ شېئىر ئوقۇغاندا مەن بېشىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويغىنىمچە كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ، گاھ شاۋقۇنلاۋاتقان دەريا سۈيىنى، گاھ بۇلدۇقلاۋاتقان بۇلاقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. تۇرۇپلا ماموقتەك ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلسام، تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئىللىق باغرىدا دومىلايتتىم. . . شامىلنىڭ ئۆزىمۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدى. يازغانلىرىنىڭ ئىچىدە مۇۋەششەھلەرمۇ بار بولۇپ، ھەممىسىگە يا «مۇھەببەت»، يا «ساجىدە» دېگەن سۆزلەر يوشۇرۇنغانىدى.

خالىدە، جېنىم خالىدە، مانا شۇنداق بىر ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى. بۇمۇ يەتمىگەندەك ھېلىقى ئاخشىمى يەنە مېنى خورلىدى. توۋا، ئىنسان دېگەن شۇنداق رەزىل بولامدىغاندۇ؟ ئەر

uyghurkitap.com

كىشى دېگەن شۇنداق پەسكەش بولامدىغاندۇ؟!

شۇ ئاخشام مېنىڭ قەلبىمدە يەنە بىر يوقالماس جاراھەت پەيدا قىلغان ئاخشام بولۇپ قالدى. قەلبىمدىكى شامىلغا بولغان ئاخىرقى مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىمۇ ئۆچتى. مەن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئىنسان ئۆز ھاياتىدىكى، بولۇپمۇ ياشلىق چېغىدىكى بىرنەچچە يىلنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟ بىراق مېنىڭدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەر پۈتۈنلەي خىرەلىشىپ كەتتى، شامىل پەقەت يىرگىنچلىك قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كېلىدىغان بولۇپ قالدى، خالاس!

## 4

خالىدە:

بىزنىڭ يېقىلىشىپ خوشلاشقىنىمىزغا يىگىرمە يىلدىن ئېشىپتۇ. ئېسىمدە، بىز بىر - بىرىمىزگە ئاق يول تىلەشكەن، مەنزىلىمىزگە بارغاندىن كېيىنلا خەت يېزىشقا، خەت ئالاقىمىزنى ئۈزۈپ قويماسلىققا ۋەدىلەشكەنىدۇق. سەن ۋەدەڭدە تۇردۇڭ، بىراق مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. ئاخىر سەنمۇ رەنجىدىڭ بولغاي، تۆت پارچە خېتىڭدىن كېيىن سېنىڭدىن خەۋەرسىز قالدىم. قانداقلا بولمىسۇن، ئىككىڭلار ئارىلىقى يېقىن ئىككى مەكتەپكە ئورۇنلىشىپسىلەر. ئاخىرقى خېتىڭدىن قارىغاندا، ئىككى ئائىلە سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى قوشۇپ قويۇشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ. مەن بۇ خەتنى يېزىۋاتقان چېغىمدا، سىلەر مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقانسىلەر.

جېنىم دوستۇم، مېنىڭ قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتكىنىمدىن، سېنىڭ بىرەر پارچە خېتىڭگە بولسىمۇ جاۋاب يېزىپ قويمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر. يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېنى سېنى سېغىنمىدى، دەمسەن؟ سېغىندىم، دوستۇم، قاتتىق سېغىندىم. ئەگەر يېنىمدا بولغان بولساڭ، قانچە رەت بويىنۇڭغا ئېسىلىپ ئىچىم بوشىغۇچە يىغلىۋالغان بولاتتىم. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا. مېنى خەت يېزىشقا ھورۇنلۇق قىلدى، دەمسەن؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئاساسلىقى، ساڭا يەتكۈزگۈدەك بىرەر خۇش خەۋەر يوق. پېشانەمگە ئوڭۇشسىزلىق، قايغۇ - ھەسرەت، ئازاب ئىچىدە پۈچىلىنىش پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، نەچچە ئايدىن بۇيان ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلگەن، بىرەر قېتىم خۇش بولۇپ باققان ۋاقتىم يوق. مېنىڭ ھالىم شۇ تۇرسا، ساڭا خەت يېزىپ دەردىمنى تۆكۈپ، كۆڭلۈڭنى پاراكەندە قىلماي، دەپ ئويلىدىم. مانا بۇ خەتلەرنى يېزىۋاتىمەن، بىراق تۇنجى خېتىمدە يازغىنىمدەك، بۇ خەتلەرنى ساڭا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۆز - ئۆزۈمگە دەردىمنى تۆكۈش ئۈچۈنلا يېزىۋاتىمەن.

مەن يولغا چىققاندا، سەن سابىر بىلەن بېكەتكە چىقىپ ئۇزىتىپ قويغانىدىڭ. بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىمۇ مەن ئۆزۈمنى يىغىدىن تۇتۇۋالغان، سەن بىلەن زورىقىپ بولسىمۇ كۈلۈپ خوشلاشقانىدىم. بىراق ئاپتوبۇس قوزغالغاندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلىگەن يىغا گېلىمنى بوغدى، كۆزلىرىمدىن ئاچچىق ياشلار ئېتىلىپ چىقتى. مەندە ياشلىقتىكى بەش يىللىق ھاياتىمنى ئۆتكۈزگەن بۇ كاتتا شەھەرنىڭ مەنزىرىلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىستىكىمۇ پەيدا بولمىدى. چۈنكى بۇ شەھەر مېنى ئەخمەق قىلغان، دەسلىپىدە شامىل بىلەن تونۇشتۇرۇپ مېنى بەخت بېغىغا باشلىغان، بىراق ئاخىرىغا بېرىپ مېنى ۋاپاسىزلىقنىڭ قۇربانى قىلىپ قويغان، شۇنىڭغا باقماي ماڭا ئۆز قوينىدا يەنە داۋاملىق ياشاشقا يول قويماي، مېنى رەھىمسىزلىك بىلەن يولغا سېلىپ قويغانىدى.

شۇ تاپتا مەن خورلانغان ئەقىدەم ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەنمۇ؟ بىراق مەن خورلىغۇچىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانغۇ! بۇ شەھەردىن كېتىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن-مۇ؟ بىراق شۇ تاپتا بۇ شەھەرنى كۆرەر كۆزۈم قالمىغاندىغۇ! ياكى ئالدىمدا كۈتۈپ تۇرغان تۇتۇق ئىستىقبال ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يىغلاۋاتىمەنمۇ؟ بىراق شۇ تاپتا بۇنىڭ غېمىنى يېگۈدەك ئىمكانىم بارمۇ؟ كۆڭلۈم نېمىدۇر بىرنەرسىگە تارتىشقاندەك، نېمىدۇر بىرنەرسە ئۈچۈن ھەسرەت چەككەندەك قىلاتتى. لېكىن مەن بۇنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم، پەقەت مېنىڭ يىغلىغۇم، ئۈنۈمنى قويۇۋېتىپ يىغلىغۇم

كېلەتتى.

يېنىمدا يۇرتلۇقۇم، ساۋاقدىشىم تاجىنىسا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەپكۈن باسقان يۈزىدىكى سولغۇنلۇق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىدە ياش. لېكىن ئۇ مېنىڭ مۈرەمدىن قۇچاقلاپ، يىغلامسىرىغان هالدا ماڭا تەسەللى بەرمەكتە. ئۇ: «يىغلىما، ساجىدە، نېمىگە يىغلايسەن؟ بىز ئۆز يۇرتىمىزغا كېتىۋاتىمىزغۇ! ئۆز يۇرتۇڭدىنمۇ قەدىرلىك يەر بارمۇ بۇ دۇنيادا! » دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلايدۇ.

توۋا، دۇنيا دېگەن، ئادەم دېگەن ئاجايىپ ئىكەن. مۇشۇ تاجىنىسا بىلەن مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن باشلاپ بىر سىنىپتا ئوقۇغان، ئىرادە ـ تەقدىر بىلەن بىز يەنە ئالىي مەكتەپتىمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇپ قالدۇق. شۇنچە يىللار بىللە ئۆتكەچكىمىكىن، بىز يېقىن دوست ئىدۇق. ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىمۇ شۇنداق يېقىن ئۆتۈشتۇق. يۇرتىمىزنى سېغىنساق بىللە يىغلايتتۇق، خۇددى كىندىكىمىز قوشتەك نەگە بارساق بىللە باراتتۇق. لېكىن ئىككىنچى يىللىققا چىققاندىن كېيىن، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. بىر يىل مېنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان تاجىنىسا تۇيۇقسىز بىر قىز بىلەن ياتاق ئالماشتۇردى.

ـ نېمە بولدۇڭ؟ بىر ياتاقتا يېتىۋەرسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدىم مەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالدىراش يىغىشتۇرۇۋاتقان تاجىنىساغا هەيران هەم كۆڭلۈم يېرىم بولغان هالدا قاراپ.

ـ بولدىلا، ياتاقتا بولسىمۇ كۆزۈڭدىن يوقىلاي! ـ دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن ئۆز ئىشىنى قىلىۋېتىپ.

ـ هوي، ساڭا نېمە بولدى؟ سېنى رەنجىتكۈدەك بىر ئىش قىلىپ قويدۇممۇ يا؟

تاجىنىسا سوئالىمغا جاۋابمۇ بەرمەي ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغىنىنى، ئۇنىڭ نېمىشقا بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن هالدا كارىۋاتتا ئولتۇرۇپلا قالدىم. «توۋا، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ رەنجىگەن يېرى بولسا ئوچۇق دېسىلا بولماسمىدى؟ نېمىلا دېگەنبىلەن بىز ئۇن نەچچە يىللىق دوست، يەنە كېلىپ بىر يۇرتلۇق ئەمەسمۇ؟! »

قاتتىق ئۇۋالچىلىقتا قېلىش تۇيغۇسى مېنىڭ كۆزلىرىمنى نەمدىدى.

كېيىن، بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا ياتىقىغا كىردىم. مېنىڭ ئۇنى چاقىرىپ چىقىپ ئوبدان مۇڭداشقۇم، كۆڭلىدىكىنى ئۇقۇپ باققۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا قاراپمۇ قويمىدى.

مەن بىر يېقىن دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم، بىراق نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ مېنىڭدىن يىراقلاشقانلىقىنى خېلى كۈنلەرگىچە چۈشىنەلمىدىم.

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، «تاجىنىسا ساجىدە مېنىڭ شۇنچە يېقىن دوستۇم تۇرۇقلۇق، مېنىڭ يىگىتىمنى تارتىۋالدى، دەيدۇ» دېگەن گەپ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن چۈشەندىم: ئەسلىدە ئۇ شامىلنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ! شۇندىلا يادىمغا كەلدى، بىر يىلدىن بېرى تاجىنىسا شامىلنى كۆرسىلا قىزىرىپ كېتەتتى، ئۇ گەپ قىلسا ئاغزىغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭدىكى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن بولساممۇ، باشقىچە ئويلاپ كەتمەپتىكەنمەن. ئۇلار راستىنلا يۈرگەن بولغىيمىدى؟ مەن راستىنلا ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويغاندىمەنمۇ؟ لېكىن بىر يىلدىن بېرى ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىرەر قېتىم بىللە پاراڭلىشىپ تۇرغىنىنى، بىللە ماڭغىنىنى كۆرۈپ باققىنىم يوققۇ!

مەن تاجىنىسانىڭ شامىلنى ياخشى كۆرىدىغىنىغا ئىشەنگىنىم بىلەن، ئۇنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمىدىم. شۇڭا بۇ گەپنى شامىلنىڭ يۈزىگىمۇ سېلىپ يۈرمىدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن تاجىنىسا بىر قىز بالا ئەمەسمۇ! يەنە كېلىپ بىز بۇرۇن يېقىن ئۆتۈشكەن.

مەن بىر دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالغىنىم بىلەن، كۆڭلۈمدىكى بىر يىگىتكە ئېرىشكەندىم. شۇڭا تاجىنىسانىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئازابىنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم.

تۆت يىللىق مۇھەببىتىم ۋەيران قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، دەسلەپكى كۈنلەردە تاجىنىسانىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. كۈلگۈدەك گەپ بولۇنمىسىمۇ، مەن بار يەردە ئۇ

قاقاقلاپ كۈلەتتى. خۇدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ئاجايىپ يارالتقانىكەن. بەزىلەر باشقىلارنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن ياش تۆكىدىكەن، يەنە بەزىلەر باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، بۇنىڭدىن ھۇزۇر ھېس قىلىدىكەن. مەن تاجىنىسانىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلىشىنى كۈتمەيتتىم. بىراق ئۇنىڭ ئۇنداق كۈلمەسلىكىنى تىلەيتتىم.

مەن ھېلىقى سىرلىق سارايىنىڭ خوجايىنىنىڭ يىرگىنچلىك مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ، ئۇرۇمچىدە قېلىش ئۇمىدىنى ئۈزگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاجىنىسانى مەكتەپ سەيناسىدىكى دەرەخلىكتە كۆرۈپ قالدىم.

بۇ بىر كەچقۇرۇن ئىدى. تاجىنىسا دەرەخلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. يەلكىسىنىڭ توختىماي سىلكىنىشىدىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭمۇ مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، بەزىدە يېرىم كېچىلەردە كەلگەنلىكىنى سېزىپ قالغان، ھەتتا بىر قېتىم ياتاقداشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۇدا بىرنەچچە كېچە ياتاققا قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

«ئەجرى بىكار كېتىپتۇ - دە، بىچارىنىڭ!- دەپ ئويلىدىم مەن، - دۇنيا باشقىلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا يارالمىغان. باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلگەنلەرنىڭ ئۆزىمۇ ھامان بىر كۈنى كۈلكىگە قالىدۇ!» ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاجىزلىقى شۇ بولسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىنى كۆرگىنىمدە، كۆڭلۈمنى بىر خىل خۇش بولۇش سېزىمى چۇلغىۋالدى. لېكىن بۇ سېزىم ئۇزۇن داۋام قىلمىدى.

«توۋا، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن؟ - دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە كايىدىم، - ئۇ شامىلنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا ھەسەت قىلىپ يۈردى. جاھاندا ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان كىشىلەر بارغۇ. تاجىنىسا پەقەت ماڭا تەتۈر قارىدى، بەزىدە نەشتىرىنى سانجىۋالدى، بەزىدە ئۈستۈمدىن كۈلدى. بولغان ئىش شۇ! ئاخىرقى ھېسابتا مەن شامىلدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئۇمۇ شامىلغا ئېرىشەلمىگىنىچە قالدى. مۇشۇ كۈندە بىز يەنە تەقدىرداش بولۇپ قالدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن نېمىشقا چاكىنىلىق قىلىمەن؟!»

ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇم، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغۇم، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈم بار ئىدى. لېكىن مەن ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي، مېنى سىلكىۋەتكۈدەك بولسا... ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزۈمنىڭ دەردى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغۇ!

مەن يولۇمغا كېتىۋەرمەكچى بولدۇم، لېكىن بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا يەنە كەينىمگە ياندىم. تاجىنىسانى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.



مەن دەرەخلىككە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تاجىنىسانىڭ يېنىغا باردىم. مەن سەل قورۇنغان ھالدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويدۇم. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە قارىدىيۇ، دەرھال كۆزلىرىنى ئېرىتقىنىچە ئالدىغا قارىۋالدى. مەن گەپ قىلماي ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم ۋە مۈرىسىدىن قۇچاقلىدىم. بىردىنلا ئۇ مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىلغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

- مېنى كەچۈر، مېنى كەچۈرگىن، - دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ ئېسەدىگىنىچە، - ساڭا يۈزسىزلىك قىلدىم، سېنى رەنجىتتىم. مەن نادانىكەنمەن، تازىمۇ ئەقىلسىزكەنمەن. مەن شامىل بىلەن يۈرمىسىگەن، پەقەت شامىلنى...

- بولدى، جېنىم، ئۇنىڭ گېپىنى قىلما! - دېدىم مەن ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، - ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. سەن يەنىلا مېنىڭ دوستۇم!

- كېتىدىغان بولدۇڭمۇ؟ يۇرتقا كېتىسەن - ھە، ساجىدە؟ - تاجىنىسا يۈرەكنى ئەزگۈدەك

ئاھاڭدا سۆزلەيتتى، - كېتەيلى، دوستۇم، تېزرەك كېتەيلى. بىر كۈنمۇ تۇرغۇدەك تاقىتىم قالمىدى بۇ يەردە!

- مېنىڭغۇ كېتىدىغىنىم ئېنىق. سېنى يول مېڭىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانتىمغۇ...

- بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلما! - تاجىنىسا يىغىدىن توختاپ، غەزەپ بىلەن سۆزلىدى، - ئالدامچى! پۈتۈنلەي ئالدامچىكەن!

- كىم؟ كىم ئالدامچىكەن؟ - مەن چۈشىنەلمەي سورىدىم.

- يولۇڭنى ماڭمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، دەپ يۈرگەنلەرچۇ! ئۇلار بىزدەك بىچارە قىزلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن لۈكچەكلەر ئىكەن. مېنى ۋەيران قىلدى، مەن تۈگەشتىم!

مەن جىم بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمغا ھېلىقى سىرلىق سارايىنىڭ خوجايىنى، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك تەلەتى كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم. تاجىنىسامۇ شۇنداقتىن بىرىگە ئۇچراپتۇ - دە! ۋۇي، ئۇنىڭ «مېنى ۋەيران قىلدى، مەن تۈگەشتىم» دېگىنى نېمىسى؟ يا ئۇ...

مەن چۈشەندىم، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىنى چۈشەندىم. بۇ دۇنيا نېمانچە رەھىمسىز؟ بۇ دۇنيانىڭ ئەرلىرى نېمانچە رەزىل - ھە؟! بىز ئاياللار نېمانچە ئەخمەق؟ بىز ئايالىلار نېمانچە بىچارە - ھە؟!

ئەمدى مەن تاجىنىساغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم. شۇنداق، مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيەلەيمەن؟ مەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش يولىنى تېپىش كويىغا كىرگەندە، بۇنى قىلچە ئويلاپمۇ قويمىدى، «بۇ قىز كېيىن قانداق قىلار» دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى. قارىغاندا ئۇ بىر قىزنىڭ ئۆزىنى بېغىشلىشى نورمال ئىش، بىز ئەرلەر بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق، دەپ قارايدىغان ئوخشايدۇ، ئايرىلىپ كېتىپ تۇرۇپمۇ ھېلىقى خوشلىشىش چېيىدا قىلچە تەپتارتماي، ئازراقمۇ خىجىل بولماي، ماڭا خوشلىشىشنىڭ «ئۆزگىچە» تەلىپىنى قويدى. مەن شۇنچە يىل كۆڭلۈمنى بەرگەن كىشىدىن كەلگەن «ياخشىلىق» شۇنچىلىك! تاجىنىساچۇ، قارىغاندا ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزى قىلچە ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ شېرىن سۆز، يالغان ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويغان ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە تۆلىگەن بەدىلى بىكار كېتىپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابى مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر!

بىز خېلى ئۇزۇنغىچە قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق. ئايال كىشى دېگەن يىغىسىز ياشىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. يىغلاۋېرىپ ئىچىمىز سەل بوشاپ قالغاندەك بولدى. يىغلاۋېرىپ تەقدىرىمىزگە تەن بەرگەندەك بولۇپ قالدۇق. قانداقلا بولمىسۇن، مەن دەردىنى تاجىنىسادىن بىرنەچچە ئاي ئارتۇق تارتقاچقا، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

- كېتەيلى، تاجىنىسا، - دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، - پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. يىغلىغان بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ. يۈر، دوستۇم، ياتاققا كېتەيلى!

تاجىنىسامۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىمدىن ماڭدى.

خالىدە، تاجىنىسا ئىككىمىزنىڭ تۇيۇقسىز ياخشىلىشىپ قالغىنىمىزغا ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولغاندەك. لېكىن مەن ساڭا تاجىنىسانىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى دېگۈم كەلمىدى.

مانا ئەمدى ماڭا ياندىشىپ ئولتۇرغان تاجىنىسا ماڭا تەسەللى بېرىۋاتىدۇ.

- بولدى قىلغىنا، ساجىدە، يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ بىز ئۆلگىلى ئەمەس، ئۆز يۇرتىمىزغا كېتىۋاتىمىزغۇ!

ئۇ شۇنداق دەپ تۇرغىنى بىلەن، يىغلىۋېتىشقا ئارانلا تۇرغىنى تىترەڭگۈ ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ تەسەللى بەرگەنچە كۆڭلۈم شۇنچە بۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

- بۇ قىزلارغا نېمە بولغاندۇ؟

- ھەرقاچان ئېرى تاشلىۋېتىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەندۇ؟

- نەدىكى گەپنى قىلمىغىنا! ئوقۇغۇچى قىزلاردەك قىلىدۇ، ھەرقاچان چوڭ يۇرتتىن ئايرىلىش ئېغىر كېلىپ يىغلىشىۋاتقاندۇ. ھەي -

ي، بۇ زاماننىڭ بالىلىرىزە، ئۆز يۇرتىدىن تېنىپ كېتىشكە ئارانلا تۇرىدۇ.

- . . .

ئاپتوبۇس ئىچىدە ئاڭلىنىۋاتقان پىچىرلاشلار ئاخىر مېنى يىغىدىن توختاتتى. ئۆزۈمنىڭ هازىرقى دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتقاندا، كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكى بولۇپ قېلىشتىن قورقتۇم.

ئاپتوبۇس تاغ ئارىسىدا يۇقىرىلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئىچىگە لىققىدە تولغان كىشىلەرنى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل غەم - ئەندىشە، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى بىللە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتىقىمۇ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندەك ئىنجىقلاپ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر قېتىم تەتىل بولغاندا ياكى تەتىلدىن قايتقاندا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋېدىغان بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلار ئالدىن خەۋەرلىشىۋېلىپ بىر ئاپتوبۇسقا چۈشۈۋالاتتۇق. يول بويى داۋام قىلغان كۈلكە - چاقچاق، شوخ ناخشىلار بىلەن يولنىڭ ئازابىنىمۇ ھېس قىلماي مەنزىلگە بېرىپ قالاتتۇق. ئەمدى ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتكەن ئوخشايدۇ، ئاپتوبۇستا ئوقۇغۇچىلاردىن تاجىنىسا ئىككىمىزلا بار. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۈگدىسە، بەزىلىرى نېمىلەرنىدۇر كۆرمەكچى بولغاندەك دېرىزىدىن يىراقلارغا باقماقتا. بەزىلەر ئاچچىق موخوركىنى تارتىشىپ، پۇل پارىڭىغا چۈشۈپ كەتكەن. ھەممەيلەننىڭ چىرايى تورپا باسقان. كىچىككىنە بىر بالا مىرقىراپ يىغلاپ كېتىۋېدى، چىرايىنى بالدۇر قورۇق باسقان ياشقىنا ئايال چىمدىپ، ئۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ قىرقىرىتىۋەتتى. «توۋا، ئادەملەر ئارزۇلاپ ئۆي تۇتۇشۇپ، ئارزۇلاپ بالىلىق بولۇپ، كەينىدىن بالىنى ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان بىرنەرسە قىلىۋالىدىكەن.»

غىڭ سايدا كېتىۋاتىمىز. مەيلى ئالدىڭغا، مەيلى ئىككى يېنىڭغا قارىغىن، ئانچە - مۇنچە كۆكىرىپ تۇرغان چاكاندا، ياتناقتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بىردىنلا يۇرتۇم يادىمغا كەلدى. مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئەتراپىنى بىپايان قۇملۇق ئوراپ تۇرىدۇ. كىچىككىنە بوستانلىق بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە باغلىۋالغان. مەن شۇ يەرگە قايتىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ مېنى قارشى ئالامدۇ ياكى چەت، ياقا جايلىرىغا ھەيدىۋېتەمدۇ، بۇ مەن ئۈچۈن قاراڭغۇ.

شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلۈم يەنە بۇزۇلدى. ئۇھ، ئىنسان ئۈچۈن يەنىلا بالىلىق چاغلار كۆڭۈللۈك ئوخشايدۇ. ئۇ چاغلاردا مەن قورساقتىن باشقىنىڭ غېمىنى قىلمايتتىم. قىيغىتىپ ئويناش بىلەن بولۇپ، جاپاكەش ئاتا - ئانامنىڭ ھارغىن چىرايىغا قاراشقىمۇ چولام تەگمەيتتى. زاغرا نانمۇ شۇنچە مەززىلىك تېتىيتتى. ئۇ چاغلاردا يۇرتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئائىلەمنىڭ نامراتلىقى بىلەن نېمە كارىم؟ تۇرمۇش مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، يۇرت دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. ماڭا ئاتا - ئانام مېنى بىر ئۆمۈر باقىدىغاندەك، مەن مۇشۇنداق ئويناپ يۈرىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. لېكىن كىشىلىك ھايات ئۇنداق بولمايدىكەن. قارىغاندا، بالىلىق دېگەن ئادەمنى ئالدايدىغان، ئەسلەشكە مەجبۇر قىلىپ قايغۇسىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن يارالغان چاغ ئوخشايدۇ.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

كەينىدە ئولتۇرغان بىر ئەر كىشى بوغۇق، ئەمما مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىر چاغلاردا مەن «قېرىلارنىڭ ناخشىسى، زاماندىن قالغان ناخشا» دەپ مەسخىرە قىلىدىغان كۈيلەرنىڭ بىرى بولغان بۇ ناخشا بۈگۈن ماڭا ئاجايىپ چىرايلىق ئاڭلىنىپ كەتتى.

ئارىدا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى كەچكە يېقىن ۋىلايەت مەركىزىگە يېقىنلاشقاندا، بىردىنلا ۋىلايەت مەركىزىدە قېلىشنى ئويلاپ قالدىم. ۋىلايەت مەركىزى ئۇرۇمچىگە يەتمىگىنى بىلەن، نامرات يۇرتۇمدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق - دە!

ۋىلايەت مەركىزىدە ئەمەل تۇتقان بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى. ئاتا - ئانام ئۇنىڭ ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى. دېمىسىمۇ بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ ئىچىدە ئەمەل تۇتۇپ يۇز تاپقان شۇ بىرەيلەنلا بار ئىدى. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا يا دادام، يا ئاپام بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم بارغان. قاپىقى ئېچىلمايدىغان بۇ ئادەم بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ئانچە ياقتۇرمىسا

كىرەك، بىزگە بەكمۇ چىراي ئىچىپ كەتمەيتتى. ئائىلىمىز شۇنچە نامرات بولسىمۇ، ھەر قېتىم بارغىنىمىزدا قۇربىمىز يەتكەن نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ باراتتۇق. لېكىن ئۇنىڭ بىرەر قېتىم «رەھمەت، بۇنچە كايىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولاتتىغۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ باقىنىم يوق. ئاتا - ئانام ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى كۆڭلىگە ئېلىپ باقىنى يوق، بەلكى يۇرتقا قايتىپ بارغاندا، بۇ تۇغقىنىنى يوقلاپ بارغىنىنى باشقىلارغا ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. مەن تۇنجى قېتىم بارغىنىمدا، بۇ ئۆيگە قەدەم باسماسلىقنى قارار قىلغانىدىم. لېكىن ئاتا - ئانام مېنى زورلاپ ئاپىراتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ھەر قېتىم تەتىلدىن قايتسام، ئۇلار بۇ كاتتا تۇغقىنىنىڭ ئۆيگە كىرىپ خوشلىشىپ ئۆتۈشۈمنى جىكىلەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشنى، ئۇنىڭ سۆرۈن چىرايىنى كۆرۈپ چۈشۈن يەۋالغاندەك كۆڭلۈم غەش ھالدا قايتىپ چىقىشنى خالىمايتتىم. بىراق بۇ قېتىم ئامال بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. مەن ۋىلايەت مەركىزىدە قېلىشنىڭ يولىنى قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭغا سالام بەرمىسەم، ئۇنىڭغا ھال ئېيتمىسام بولمايدۇ. كۆردۈڭمۇ، خالىدە، ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە غۇرۇرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولىدىكەن.

ئەمىلى بارنىڭ يولى بار بولىدىكەنغۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ كىشى بىلەن بىز تۇغقان. شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ قويار. بۇ ئويىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن روھىم سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى.

خالىدە، مۇھەببەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق بىلەن تەڭ مېنىڭ جىمى يوللىرىم توسۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇنچە زور ئۈمىد باغلىغان تۇغقىنىم مېنىڭ دەردىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سوغۇققىنە قىلىپ:

— يۇرتقا بارغىن، قىزىم، مەن ياشىنىپ پېنسىيىگە چىقتىم، سېنىڭ بۇ يولۇڭنى مېڭىپ بولالمايمەن، — دەپ گەپنى كېسىۋەتتى.

مەن يەنە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدىم. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ مەن بۇ سوئالنى ئۆزۈمدىن نەچچە - نەچچە رەت سورىغىنىم بىلەن، يەنىلا كۆڭلۈمنى خۇش قىلغۇدەك بىرەر جاۋاب تاپالمىدىم.

— مەيلى، يۇرتقا كەتسەم كېتەي، ھېچبولمىسا ناھىيىدىكىلەرگە ئىككى ئېلىك خەت يېزىپ بەرسىلە، — دەپ يالۋۇردۇم تۇغقىنىمغا يىغلاپ تۇرۇپ، — يېقىنىراق يەرگە بۆلۈنۈشىمگە ياردىمى تېگىپ قالار.

تۇغقىنىم بىرھازاغىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ناھىيىدىكى بىر ئەمەلدارغا خەت يېزىپ بەردى. «بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، تەقدىرىم يۇرتۇمغا باغلانغىنى باغلانغان ئوخشايدۇ، ھېچبولمىسا ناھىيە بازىرىدىكى بىرەر مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ قالسامۇ مەيلى» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم مەن.

## 5

خالىدە:

ھايات ئالدامچىكەن، باشقا بىراۋلار ئۈچۈن قانداقكىنتاڭ، مېنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھايات ھەقىقەتەن ئالدامچىكەن!

ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنىمدا، ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىلغانىدىم. شۇنچە كۆپ ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگىنىمىز ئاران بىرقانچەيلەنلا تۇرسا، شۇلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىماي تۇرالايمەنمۇ؟!

مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىت ماڭا تەلەپ قويغان چاغدا، ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىلغانىدىم. بىر قىز ئۈچۈن دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا ۋەدىلىشىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ بۇ دۇنيادا؟!

مەن شۇ بەخت تۇيغۇلىرى ئىچىدە ياشاۋاتقىنىمدا «تەقدىرىم ئاتا - ئانامنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن، ئەمدى ئۇلاردەك جاپا تارتىپ يۈرمەيمەن. تۇغقانلىرىمىز ئىچىدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مانا مەن شۇ! مېنىڭ كەلگۈسىم ئىنتايىن پارلاق بولىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. شامىل بىلەن يۈرگەن چاغلىرىمدا «ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا كېتىمەن» دېگەن بىرلا قارار بولغاچقا، تەقسىمات دېگەنلەر ئۈستىدە

باش قاتۇرۇپ باقمىغانىدىم. ئەمدى بىلسەم، ھايات مېنى ئالدىغانىكەن. ئۇ مېنى مۇئەللەققە ئاچقىپ قويۇپ، كەينىدىن مېنىڭ تەقدىرىم بىلەن ئويناشتى. شۇ تاپتا مەن يارغا ئېسىلىپ قېلىپ، ئاستا - ئاستا پەسكە سىيرىلىۋاتقان، قولى تېگىپ كەتكەن شاخ - شۇمبا ياكى تاشقا جان - جەھلى بىلەن ئېسىلىپ، قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىم. مانا، مېنىڭ ۋىلايەت مەركىزىدە قېلىش ئارزۇيۇمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. ئەمدى ناھىيىگە - ئاشۇ نامرات يۇرتۇمغا كېتىۋاتىمەن. ئۇ يەردە مېنى قانداق تەقدىر كۈتۈۋاتقانلىقى غۇۋا بولسىمۇ ماڭا ئايان. مەن تېخى ئۈزۈمچە تەقدىر - پېشانەمگە پۈتۈلگىنى - بەختلىك بولۇش، دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەمەلىيەتتە، تەقدىر دېگەننى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنمەن. ئەسلىدە تەقدىر نۇرغۇن - نۇرغۇن خۇشاللىق ۋە قايغۇ - ھەسرەت، ئازاب - ئوقۇبەت تەپسىلاتلىرىدىن پۈتۈلگەن بىر كىتاب ئىكەن. بىر ۋارىقىنى ئېچىپ ھاياجانلانساڭ، يەنە بىر ۋارىقىنى ئاچقىنىڭدا قايغۇغا پېتىپ يۇم - يۇم يىغلايدىكەنسەن. . . ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى، ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ دەل ئۆز ھاياتى، يەنە بىر خىل ئېيتقاندا تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلەلمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئىنسان ئەنە شۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن خۇدا بەرگەن قىسقىغىنە ئۆمرىنى دەم كۈلسە، دەم يىغلاپ دېگۈدەك ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ بىر ئۆمۈر كولدۇرلىتىلىپ، ئاخىر ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگەندەك بولغىنىدا، خۇدا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا چاقىرىپ كېتىدىكەن. ئىلگىرىكى يىللاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يولى بارلىرى (بۇنداقلارمۇ ئاز ساندا بولىدىكەن) ناھىيە بازىرىغا، يىراق بولغاندىمۇ ناھىيىگە يېقىن مەكتەپلەرگە، بەزى تەلىيى كەلگەنلىرى ئىدارە - ئورگانلارغا ئورۇنلاشقاندىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى يېزىلارغا ھەيدەلگەنىدى. مېنى نېمە كۈتۈۋاتىدۇ؟ ھەرھالدا قولۇمدا ۋىلايەتتىكى ھېلىقى تۇغقىنىمنىڭ ئىككىلىك خېتى بار. بىر چاغلاردا ئۇ يۇرتىمىزغا كېلىپ قالسا، ناھىيە باشلىقلىرى تەۋرەپ كېتىدىغان. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ بىز تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ قويۇشقىمۇ ۋاقتى چىقماي كېتەتتى. ناھىيىدە شۇنچىلىك يۈزى بار بىر ئادەمنىڭ خېتى ئىلىك ئېلىنىپ قالار، دېگەن ئۈمىدلا ماڭا ئازراق تەسەللى بېرىپ تۇراتتى.

ئىلگىرى يۇرتقا كېلىدىغان چاغلىرىمدا ئۆيدىكىلەرگە قاچان يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى خەۋەر قىلىپ قوياتتىم. دادام بىلەن ئاپام، يەنە تېخى تۇل بولۇپ قېلىپ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا نەچچە يىل بولغان ئاچام، ئۇنىڭ كەپسىز ئوغلى ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بېكەتتە ساقلايتتى. بەزىدە يولدا ئاپتوبۇس بۇزۇلۇپ قېلىپ يېرىم كېچىگە قېپقالىدىغان چاغلىرىممۇ بولىدىغان. بۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇلار قايتىپ كەتمەي بېكەتتە ساقلاپ تۇرۇشاتتى. بۇ قېتىم ئۇلارغا خەۋەر قىلمىدىم. مۇشۇ كۈندە ئۆزۈمنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ بىر سەۋەبىنى دەل نامرات ئائىلىدە، قولىدىن ئېتىز - ئېرىق ئىشىدىن باشقا ئىش كەلمەيدىغان بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىم، دەپ قارىغاچقا، ئاتا - ئاناممۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

تەلىيىمگە ئاپتوبۇس ناھىيىگە گۇگۇم چۈشكەندە يېتىپ كەلدى. مەن تاجىنىسا بىلەن بېكەتتە خوشلىشىپ، بىر ھارۋىغا ئولتۇردۇم - دە، ئۆيگە بېرىۋالدىم.

كېسەلچان ئاپام ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىققىنىچە مېنى باغرىغا باستى:

- ۋاي، جېنىم بالام، قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ نېمىشقا بىزگە خەۋەر قىلىپ قويمايسەن؟

مەن ئۇنى قۇچاقلاپ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم. تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا ۋە تۇنجى قېتىم تەتىل قىلىپ كەلگەن چېغىمدا يىغلىغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن ئۆيدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە يىغلاپ باقمىغانىدىم. مانا ئەمدى يىغلاۋاتىمەن، خالىدە، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىمەن. نېمىگە يىغلاۋاتقاندىمەن؟ ئۆينى سېغىنغانلىقىم، ئاتا - ئانامنى سېغىنغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ ياق! ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن؟ شامىلدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۈرۈمچىدە قالالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ يا

ۋىلايەت مەركىزىدە قالالمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ بۇلارنىڭ قايسى بىرى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يىغلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئېھتىمال بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

ئاچاممۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى پۇتۇمنى قۇچاقلىۋالدى.

كۆڭلەپ - كۆڭلەپ تۈزۈك گەپ قىلمايدىغان، كىشىلەر خېلى قاتتىق گەپلەرنى قىلىۋالسىمۇ، ئۈندىمەي ئۆتكۈزۈۋېپ، دەردىنى ئىچىدە بىلىدىغان بىچارە دادام يېنىمغا كېلىپ:

- كەلدىڭمۇ، قىزىم؟ - دېگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا قىلدى ۋە ئاتىلىق مېھرى بىلەن پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى.

خالىدە، ئۆيىمىزنىڭ ناھىيە بازىرىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ساڭا دەپ بەرگەن. بۇ يەردە توكمۇ بار. بىراق توك پۇلى بەك ئۆرە بولغاچقىمىكىن، بۇ يەردىكى كىشىلەر، جۈملىدىن ئائىلىمىزدىكىلەر ۋات سانى تۆۋەن لامپۇچكىلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئائىلىمىز ئولتۇرۇپ كەلگەن، يېڭىلاشقا قۇربىمىز يەتمەي تولىمۇ كونىراپ كەتكەن ئۆيىمىزگە كىرگىنىمدە يەنە كۆڭلۈم بۇزۇلدى. خىرە يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ ئۆيىنى تېخىمۇ كۆڭۈلسىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. مېنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئۆمرۈم مۇشۇ ئۆيدە، مۇشۇنداق ئۆيلەردە ئۆتەرمۇ؟!

كىچىك چاغلىرىمدا كەپسىزلىك قىلىپ ئاپامدىن نەچچە قېتىم تاياق يېگىنىم ئېسىمدە. ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىدىنمۇ ياكى ئاپامنىڭ چېكىلىقىدىنمۇ (ئەمدى ئويلىسام ئالدىنقى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىكەن) ئاپام مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ بەرمىگەن چاغلىرىمۇ كۆپ. لېكىن مەن ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، بۇ ئائىلىدە مېنىڭ ئورنۇم بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. داداممۇ، ئاپاممۇ مېنىڭدىن قورۇنغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئائىلىمىزنىڭ شۇنچە بىچارىلىكىگە باقماي، مېنىڭ دېگەنلىرىملا ئەمەس، دېمىگەنلىرىممۇ ھەل بولىدىغان بولۇپ قالغانىدى. تەتىل مەزگىللىرىدە كەلسەم، مەن گويا ھۆرمەتلىك مېھمانغا ئايلىنىپ قالاتتىم. ھەپتە - ھەپتىلەپ گۈش دىدارىنى كۆرمەيدىغان بۇ ئۆيدە ھەر كۈنى دېگۈدەك گۈشلۈك تاماق ئېتىلەتتى. تۇنجى قېتىملىق تەتىلدە كەلسەم، ئەسلىدە نەرسە - كېرەك قويۇپ قويۇلىدىغان كىچىك ئۆيگە قايتا دېرىزە قويۇلۇپ، ئاقارتىلىپ، تېگىگە خىش ياتقۇزۇلۇپ، بىر كارىۋات قويۇلۇپتۇ. يەنە تېخى ئەپلىككىنە بىر ئۈنئالغۇمۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئۆي كىچىك بولغىنى بىلەن چوڭ لامپۇچكا سېلىنىپتۇ. ئويلاپ باقسام، شۇنىڭدىن بېرى مەن ئاپام بىلەن، يا ئاچام بىلەن بىر ئۆيدە مۈگدەشىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ باقماپتىمەن. بۇ مېنىڭ كىچىك دۇنيايىم ئىدى. بۇ يەردە دوستلىرىمنى كۈتۈۋالاتتىم، ساۋاقداشلىرىمغا خەت يازاتتىم، ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاپ شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمەتتىم.

ئاپام ماڭا چاي راسلىغىچە دادام بىلەن ئاچام چىقىپ كەتكەندەك قىلىشۇدى، ئۇلار مۇشۇ ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ.

دادام نامازغا چىقىپ كەتتى. بىز مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۇزۇنغىچە گەپ قىلىشماي، بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق. ئاپاممۇ، ئاچاممۇ، مەنمۇ بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتۇق. بىلىمەن، «ئاپام بىلەن ئاچام مېنى ئۆزلىرى بىرەر قېتىم كۆرۈپ باقمىغان بىر يىگىت بىلەن ئۇنىڭ يۇرتىغا كېتىدۇ، بۇ قېتىم بىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدى» دەپ ئويلايدۇ. بۇلتۇر يازلىق تەتىلدە كەلگىنىمدە، ئۇلارغا بۇ قارارىمنى ئېيتقان، بۇنى ئاڭلىغان ئاپامنىڭ خېلى كۈنلەرگىچە يېشى قۇرىمىغان، «بەش يىل مۇساپىر بولغىنىڭ يەتمەي، ئەمدى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىر يۇرتتا بىر ئۆمۈر مۇساپىر بولۇپ يۈرەرسەنمۇ؟» دەپ ئاھ ئۇرغانىدى. ئاچامچۇ، ئۇمۇ شۇنى ئويلايدىغاندۇ، بىراق كۆز يېشىنى ئاققۇزۇشتىن باشقا ھېچنېمە دېمىگەنىدى. ئاچامنىڭ ئېرى بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن خوشمۇ دېمەي بىر ئاخشامدىلا يۇرتتىن غايىب بولغىنىچە، قايتا قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بىچارە ئاچام ھازىرغىچە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، لېكىن بۇ ۋاپاسىز ئەردىن يا بىرەر ئېغىز سالام، يا بىرەر پارچە خەت يوق. ئۇنىڭ نەلەردە قاڭقىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ ئۇققىلى بولمايدۇ. يىگىرمە يېشىدا قورساقتىكى بالىسى بىلەن ئېرى بار تۇل

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغان، ئەمدىگىنە يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، قايغۇ - ھەسرەت چىرايىنىڭ نۇرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قورۇق تاشلاشقا باشلىغانىدى. ئاچام ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ھەسرەتتىن قانداق خالاس بولۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ دەرد چېكىپ يۈرگىنىدە، ماڭا ئەقىل ئۆگىتەلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئاپام ئەھۋالنى ئېيتقان بولسا كېرەك، شۇ كۈنلەردە دادامنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ئاخىر مەن يەنىلا يەڭدىم. چۈنكى مۇھەببەت مېنى جاھىل، ھېچكىمگە يول قويمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ماڭا رازىلىقىنى بەردى. مانا ئەمدىچۇ، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ ئۇلارنى بىر ئەتىل قىيىنغان، نائىلاج رازىلىق بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، بىر يىلدىن بۇيان ئۇلارنى قىيناپ كەلگەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچە بولۇپ چىقتىغۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇلارغا بۇ ئىشنى قانداق ئۇقتۇرۇشۇم كېرەك؟

ئاخىر يەنىلا ئاپام چىدىمىدى.

- ھېچبولمىسا بىرەر ئاي تۇرارسەن - ھە، قىزىم؟ - دېدى ئۇ باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ، - شۇنداق قىلغىن، جېنىم بالام، مۇمكىن بولسىلا بىزنىڭ يېنىمىزدا ئۇزاقراق تۇرغىن، بولامدۇ؟

ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان يىغىنى تەستە بېسىۋالدىم. مەن ئۆزۈمنى كۈلكىگە زورلاپ:

- ئاپا، خاتىرجەم بول، ئەمدى كەتمەيمەن، - دېدىم.

ئاچام چۆچۈپ چىرايىمغا بىر قارىدىيۇ، شۇ ھامان يەرگە قارىۋالدى. ياخشى كۆرۈپ تەگكەن ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، يىگىنى زەھەر بولۇپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن ئۇ بىچارىنىڭ كۆڭلى بىر شۇم خەۋەرنىڭ شەپىسى بارلىقىنى تۇيۇپ بولغانىدى. بىراق ئاپامنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى:

- راست دەۋاتامسەن، جېنىم بالام؟ بۇ گېپىڭ راست - ھە؟ - ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى، - ئەمدى كەتمەمسەن؟ بىزنى تاشلاپ كەتمەيدىغان بولدۇڭمۇ؟ - بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق نۇرى ئۆچتى، - ھېلىقى ئىش... ھېلىقى ئىش...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە پېتىنالمىدى.

- ئۇ ئىش تۈگىدى، ئاپا! - دېدىم مەن پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

ئايال كىشى ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ياخشى چۈشىنىدىكەن، خالىدە. ئاپام بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ شۈكلەپ كەتتى. ئۇ ھەرقانچە ساددا ئايال بولسىمۇ، پەرۋاسىز قىياپىتىمنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان ئازابنى بىلىۋالغانىدى.

نامازدىن قايتىپ كەلگەن دادامنىڭ يۆتىلى ئاڭلىنىۋىدى، ئاپام شۇنى باھانە قىلغاندەك چىقىپ كەتتى. ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەن يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق. مەن شامىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ مېنى قۇچاقلاپ:

- بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، سىڭلىم. ئەگەر ئۇ يۇرتىغا ئاپىرىۋېلىپ، سېنى شۇنداق خورلۇقتا قويغان بولسا قانداقمۇ قىلار ئىدىڭ؟! - دېدى.

«توۋا، مەن شۇ چاغقىچە بۇنى ئويلاپ باقماپتىمەن. راست، ئەگەر تەقدىرىمنى ئۇنىڭغا باغلاپ، ئۇنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولسام، مەن قانداق بولۇپ كېتەتتىم - ھە؟»

ئاچام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماي تورۇسقا قاراپ ياتتىم. مېنى بىر خىل غېرىبلىق چۇلغىۋالدى. شۇ چاغدا سېنى ۋە باشقا ياتاقداشلىرىمنى ئەسلىدىم، خالىدە. كۆڭۈللۈك ياتاق تۇرمۇشى بىلەن بۇ يەردىكى يالغۇزلۇقنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ! مەن بۇ كېچىنى نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تاڭ سۈزۈلۈۋاتقاندىلا ئۇخلاپ قالدىم.

كىشىلەر: «سەھەردە كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ» دېيىشىدىكەن. چۈشۈمدە نېمىنى كۆردۈڭ، دېمەمسەن، خالىدە. سەھەردە بىر پىكاپ كېلىپ ئىشىك ئالدىمىزدا توختاپ، ئۇنىڭدىن ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى چۈشۈپتىمىش. ئۇلار مېنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، «يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىپ بەك ياخشى قىلىپسىز، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز سىزنى ناھىيىمىزدىكى ئەڭ ياخشى ئورۇنغا

ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېگۈدەك. دادام بىلەن ئاپامنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىنى خۇشاللىق ياشلىرى يۇيۇپتۇ، مەن ھاياجانلانغىنىمدىن چاۋاك چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتىمەن...

كۆڭۈللۈك چۈشنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئويغانغىنىمدا بەدىنىم يېپيېنىك بولۇپ قاپتۇ، كەيپىياتىممۇ ساز.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەن تۇغقىنىمىزنىڭ خېتىنى ئېلىپ ناھىيىنىڭ ھېلىقى رەھبىرىنى ئىزدەپ باردىم. لېكىن ئۇ يىغىندا بولغاچقا چۈشكىچە ساقلىغان بولساممۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. بۇ ئوڭۇشسىزلىق روھىمنى چۈشۈرۈۋەتتى. بىراق ماڭا نېمە ئىلاج دەيسەن، چۈشتىن كېيىن يەنە ئىزدەپ باردىم.

بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە دېگۈدەك ئومۇملىشىپ كەتكەن، چوشقىنىڭ ئۈچىيىمۇ ياكى ئۆچكىنىڭ ئۈچىيىمۇ، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق بىرنەرسىدىن توقۇلغان ناۋات رەڭ شلەپە كىيىۋالغان، قارامتۇل يۈزلىرى ياغلىشىپ پارقىراپ تۇرىدىغان، ئاخشاملىرى زىياپەتتىن نېرى بولالماي ئۇيقۇسى قانمىغانمۇ قانداق، بىردەم - بىردەم ئەسنەپ تۇرىدىغان باشلىق ماڭا خۇشياقمىغاندەك سالقىنغىنا نەزەر تاشلاپ قويۇپ:

— ھە، نېمە ئىش؟ — دېدى خىرىلداپ.

ئۇنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ھودۇقۇپ قالمىدىم. چۈنكى مېنىڭ قولۇمدا ھازىر پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، ئىلگىرى بۇ قارىۋايدىن چوڭراق ھوقۇق تۇتقان بىر ئادەمنىڭ خېتى بار ئىدى.

— مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنىدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ، ئۈستىلىدىكى گېزىتلەرنى رەتلەشكە باشلىدى، — ئۇنداق بولسا مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىڭ، سىزنىڭ ئىشىڭىزنى شۇلار بېجىرىدۇ.

ئۇنىڭ مۇئامىلىسى، يالغاندىن بولسىمۇ قارشى ئالىمىز، دېگەن سۆزنى قىلىپ قويمىغانلىقى مېنىڭ دادىللىقىمنى يوقاتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي:

— ۋىلايەتتىن سىلىگە بۇ خەتنى ئالغاچ كەلگەنىدىم، — دېدىم ۋە سومكامدىن تۇغقىنىمىزنىڭ خېتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

«ۋىلايەتتىن» دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنىدىن بولسا كېرەك، ئۇ خەتنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى. بىراق خەتكە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى يەنە بۇرۇنقى ھالەتكە كۆچتى.

— ھە، ئۇ ئاكىمىزنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق ئىكەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى كەينىگە تاشلىغىنىچە پۈشۈلداپ تۇرۇپ، — پېنسىيىگە چىقىۋالدى - ھە؟... ماڭا قاراڭ سىڭلىم، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي، بۇنداق خەتلەر بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىڭ. تەلىيىڭىز بولسا ئارخىپىڭىز شۇ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلگەندۇ. قانداق قىلىش ئۇلارنىڭ ئىشى.

ئۇ مېنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىغاندەك سائىتىگە قاراپ قويدى.

مەن ئىشەنگەن ئاخىرقى تاغمۇ غۇلاپ چۈشتى، خالىدە! ئەمەل تۇتقانلارنىڭ ھۆرمەت - ئابرۇيىمۇ (ئەگەر شۇنى ھۆرمەت - ئابرۇي دېگىلى بولسا) ئۇلارنىڭ ئەمەل تۇتقان ۋاقتى بىلەن چەكلىنىدىغان ئوخشايدۇ. مانا قارىمامسەن، بىر چاغلاردا مۇشۇ قارىۋايلار ۋىلايەتتىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشكەن، نېمە ئىشلىرى بولسا بىز تەييار، دەپ مەيدىلىرىگە ئۇرۇشقانىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىۋىدى، بىرەر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ قويىدىغانغىمۇ تاقىتى يوق ئىكەن ئۇلارنىڭ. مەن يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ مەيۇس ھالدا ئىشخانىدىن يېنىپ چىقتىم. ئەتىگەنكى روھلۇق ھالىتىم ۋە ئىشەنچىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. قارىغاندا، ئادەمنى پالاكەت باسقاندا، كۆرگەن چۈشلىرىمۇ ئۇنى ئەخمەق ئېتىپ ئوينايدىكەن.

يېزىۋەرسەم يەنە شۇ گەپ. مەن كادىرلار ئىدارىسىدىن مائارىپ ئىدارىسىگە يوللاپ بېرىلدىم. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ غېمىدە بۇ يەردىكىلەرنىڭمۇ بېشى قېتىپ نېمىنى قىلىشنى بىلەلمەي قالغاندەك قىلاتتى. «ئۆتكەن يىل كەلگەنلەرنى تېخىچە سىڭدۈرۈپ بولالمايۋاتساق، يەنە

بىرمۇنچىسى يېتىپ كەلدى» دەپ قاقشىشاتتى ئۇلار. جاھاننىڭ ئىشلىرىمۇ قىزىق بولىدىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئوقۇتقۇچىلىرىمىزلا ئەمەس، مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرمۇ تىنىماي: «ياخشى ئوقۇڭلار، سىلەر ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، سىلەر ئالىي مەكتەپكە بېرىشىڭلار كېرەك» دەپ تەلىم بېرەتتى. مانا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلدىم. ئەمدى ئۇلار مەندىن، مېنىڭدەكلەردىن بىزار. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى باشقىلاردىن كۆپ ياخشىكەن، بىرنەچچە ئاي كۈتۈپ قالسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىرەر مەكتەپكە تەقسىم قىلىپ قويىدىكەن. بەزىلەر بولسا ئىككى - ئۈچ يىللاپ خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي ئۇ يەر - بۇ يەرگە دوقۇرۇپ يۈرىدىكەن. توۋا، ئەتراپىڭغا قارساڭ ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ جىقلىقى، لېكىن بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرىلاپ كەتكەندەك، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر پاخاللىشىپ كەتكەن!

مائارىپ ئىدارىسىنى يوقلىغۇچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغىنىمغا ئۈچ ئايدىن ئېشىپ قالدى. بىراق ھەر قېتىم دېيىلىدىغان «ئالدىرىماڭلار، ئويلىشىۋاتىمىز، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىڭلار» دېگەن سۆز مەن دۇنيادا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ بولدى. ھەركىمنىڭ بېشىدا بىرلا غەم بار ئىدى: «مېنى نەگە تەقسىم قىلار؟» ناھىيە بازىرىدا قالالمىسامۇ، ھېچبولمىسا يېقىنراق يېزىغا بارىدىغان بولۇپ قالسام... شۇ غەم تۈپەيلى يا تاماق يېتەلمايتتى، يا ئۇيقۇ ئۇيقۇ بولمايتتى. ئاھ، بىز ئارزۇلاپ ئوقۇغان ئالىي مەكتەپنىڭ بىزگە بەرگىنى شۇمىدۇ؟!

بىزنىڭ سېپىمىزدە تاجىنىسامۇ بار، ئەلۋەتتە. ئىككىمىزنىڭ دەردى بىر بولغاچقا، ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلەر پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، بىز يەنە شۇنداق يېقىن دوستلارغا ئايلىنىپ قالغاندۇق.

## 6

خالىدە:

ئېسىڭدىمۇ، ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلار كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالغان چاغلىرىمىزدا، «ئۆي ئىلىش خوتۇن ئېلىشتىنمۇ قىيىن»، «مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئالىي مەكتەپكە بېرىشتىنمۇ قىيىن» دېگەن سۆزلەر بولۇنۇپ تۇراتتى. بېشىمىزغا كەلمىگەچكىمىكىن، بۇ «قىيىن» لارنىڭ كەينىگە يەنە بىرمۇنچە «قىيىن» لارنى تىزىپ، قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتۇق. بۇ بىزگە بىر كۆڭۈللۈك ئويۇندەك بىلىنەتتى. ئەسلىدە بۇ ئويۇن ئەمەسكەن، بەلكى بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتكە، توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنىڭ قىيىنلىقى چاقچاق كۆتۈرمەيدىغان بىر ئىش ئىكەن. ئىككىنچى پارچە خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سېنىڭ خىزمەتكە چۈشكىنىڭدىن خەۋەر تاپتىم. سەن يىگىتنىڭ بىلەن بىللە بولغاچقىمىكىن (گەرچە باشقا - باشقا مەكتەپتە بولساڭلارمۇ، ئارىلىقىڭلار يېقىن ئىكەن)، خېتىڭدىن سېنىڭ خۇشال ئىكەنلىكىڭ بىلىنىپ تۇراتتى. مەن سېنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. لېكىن ئەھۋالىم چاتاق ئىدى. ئەگەر شامىل ئۆزگەرمىگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان بولسام، بەلكىم ئەڭ چەت سەھرامۇ ماڭا كۆڭۈلسىز بىلىنمەس ئىدى. بىراق ھازىر يا يېنىمدا مەن سۆيگەن يىگىت يوق، يا ئائىلەمگە يېقىن مەكتەپكە ئورۇنلىشىشىمدىن ئۈمىد يوق. مەن «ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۈشتىنمۇ قىيىن» بولغان ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىمدە، شۇ چاغلاردا قىلىشقان چاقچاقلىرىم يادىمغا كەلدى، ئەمما زادىلا كۈلگۈم كەلمىدى.

ئاخىر تەقسىم قىلىندۇق. مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر مېنى ناھىيىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىغا، تاجىنىسانى بولسا 50 كىلومېتىر نېرىدىكى بىر يېزىغا تەقسىم قىلىپتۇ. ئارىدىكى 20 كىلومېتىر پەرق ماڭا تەسەللى بولالمايتتى. ئىككىمىزنىڭلا ئەھۋالىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرگە كۆز يېشىمىزنى ئېقىتىپ يالۋۇرۇش پەيتى كەلگەن ئوخشايدۇ، كۈندە كېلىپ ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋالاتتۇق ياكى كارىدوردا بويىنىمىزنى قىسىپ تۇرۇپ كەچ قىلاتتۇق. بۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بىزنىڭ يېشىمىزدا ئازراقمۇ

نەم بولۇپ قويۇشمىدى. «بىزنىڭ باشقا ئامالىمىز يوق، بۆلگەن يەرگە بېرىڭلار، ئەڭ جاپالىق جايغا بېرىپ ئىشلەش ـ شەرەپلىك» ـ بۇ ئۇلارنىڭ ھەر قېتىمدا دەيدىغان گېپى ئىدى.

«نېمانداق بىزەڭلىك قىلىسىلەر؟ تولا توخۇ پوقىلىق قىلماي، بار دېگەن جايغا بېرىڭلار، بولمىسا بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالىسىلەر!» ئاخىر قوپاللىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز مېنىڭ شۇنچە چاغدىن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمنى يوققا چىقاردى. نەچچە ئايدىن بۇيان مېنى دەم ئۈمىدلەندۇرۇپ، دەم تېگى يوق غەم ـ قايغۇلارغا سېلىپ قىيناپ كەلگەن بۇ لەنىتى ئىشخانىدىن يىغلىغىنىمچە قايتىپ چىقتىم. ماڭا تولىمۇ تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن، ھەر قېتىم قەدەم باسقىنىمدا يۈرىكىمنىڭ قاتتىق ئېغىشىغا سەۋەب بولىدىغان سۈرلۈك بىنانىڭ پەلەمپەيىدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. مەن ماغدۇرسىزلانغان ھالدا بىنا ئالدىدىكى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش سۈرلۈك سىدىگە يۆلىنىپ قالدىم ـ دە، گويا بىنانىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىپ ئىچ ئاغرىتقان ئاھاڭدا مېنى چاقىرىپ قالىدىغاندەك بىلىنىپ، ياشلىق كۆزلىرىم بىلەن بىنا ئىشىكىگە تەلمۈرۈپ قاردىم. بىراق ئىشىك مېنىڭ كەينىمدىن گويا مېنى زاڭلىق قىلغاندەك غەلىتە غىچىرلاپ يېپىلغىنىچە تۇراتتى. يەنە ئۆپكەم ئۆرۈلدى.

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى ئىختىيارسىز تېنىمنى شۈركەندۈرەتتى. بىراق سوغۇقتىن قېچىپ تېزرەك ئۆيگە كېتىش خىيالىمغىمۇ كەلمەيتتى. كاللامدا پەقەت: «مەن نېمىدېگەن شور پېشانە! ئەمدى تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم!» دېگەن بىرلا خىيال چۆرگىلەپ يۈرەتتى.

ـ دەرەخ سىزنى يۆلەۋاتامدۇ، يا سىز دەرەخنى يۆلەۋاتامسىز؟

تۇيۇقسىز ئارقامدىن ئاڭلانغان ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئىتتىك ئۆرۈلۈپ قارىسام، پاكار، ئىنچىكە بىر يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. مەن بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىمىر ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇ شامال چىقسا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىدىغان ۋىجىك بىر بالا ئىدى. ئەمدى چىرايى پارقىراپ، كۆزلىرىدىن تەكەببۇرلۇق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ھەر دائىم قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى ئويلاۋاتقاندەك پىلدىرلاپلا تۇرىدىغان كۆزلىرى، ئېچىلىپلا تۇرىدىغان ئاغزىدىكى سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا يېقىمسىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ جىۋەكلىككە باقماي تولىمۇ بېشەم بالا بولىدىغان. ئۇ دادىسىنىڭ قايسىدۇر بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكى بىلەن ماختىنىپ كېرىلىپ يۈرگىنى يۈرگەنىدى. ئوقۇش دېگەن خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاچقا، ئۇ سۆرۈلۈپ يۈرۈپ تەسلىكتە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇنىڭ تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ، ئۆزىگە ئوخشاش قولاق كەستى باللار بىلەن كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدىغان بولدۇق. بەزىدە تېخى ئۇ قىزلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ بەتقىلىقلىقمۇ قىلىپ قوياتتى.

مەن ئالدىراپ كۆزۈمنى ئېرتتىم.

ـ ھە، ياخشىمۇسىز؟ ـ دەپ قويدۇم مەن خۇشياقمىغان قىياپەتتە. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ بىلەنلا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەم بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايتتىم.

ـ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدى، دەپ ئاڭلىدىم، ـ دېدى ئۇ ھېلىقى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ، ـ باشلىقنىڭ ھارۋىكىشى بولغاندىكىن، تولا سىرتقا قاتىراپ يۈرۈپ كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تاپالمىدىم. ھە، نەگە بۆلدى؟

مېنىڭ بۇ سوئالغا زادىلا جاۋاب بەرگۈم يوق ئىدى. بىراق جاۋاب بەرمەي ئامال بولمىدى.

ـ ۋاي، بولماپتۇ بۇ ئىش! ـ دېدى ئىمىر قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، ـ ھەي، ئۈرۈمچىدىن كېلىپلا مېنى ئىزدىسىڭىز بولماسمىدى!

«نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ يىڭناغۇچ! ـ دەپ ئويلىدىم مەن، ـ تېخىچە كىچىك چېغىدىكى پوچىلىقىدىن قالماپتۇ بۇ!»

مەن ئۈندىمىدىم، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ تېزرەك يوقىلىپ مېنى ئارامىمدا قويۇشىنى تىلىدىم.

ـ شۇڭا، بۇ يەردە تۇرۇپ قاپسىز ـ دە، ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، - كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي تۇرۇڭ. سىزدەك چىرايلىق قىزغا يىغا ياراشمايدۇ. ئۇنداق يىراققا كېتىپمۇ قالماسسىز. باشلىق يىغىندا، شۇ تاپتا مەن بىكار، دەڭا. بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېگەچ بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى. نېمىلا دېگەنبىلەن بىز كونا ساۋاقداش ئەمەسمۇ!...

- ۋاي، بولدى، رەھمەت! - دېدىم مەن ئالدىراپ، - مېجەزىم يوق، ئۆيگە بېرىۋالاي.

- بوپتۇ ئەمسە، كېيىن مۇڭدىشارمىز. يۈرۈڭ، ماشىنىغا چىقىڭ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي.

- ۋاي، ياقەي... ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن!

- ئۇنداق دېمەڭ، دەيمەن، - دېدى ئىمىر رەنجىگەندەك قىلىپ، - مېنى يەنە بۇرۇنقى ھېلىقى ئىمىر، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز - ھە؟ مەنمۇ چوڭ بولدۇم، جۇمۇ!

ئائىلاج ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم.

خالىدە، سېنىڭ يۇرتۇڭدا قانداقكىن، بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردا ئەمەلدارلار ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان پىكاپنىڭ ماركىسىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان قىممەت باھالىق، ھەشەمەتلىك پىكاپلىرىغا قارايدىغان بولساڭ، ئۇلار باشقۇرۇۋاتقان يۇرتنى ھەرگىز نامرات دېگۈڭ كەلمەيدۇ. مەن ئىمىر ئىچىپ بەرگەن ئىشىكتىن ماشىنىغا چىقىپ شۇلارنى ئويلىدىم.



- كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ، ساجىدە، - دېدى ئىمىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، - ماقۇللا دېسىڭىز، يولىڭىزنى مەن ماڭاي. پو ئېتىۋاتىدۇ، دەپ قالماڭ. سىزدەك قىزلار بىزدەكلەرنى ناھايىتى بىر ھارۋىكەشقۇ، دەپ كۆزگە ئىلمايدۇ. لېكىن بۇ رولنىڭ قۇدرىتىنى سەل چاغلىماڭ. بىر ئىدارىدە باشلىقتىن قالسىلا كىمنىڭ گېپى بەك ئۆتىدۇ؟ ئۇنىڭ شوپۇرىنىڭ!

ئىمىرنىڭ سۆزلىرى ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى چاندۇرمىدىم. مەيلى ئەمەسمۇ، يولۇمنى مېڭىپ باقىمەن دېسە، مېڭىۋەرمەمدۇ! مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ سۇغا غەرق بولۇپ، ئۇچرىغان شال پاخلىغىمۇ ئېسىلىۋالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان تۇرسام!

- قولىڭىزدىن كېلىدىغانلا بولسا، ساۋاقداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بىر ئامال قىلسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى، - دەپ قويدۇم مەن.

- شۇنداق قىلمامدىغان! - دېدى ماڭا كۈلۈپ قاراپ قويۇپ، - سىزدەك چىرايلىق قىزلارنى توپا - چاڭ ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئۇنداق يىراق سەھراغا تاشلاپ قويۇشقا قانداقمۇ كۆڭۈل چىدايدۇ؟ ماڭارىپ ئىدارىسىدىكىلەر تازا بىر گالۋاڭلار - دە!... ھەي، ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدىلا سىزگە كۆزۈم چۈشىدىغان، تۇۋا، مۇشۇنداق چىرايلىق قىز مېنىڭ... بولدى، بولدى، ئۆتمىڭا! چاقچاق قىلىپ قويدۇم. راست دەيمەن، ھازىر تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز! بەكلا...

بىردەمدىلا ئۆيگە كېلىپ قالدىم. ئىمىر مېنى يەنە ئىزدەيدىغانلىقىنى، يولۇمنى ماڭدىغانلىقىنى ئېيتتى - دە، ماشىنىسىنى گۈلدۈرلىتىپ كېتىپ قالدى.

مېنىڭ بارىدىغان يېرىمنى ئاڭلاپ، ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ بېشى چۈشۈپ كەتتى. خالىدە، بۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، ئائىلەمدىكىلەر ئۈچۈنمۇ تازىمۇ ئېغىر كۈنلەر ئىدى. تۇرۇپلا مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغانلىقىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قالدىم. ئەگەر مەن ئوقۇشقا بارمىغان، ئاشۇ چوڭ شەھەرنى كۆرمىگەن بولسام، كۆزۈممۇ ئېچىلمىغان بولسا، بىر دېھقان

يىگىتكە تېگىپ كۆرگەن كۈنۈمگە شۈكۈر قىلىپ ياشىغان بولاتتىممىكىنتاڭ. . .

ئۆيدىن چىقماي ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدۈم. بىر ئاخشىمى ئىشىك ئالدىدا ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، كەينىدىن ئىمىرنىڭ: «ساجىدە بارمۇ؟» دېگىنى ئاڭلاندى. «نېمىدەپ كەلگەندۇ بۇ پوچى؟» دەپ ئويلىدىم مەن ۋە ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. ئۇ ماشىنىسىغا يۆلەنگىنىچە يەنە ئاشۇ سارغۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

– كەلدىڭىزمۇ؟ ئۆيگە كىرىڭ، – دېدىم مەن بۇنداق دېيىشنى خالىمايدىغان بولساممۇ.

– بولدى، مەن سىزنى بىر ئولتۇرۇشقا چىللاپ كەلدىم، – دېدى ئۇ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، – جىلىچىلىكتە ئىچىڭىزمۇ پۇشۇپ قالغاندۇ. يۈرۈڭ، بارسىڭىز كۆڭلىڭىزمۇ ئېچىلىپ قالار.

– رەھمەت، بارالمايمەن، مىجەزىم يوق.

– ئۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى. بوپتۇ، بۇ قېتىم بارمىسىڭىز بارماي تۇرۇڭ. چىرايىڭىزغا قارىسام، ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەكلا بولۇپ قاپسىز. ئۇنچىۋالا غەم يەپ كەتمەڭ، دېدىمغۇ مەن! يولىڭىزنى مېڭىۋاتىمەن، مېنىڭچە چوقۇم ئەپلىشىپ قالىدۇ. . . شۇنداق قىلىپ راستتىنلا بارمايسىز؟ بوپتۇ، مەن كېتەي، ئاغىنىلىرىم ساقلاپ قالدى. كېيىن يەنە كېلىمەن. ئۆزىڭىزنى خۇشال تۇتۇپ يۈرۈڭ.

مەن گاڭگىراپ قالدىم. ئىمىر راست دەۋاتامدىغاندۇ، يا پو ئېتىۋاتامدىغاندۇ؟ گەپ قىلسا جاۋغىيىنىڭ چۆرىسى كۆپۈكلىشىپ تۇرىدىغان ئىمىرنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇزۇكرەك بىر يەردە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان مېنىڭدەك بىر قىز ئۈچۈن بۇنداق ئالىقاناتلارنىڭ قانات سۆرۈشى تازىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئىش. قارىغاندا ئۇنىڭ مېنىڭ كەينىمگە كىرگىنى كىرگەن ئوخشايدۇ. بەربىر بارىدىغان يېرىم شۇ بولغاندىكىن، شۇ يەرگە بېرىپ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن!

ئاخىر شۇ قارارغا كېلىپ، ئەتىسى مائارىپ ئىدارىسىغا باردىم. زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ مۇئامىلىسى بىراقلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

ئىشىكتىن كىرىشىمگە ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ: «كېلىڭ، كېلىڭ!» دېيىشىپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. مېنى زاڭلىق قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ يا؟ بىراق ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئۇنداق ئالامەت چىقمايتتى. بىردىنلا ھېلىقى چۈشۈم ئېسىمگە كەلدى.

– سىزنىڭ ئىشىڭىزنى قايتا ئويلىشىۋاتىمىز، – دېيىشتى ئۇلار ئىللىق مۇئامىلە بىلەن، – يەنە ئىككى كۈن ساقلاپ تۇرۇڭ! . . . ئىمىرجاننىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنسىز - ھە؟

مەن چۈشەندىم. بۇ ئىمىرنىڭ كارامىتىدىن ئىكەن - دە! توۋا، مەن تېخى ئۇنى پو ئېتىۋاتىدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن.

مەن روھىم كۆتۈرۈلگەن ھالدا يېنىپ چىقتىم. ئەمدى بۇ بىنامۇ سۈرلۈك كۆرۈنمەي قالدى. بىراق كۆڭلۈمنىڭ تېگىدە بىر غەشلىك بار ئىدى. بۇ غەشلىكنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم.

كەچتە ئىمىر يەنە پەيدا بولدى.

– بۈگۈن مائارىپ ئىدارىسىغا بېرىپسىز - ھە؟ – دېدى ئۇ كۈلۈپ، – مەن تېخى ئىش پۈتكەندە خۇش خەۋەرنى ئۆزۈم يەتكۈزەي دەپتىمەن. . . قانداق، بۈگۈنغۇ مىجەزىڭىز خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟ مەن يەنە سىزنى چىللاپ كەلدىم.

بۇ قېتىم مەن رەت قىلالمىدىم.

خالىدە، ناھىيىمىز نامرات بولغىنى بىلەن، مودا قوغلىشىشقا كەلگەندە باشقا ناھىيىلەردىن قېلىشمايدۇ. خۇددى ناھىيىدىكى ئەمەلدارلار ماشىنا مودىسىنى قوغلاشقىنىدەك، ئازراق پۇل تاپقان تىجارەتچىلەر رېستوران مودىسى بىلەن ئاۋارە. شۇڭا ناھىيە بازىرىدا ئۇرۇمچىدىكى رېستورانلارغا سېلىشتۇرغاندا ياخشى بېزەلگەن ئاشخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان رېستوراندىن بىرنەچچىسى پەيدا بوپتۇ. بۇ رېستورانلاردا ناخشىچىمۇ، ئۇسسۇلچىمۇ بار بولۇپ، بىزنىڭ «مىللىي ئالاھىدىلىك» ىمىز گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىمىر مېنى شۇ رېستورانلارنىڭ بىرىگە باشلاپ بېرىپ، تۆت جۈپ قىز - يىگىت

uyghurkitap.com


ئولتۇرغان بىر ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدى.

راست گەپنى ئېيتسام، قىزلارمۇ، يىگىتلەرمۇ كۆزۈمگە سىغمىدى. بۇ مېنىڭ چوڭ شەھەردىن كەلگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرىنىڭ ياقمىغانلىقىدىن ئىدى. ئۆزلىرىمۇ، ياسىنىشىمۇ چىرايلىق تۆت قىزنىڭ سۇنئىي كۈلكىلىرى، ھاياسىز سۆزلىرى، يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتلەرگە ئەركىلەپ سۈركىلىشلىرى كىشىگە ھېلىقى پەسكەش ئاياللارنى ئەسلىتەتتى. خالىدە، ئايال كىشى دېگەن ئۆزىنىڭ ھاياسى، نازاكىتى بىلەنلا ھەقىقىي ئايال ھېسابلىنالايدۇ. بىراق ئۇلار بۇنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك، ھەتتا زادىلا بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى. يىگىتلەر بولسا كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، قورساقلىرىغىچە يالىڭاچلىنىپ، كېرىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئىمىرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بىراق ماڭا نېمە ئامال دەيسەن؟ ئۆز ئىشىڭنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن بەزىدە مۇشۇنداق خورلۇقلارغا چىدىشىڭغا توغرا كېلىدىكەن.

ھەممىيلەن خېلى سالا قىلغان بولسىمۇ، ئىچىملىك ئىچىشنى قەتئىي رەت قىلدىم. قىزىل ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋاتقان قىزلارغا قاراپ، زىياپەتنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى، تېزرەك ئۆيگە كېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلدىم.

قىز - يىگىتلەرنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلگەندە، ئۇششاق ھەرىكەتلىرىمۇ كۆپەيدى. ئىمىرمۇ جايىدا قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىردەم - بىردەم ئاچكۆزلۈك بىلەن ماڭا قاراپ قوياتتى. بىر چاغدا يېنىدا ئولتۇرغان يىگىت ئۇنىڭ بويىنىدىن تارتىپ، قۇلىقىغا پىچىرلىغىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

- نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ ھاكاۋۇرنى! ئەجەبمۇ پەيزىمىزنى ئۇچۇردىيا! ئۆتكەنكىسى تازا بولاتتىغۇ ساڭا!

- ئاغزىڭنى يۇم! - ئىمىر ماڭا ئىتتىك قارىۋېتىپ، ئۇنىڭغا گۈلەيدى، - ئۇنىڭغا تىل تەگكۈزگۈچى بولما، جۇمۇ! ئەتە - ئۆگۈن ئايالىم بولۇپ قالىدۇ مېنىڭ!

مەن ئاڭلىماسقا سېلىپ، چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇرىۋەردىم. ئىچىمدە كۈلگۈم كەلدى: «توۋا، ئەمدى ئېشىپ - تېشىپ، جاۋغىيىنىڭ چۆرىسىدە دائىم كۆپۈك يوقىمايدىغان ماۋۇ ئىمىرنىڭ ئايالى بولۇپ قالغۇدەكمەن! مېنىڭ ئىشىم ئۈچۈن شۇنچە پايپېتەك بولۇپ كەتكىنى بىكار ئەمەسكەن - دە! توۋا، ھازىرقى ئەرلەرگە نېمە بالا تەگكەندۇ؟ بىرەر ئىشنى تەمەسىز، خالىس قىلغۇدەك ئەر كىشى قالمىغانمىدۇ بۇ دۇنيادا؟!

تانسا باشلىنىشىغا ئىمىر ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مېنى تانسىغا تارتتى. مېنى ئورنىدىن تۇرغۇسى بار دەمسەن، خالىدە؟ ئامالسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئىككى قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، ئىمىرنىڭ مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. مەن يەنىلا چاندۇرماي ئۆزۈمنى يىراقلاشتۇردۇم. ئەمدى ئۇ پىچىرلاشقا ئۆتتى:

- سىز چىرايلىق، بەك چىرايلىق جۇمۇ، ساجىدە! ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىڭىزدىمۇ چىرايلىق ئىدىڭىز، ھازىر تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز. مەن شۇ چاغلاردىلا... ھەي، راست گەپنى قىلسام، شۇ چاغلاردىلا سىزگە كۆيۈپ قالغانىدىم. ئوبدان قايتىپ كەپسىز. ئىشىڭىزدىن غەم قىلماڭ، مانا مەن ھەل قىلىمەن... مەن بىلەن توي قىلىڭ، ساجىدە، مەن سىزنى بەختلىك قىلىمەن. ئىشقا ماشىنىدا بېرىپ، ماشىنىدا كېلىسىز، خۇددى باشلىقلارنىڭ ئاياللىرىدەك...

ھېلىقى سىرلىق سارايىنىڭ خوجايىنى ئېسىمگە كەلدى. يائاللا، بۇ ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ؟

- كەچۈرۈڭ، ئىمىر، - دېدىم مەن ئاۋازىمنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، - قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، بىراق مەن بىركىم بىلەن توي قىلىشنى ئويلاپ باقمىدىم.

- ئويلاپ باقمىغان بولسىڭىز، ئەمدى ئويلاڭ، - دېدى ئىمىر قىزىرىشىپ، - مېنىڭ سىزگە يارىمايدىغان نەرىم بار؟ شوپۇر دەپ پەس كۆرمەڭ. كېيىن بىلىپ قالىسىز، قولۇمدىن نى - نى ئىشلار كېلىدۇ. ماقۇل دەڭ!

- بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئىمىر، كەچۈرۈڭ، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، جايىمغا

كېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم.

ئىمىرنىڭ باياتىنقى خۇشامەت ئارىلاش مۇئامىلىسى پۈتۈنلەي غايىب بولدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەدەپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. مەن:

— داستىخىنىڭلارغا رەھمەت، مەن كېتەي، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم — دە، سىرتقا ماڭدىم. باشقىلارلا ئەمەس، ھەتتا ئىمىرمۇ «خوش» دەپ قويمىدى.

شۇ كۈنى جۈمە ئىدى. شەنبە، يەكشەنبىنى ئۆتكۈزۈپ، دۈشەنبە كۈنى مائارىپ ئىدارىسىگە بارسام، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ جۈمە كۈنىدىكى مۇئامىلىسىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

— ئامال قىلغىلى بولمىدى. ۋاقىتنى يەنە ئۆتكۈزمەي، تېزرەك بۆلۈنگەن جايغا بېرىڭ! — دېيىشتى ئۇلار چىرايىمغىمۇ قارىماي.

مەن ھەممىنى چۈشەندىم. ئەمدى مەن يالۋۇرۇشنىمۇ، يىغلاشنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم. ئۇلارنىڭ يېزىپ بەرگەن ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئالدىم — دە، گەپ — سۆز قىلماي تىككىدە مېڭىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەمدى مەن يەنە ئىككىلىنىپ تۇرماي ئاشۇ چەت يېزىغا بېرىش، تەقدىرگە تەن بېرىپ بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈش قارارىغا كەلگەنىدىم.

ئىككى كۈندىن كېيىن، بەزى تەييارلىقلىرىمنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن ناھىيە بازىرىغا بارغىنىمدا، تاجىنىسانىڭ ئىمىرنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئىش ماڭا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئىمىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ماڭىلا ئەمەس، تاجىنىساغىمۇ «كۆيۈپ» يۈرگەن ئوخشايدۇ.

لېكىن، ئارقىدىنلا ئويلىنىپ قالدىم: «ئىمىر تاجىنىسانى مېنى ئاپارغان سورۇنغا ئاپىرىدۇ، ماڭا دېگەن گەپلەرنى قىلىدۇ. تاجىنىسا بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلار؟»

## 7

خالىدە:

مەن يەنە ئۈرۈمچىگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، بۇ خەتنى بىر قونالغۇدا يېزىۋاتىمەن دېسەم، چوقۇم ھەيران قالىسەن. لېكىن بۇ راست.

ئۈرۈمچى ماڭا تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىتقان، شۇنداقلا ئەقىدىنىڭ بەربات بولۇشى ۋە ئايرىلىشنىڭ زەھەردەك ئاچچىق تەمىنى تېتىتقان شەھەر. ئۇ يەر مېنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلىرىمنىڭ ماكانى، شۇنداقلا ھاياتىمدىكى ئەڭ ئازابلىق چاغلارنىڭ شاھىدى. مەن بۇ يەردىن يۇرتۇمغا قايتقان چېغىمدا، ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسمايمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەن. بۇنىڭ سەۋەبى دېمىسەممۇ ساڭا چۈشىنىشلىك. لېكىن ھاياتىمدىكى يېڭى ئوڭۇشسىزلىق، يېڭى ئازابلاردىن قېچىپ، بۈگۈن ئىرادەمگە خىلاپ، شۇنىڭدەك كۆڭلۈم تارتمىغان ھالدا يەنە شۇ يەرگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. مېڭىش ئالدىدا جىق ئويلاندىم، لېكىن بۇ زېمىندا ماڭا ئوخشاش يار - يۆلەكسىز بىر ستۇدېنت ئۈچۈن ئاشۇ شەھەردىن باشقا پاناھلانغۇدەك بىرەر ياخشى جاينى تاپالمىدىم.

جېنىم دوستۇم، خىزمەت ئورنۇمدا ئالتە ئاي ئىشلىگەن بولدۇم. بۇ يەردە مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا كۆنۈپ قېلىش دېگەن مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئامالسىزلىق تۇيغۇسىلا مېنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى مەن تىرىكچىلىك قىلىشىم كېرەك، ئاتا - ئانامغا يۆلىنىۋېلىپ ياشايدىغان ۋاقتىم تۈگىدى. يۆلىنەي دېسەممۇ، ئۇلار بەش يىل جەريانىدا ماڭا بېرىدىغىنى بېرىپ ھالىدىن كەتتى. مەن يەنە بېرىڭلار دېسەممۇ، ئۇلارنىڭ ئاران ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق.

سەن يۇرتىمىزغا كېلىپ باقمىدىڭ. ياز كۈنلىرى يۇرتىمىز چاڭ - توزان ئۆرلەپ تۇرىدىغان، دېھقانلارنىڭ ئۈستىبېشى ۋەيرانە بولسىمۇ، دەل - دەرەخنىڭ كۆپلۈكى بىلەن جىمى يەر، جۈملىدىن يېزىلارمۇ يېشىللىققا پۈركىنىپ، گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. دەل - دەرەخلەر دېھقانلارنىڭ قىڭغىر - مايماق ئۆيلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغاچقا، يېڭى كەلگەن كىشىلەردە بۇ يەردىكىلەر باياشاتچىلىقتا ياشاۋېتىپتۇ، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن خازان پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلىنىشقا باشلايدۇ. تەبىئىيكى، دەل - دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى پۈتۈن ئۆيلەرنى يېپىپ

www.uyghurkitap.com

بولالمىغاچقا، نامراتلىق قاپلىغان مەنزىرە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

مېنىڭ يېڭى ماكانىمغا بارغان چېغىم دەل خازان پەسلىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كەلگەچكە، بۇ ماكان ماڭا تولىمۇ كۆڭۈلسىز، زېرىكەرلىك بىلىندى. مەكتەپتىكى مەشغۇلات ۋاقتىدىن باشقا چاغلارنى ياتىقىمغا بېكىنىۋېلىپ، يا دەرس تەكرارلاش، يا شاخ - شۇمبىلار ساڭگىلاپ تۇرغان تورۇسقا قاراپ يېتىپ تۈگىمەس خىياللار ۋادىسىدا كېزىش، ياش تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. تاملىرى ئاقارتىلمىغان، كىچىككىنە دېرىزىسىدىن تۇزۇك يورۇقلۇق چۈشمەيدىغان گىرىمسەن ياتاق تولىمۇ كۆرۈمسىز بولسىمۇ، مېنىڭ خىلۋەت ماكانىم بولۇپ قالغانىدى. مەن بۇ يەردە يېتىپ خىيال سۈرگەن چاغلىرىمدا ئەسلىمىلەر دۇنياسىغا پاتىمەن، يىراق كەلگۈسىمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا پېتىنالمايمەن. چۈنكى مەن مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان، ئارزۇيۇمدىكى خىزمەت ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن قىزمەن.

ئاجايىپ ئىش، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلىرىمغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئەتراپىمدا چۆرگىلەپلا يۈرەتتى. ئۇلار ماڭا ئوخشاشلا نامرات دېھقانلارنىڭ باللىرى. ئۇلار ماڭا باللىق دەۋرىمنى ئەسلىتەتتى. ئۈستىۋېشى رەتسىز، كونا بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن سەبىيلىك، سەمىمىيلىك چاقناپ تۇرىدىغان بۇ باللارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلغۇم، ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىغۇم كېلەتتى.

بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشخانىدا ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغىنى بىلەن، ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا تولۇق قاپاق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بىرنەچچە قېتىملىق دەرس تىڭشاش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىنىپتىمۇ چىرايى تۈزۈك ئېچىلمايدىغانلىقىنى، باللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا تولىمۇ سەت گەپلەر بىلەن ئۇلارنى تىللايدىغانلىقىنى سېزىپ، باللارنىڭ نېمىشقا مېنىڭ بىلەن شۇنچە تېز يېقىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

بۇ مەكتەپتە دىققىتىمنى بەكرەك تارتقان ئىككى كىشى بولدى. بىرى، مۇدىرىمىز ئىدى. ئۇنىڭ قاپىقى ئىشخانىدىمۇ ئېچىلمايتتى، بىركىمدىن خاپا بولۇپ قالغاندەك دائىملا چىرايىدىن قار ياغدۇرۇپ يۈرەتتى، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارغا ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتەتتى، ئاغزىنى بۇزاتتى. ھەپتىدە بىرەر قېتىم ئېگىزلىككە تىغ تەگكۈزمەيدىغان، مايلىشىپ كەتكەن كەپكىسىنى شىللىسىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالىدىغان، كۆڭلىكىلا ئەمەس، چاپىنىنىڭ ياقىسىمۇ كىرلەشكەنلىكتىن مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى خۇددى كەنت باشلىقلىرىنىڭ دېھقانلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. مەن ئۆزۈم خالىمىغان جايدا ئىشلەۋاتقان بولساممۇ، يەنىلا ھالال ئىشلىشىم كېرەك، دېگەن ئويدا بولغاچقا، ئىشلىرىم يامان ئەمەس كېتىۋاتاتتى. شۇ تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، مۇدىر ماڭا ۋارقىراپ باقمىدى، بىراق ئىككى - ئۈچ قېتىملىق يىغىندا: «شەھەر قىزلىرىدەك ياسىنىۋالمايلى، يېزىمىز بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ. . . ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئارىلىق بولمىسا بولمايدۇ. بولمىسا ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن مېنى چېقىۋالدى. خالىدە، ھازىرقى زاماندا بىر مەكتەپنى باشقۇرۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئادەم تەربىيىلەشتىكى مىزانى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قانداق بولماقچى؟! مەن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشەنمىگەنگە سېلىپ، باللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋەردىم، يەنە چىرايلىق ياسىنىپ دەرسكە كىرىۋەردىم. ئوقۇتقۇچى بىر مېھرىبان ئانا. ئۇ باللارنىڭ قەلبىگە ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى سىڭدۇرۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى بىر ئەينەك. ئۇ ئۆزىنىڭ رەتلىك، مەدەنىي قىياپىتى بىلەن باللارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشى، ئىنساندەك ياشىشى لازىملىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك!

دىققىتىمنى تارتقان يەنە بىر كىشى - ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى رېشىت. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۆزىنى پاكىز تۇتۇپ يۈرىدىغان ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئېگىز بوي، سارغۇچ چاچلىرى سۈيۈقراق، ئۇزۇنچاق

يۇزلۇك، كۆكۈش كۆزلىرىدىن بىر خىل ئۆتكۈر نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، قىرلىق بۇرنى ۋە نېپىز لەۋلىرىدىن بىر خىل قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇز ياشلاردىكى بۇ يىگىتتىن ئوقۇتقۇچىلارلا ئەمەس، مۇدىرمۇ سەل ھېيىقىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق ئوچۇق دەرسىدىن ئېۋەن تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى ئۆزلەشتۈرۈشلا ئەمەس، باشقا دەرسلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈش سۈپىتىمۇ مەكتەپ بويىچە يۇقىرى. چۈنكى ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپلا قالماي، ئۆز سىنىپىغا دەرسكە كىرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئارامىدا قويمايدۇ. ئۇ يىغىنلاردا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئايماي ئوتتۇرىغا قويۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىدىغانلار ئاسانلىقچە چىقمايدۇ، بىراق قويغان مەسىلىلىرى ھەل بولماي شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ. مۇدىرمۇ، بەزى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىشقا ئامراق. ئۇنىڭغا تېخى «رېشىت مۇنچا» دەپ لەقەممۇ قويۇۋالغان.

- بۇ «مۇنچا» پاكىزلىك ھەققىدە تولا سۆزلەپ ساراڭ بولۇپ قالاي دېدى، - دېيىشىدۇ ئۇلار كۈلۈشۈپ، - ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ مىڭ پاكىز بولغىنى بىلەن، ئالىدىغان قىزىنى خەققە تاتقۇزۇپ قويغان بىرنېمىغۇ!

بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئانچە ئۆتمەيلا ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇم. رېشىت ئەسلىدە ناھىيە بازىرىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن. نەچچە يىل مۇھەببەتلەشكەن سۆيگىنى توي ۋاقتىمۇ بېكىتىلىپ بولغان كۈنلەردە بىردىنلا ئۆزگىرىپ، ناھىيىدىكى قايسىدۇر بىر باشلىقنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رېشىت ئۆزى تەلەپ قىلىپ بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەپتۇ. «يېزىدا، مۇمكىن بولسا ھەربىر كەنتتە بىردىن مۇنچا بولۇشى كېرەك، - دەيدىكەن ئۇ دائىم، - كىشىلىرىمىز قاچانغىچە بىر نوگاي سوغۇق سۇنى ئۈستىگە قۇيۇۋېتىپ، پاكىز بولدۇم دەپ يۈرىدۇ؟ ! »

ئۇنىڭ ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم قوزغالدى. چۈنكى ئىككىمىز مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنمىز. مۇنچا توغرىسىدىكى گەپ بولسا، گەرچە ئىچىملىك مەسىلىسىمۇ تولۇق ھەل بولمىغان بۇ يېزىلار ئۈچۈن ئەمەلىيەتتىن يىراق گەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى ئارزۇسى ھۆرمەتلىنىشى كېرەك.

مەن بۇ مەكتەپكە كەلگەندە، مېنى قىزغىن قارشى ئالغانمۇ، ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ماڭا قىزغىن ياردەم قىلغانمۇ ئاشۇ رېشىت بولدى. تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ھاكاۋۇردەك كۆرۈنىدىغان بۇ يىگىتنىڭ قەلبىدە سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇ دائىم: «بىزنىڭ تەبىئىي پەندىكى سۈپىتىمىز ئۆسۈشى كېرەك، بولمىسا بارغانسېرى ساپايىمىز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ» دەپ سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ مەيلى كىشىلىك تۇرمۇش، مەيلى ئەدەبىيات، مەيلى تارىختىن بولسۇن، ئوقۇغانلىرى كۆپ، بىلىدىغىنى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىزنىڭ تېزلا چىقىشىپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولدى. بىز ئەدەبىيات ھەققىدە كۆپرەك سۆزلىشىدىغان بولدۇق. كېيىن كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى پاراڭلىرىمىزمۇ بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، مۇھەببەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى، شۇنداقلا مېنىڭ شەخسىي سىرلىرىمنى كوچىلاپمۇ يۈرمەيتتى. شۇڭا بىز بىرقەدەر ئەركىن پاراڭلىشالايتتۇق.

- سىز ناھىيىنى تاشلاپ يىراق سەھراغا كەپسىز، - دەپ سورىدىم بىر كۈنى ئۇنىڭدىن، - پۇشايمان قىلمامسىز؟ زېرىكمەمسىز؟

رېشىت كۆكۈش كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامىتىنى چاقنىتىپ:

- نېمىگە پۇشايمان قىلىمەن؟ بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ تولىسى سەھرادا. شەھەردىكى باللارنىڭلا سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ - دە! - دېدى، ئاندىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، - زېرىكىش ئىشىغا كەلسەك، تۈزۈك بىر مەدەنىي ھاياتتىن دېرەك بولمىغان سەھرادا زېرىكمەيدىغان ئادەم بولامدۇ. بىراق سىز بىلەن مەندەك ئادەملەر ئۈچۈن زېرىكىشنى ئۇنتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى - ئۆزىنى خىزمەتكە بېغىشلاش.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە رەددىيە بەرگۇدەك بىرەر سۆز تاپالماي جىم بولۇپ قالدىم.

« ‹ مۇنچا › بىلەن ‹ مەدەنىي قىز › تېپىشىپ قاپتۇ! » مەن كېلىپ ئىككى ئاي ئۆتمەي شۇنداق بىر گەپ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن شۇ هامانلا بۇ گەپنىڭ رېشىت ئىككىمىزگە قارىتىلغانلىقىنى چۈشەندىم. توۋا، بۇ دۇنيادا قايغۇسى، كەچۈرمىشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى ئادەم بىر - بىرى بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكىلىمۇ بولمىسا، دۇنيانىڭ نېمە مەززىسى قالىدۇ؟ دەسلىپىدە رەنجىدىم، كېيىن بۇنداق گەپلەرگە كۆنۈپ قالدىم. چۈنكى كىم بىلەندۇر يۈرۈش مېنىڭ خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. مەن ئۆزۈمنى «بۇ جاهاندىن تەنها پېتى كېتىدىغان ئادەم» دەپ هېسابلايتتىم. قورسىقىمدا ئاغرىق بولمىغاندىكىن، كىشىلەر نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ! بىز يەنىلا ئارىلىشىپ، پاراڭلىشىپ يۈرۈۋەردۇق.

خالىدە، سىلەر تەرەپتە قانداقكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە مائاش ۋاقتىدا تارقىتىلمايدىكەن. خىزمەتكە چۈشۈپ ئۈچ ئاي بولغاندا ئاران بىر ئايلىق مائاشىمنى ئالالىدىم. بۇنداق بولغاندىكىن، ئىقتىسادىي ئەهۋالىم چاتاق ئىدى. ئاتا - ئانامنىڭ هالى ئۆزى بىلەن بولغاچقا، مېنى يۆلىگۈدەك ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئىككىنچى مەۋسۇم باشلانغاندا بىر ئايلىق مائاشىم مەن مەسئۇل بولغان سىنىپتىكى باللارنىڭ دەرسلىك كىتاب پۇللىرىغىمۇ چىقىش قىلماي قالدى. دېهقانىنىڭ هالى خاراب بولغاچقا، بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلاردىن دەرسلىك كىتاب پۇلىنى يىغىش قىيىنغا چۈشىدىكەن. شۇڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشى بۇ خىراجەتكە تۇتۇپ قېلىنىدىكەن. بىز باللاردىن ئالدىرىماي يىغىۋالغۇدەكمىز. لېكىن نېمىنى يىغىۋالىمىز؟ بەزىلىرى بىرنەچچە تۇخۇم ئەكېلىدۇ، بەزىلىرى ئۆيدىكىلەر پۇل بەرمىدى، دەپ ئىششىپ تۇرىدۇ. چىڭراق تۇتسالڭ ئاتا - ئانا بالىسىنى مەكتەپتىن توختىتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ، ئاتا - ئانىلارغا يالۋۇرۇپ بالىسىنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىدىغان گەپ. بۇنداق ئەهۋالدا دەرسلىك كىتابقا كەتكەن پۇلۇڭدىن قۇرۇق قالغىنىڭ قالغان. مانا بۇ بىز يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۈنى!

هە راست، ئالدىنقى خېتىمدە تاجىنىسانىڭ ئىمىر بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىمنى يازغانىدىم. بەلكىم ئۇنىڭ ئەهۋالىنى بىلگۈڭ باردۇ. مەن خىزمەتكە چۈشۈپ ئىككى هەپتىدىن كېيىن ئۆيگە بارغىنىمدا، تاجىنىسا مېنى ئىزدەپ ئۆيگە كەلدى. ئۇ ناهىيە بازىرىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يېزا مەكتىپىگە ئورۇنلىشىپتۇ.

- خۇداغا شۈكۈر، هەرهالدا يامان ئەمەس يەرگە ئورۇنلاشتىم، - دېدى ئۇ، لېكىن قەلبىدىكى غەشلىكنى يوشۇرالمىدى، - ئۇھ، هايات دېگەن مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، ساجىدە!

- ئىمىر يول ماڭغان ئوخشىمامدۇ؟

- شۇنداق، - دېدى تاجىنىسا بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، - ساجىدە، دوستۇم، ساڭا راست گەپنى قىلماي نېمە قىلاي؟ بۇنىڭ بەدىلىگە مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم.

تاجىنىسانىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. مەن ئۇنى مۇرىسىدىن قۇچاقلىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ !

- بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆز تەقدىرىمنى باغلاش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ، - دېدى تاجىنىسا بۇقۇلداپ يىغلاپ، - كۆڭۈل بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش باشقا - باشقا نەرسىكەن، ساجىدە. شۇ تاپتا مەن بەك ئازابلىنىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن. لېكىن بەك ئاجىزكەنمەن. باشقا يول تاپالمىدىم.

ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مەنمۇ يىغلىۋەتتىم. بىز قىزلار نېمىدېگەن ئاجىز، نېمىدېگەن بىچارە - هە!

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ توي باغىقى قولۇمغا تەگدى. توي - قىز بالا ئۈچۈن ئۇنىڭ هاياتىدىكى بىر كاتتا خۇشاللىق. لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن تەقدىرى قوشۇلغاندىلا، ئاندىن پەيدا بولالايدۇ. لېكىن تاجىنىسا بىچارە شۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقاندۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن غايىبانە ياش تۆكتۈم.

مەن تويغا قاتنىشالمىدىم. يېزا دەل شۇ شەنبە، يەكشەنبىگە توغرىلاپ ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرۇۋاپتۇ. مەن شۇنچە يالۋۇرغان بولساممۇ، مەكتەپ مۇدىرى زادىلا ئۇنىمىدى. «بولمايدۇ! توي مۇهىممۇ، ئۆگىنىشمۇ؟ ئەگەر بۇ مەكتەپكە قايتا كەلمەيدىغان بولسىڭىز، ئەنە

يول، كېتىۋېرىڭ!» دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن گەپنى كېسىپ.

كېيىن، تاجىنىسا بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشتۇم. ئۇ ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قاپتۇ، چىرايىمۇ سولاشقان بولۇپ، كۆزلىرى ياشاڭغۇراپلا تۇراتتى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ توي كېچىسى ئېرىدىن قاتتىق تاياق يەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنى ئۇرۇشتىن بىرەر كۈنمۇ توختىماپتۇ. خالىدە، بۇنىڭ سەۋەبى ماڭا ئايان. ئۈرۈمچىدە قېلىش ئۈچۈن تاجىنىسانىڭ تۆلىگەن بەدىلى ئۇنى مۇشۇ كۈنگە قويغان! ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى پەرەز قىلالمايمەن، پەرەز قىلىشتىنمۇ قورقىمەن.

بەلكىم، مەن ئاشۇ يېزا مەكتىپىدە بىر ئۆمۈر ئىشلەپ كېتەر بولغىيدىم. لېكىن مېنىڭ بىر قىز بالا، يەنە كېلىپ چىرايلىق قىز بولغانلىقىم تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئاقىۋەت تەقدىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

بىز تەرەپلەردە دېھقانلار نامرات بولغىنى بىلەن، يۇقىرىدىن بىرەر ئەمەلدار كېلىپ قالسا، يېزىلار كاتتا زىياپەت بېرىپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇنقى بىر جۈمە كۈنى، مەكتەپ مۇدىرىمىز مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى. ئىشخانىغا كىرسەم، ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۈچەيلەنمۇ بار ئىكەن.

— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مائارىپتىن كەلگەنلەرنىڭ مەكتىپىمىزنى تەكشۈرۈپ كەتكىنىنى كۆردۈڭلار، — دېدى ئۇ ھېلىقى مايلىشاڭغۇ كەپكىسىنى يەنە بىرئاز چۆكۈرۈپ كىيىپ، — بۈگۈن كەچتە يېزا رەھبەرلىرى ئۇلارغا ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىدىكەن. سىلەرمۇ قاتنىشىسىلەر.

ئۇنىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدا قىلغان بۇ سۆزى ماڭا قەتئىي ياقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۆيگە قايتمىغىنىمغا بىر ئايچە بولۇپ قالغانىدى.

— مۇدىر، مەن ئۆيگە...

مەن گەپنى باشلىشىمغا، ئۇ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ گېپىمنى ئۈزۈۋەتتى:

— بېرىۋالارسىز ئۇ ئۆيىڭىزگە! بۇ دېگەن تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپە!

مەن ئۈچەيلەنگە بىچارىلەرچە قارىدىم. ئۇلارنىڭ چىرايىدىنمۇ نارازىلىق ۋە بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرۈشمىدى.

— گەپ شۇ! چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرۇشقا بېرىشقا تەييارلىنىڭلار!

بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇپ، ئىشخانىدىن يېنىپ چىقتۇق. بىرەيلەن:

— گەپنى ئەگىتىپ يۈرگۈچە، ئاشۇ يوغان قورساقلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىڭلار، دېسەڭلا بولمامدۇ، قاسماق! — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى.

بۇ كۆڭۈلسىز ئولتۇرۇش ھەققىدە تەپسىلىي توختالغۇم يوق. يىغىنلاردا مۇنبەردە قېتىپ ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ گەپ قىلىدىغان بەزى كىشىلەر سورۇندا شۇنداق شاتىراق بولۇپ كېتىدىكەنكى، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىختىيارسىز قۇسقۇۋەتكۈسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن ئاياللارغا قول شىلتىپ تانسىغا تارتىشلىرى، باداڭ قورساقلىرىنى چاپلاپ مېڭىپ كېتىشلىرىنى دېمەمسەن تېخى!

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقان بولدى. ئەمدى ئۇھ دەپ، بۇلاردىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم دەپ تۇرسام، ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ ئولتۇرغان مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پىچىرلاپ قالدى:

— سىز بايا ئەسلىدە بۈگۈن ئۆيگە قايتماقچى ئىدىم، دەۋاتاتتىڭىز. بىز ھازىر قايتىمىز، بىللە كېتەمسىز يا؟ — دەپ قالدى. مەن باشقا نېمىنى ئويلىمايلا ماقۇل بولدۇم.

ناھىيىگە كەلگەندە، باشلىق:

— بىرئاز ئىچتىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپ قالدى. مەن ھودۇقۇپ:

— مەن ئىچمەيتتىم، تولا زورلاپ... ئىككى رومكا... — دېگەن گەپلەرنى ئارانلا قىلالىدىم.

— بۇ ئەھۋالدا ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا كىرسىڭىز ياخشى بولماس. مۇنداق قىلىڭ بولمىسا، سىزنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي، ئەتە ئەتىگەندە ئۆيىڭىزگە بېرىڭ.

باشلىقنىڭ ئەتراپلىق ئويلىغىنىدىن مىننەتدار بولدۇم. مەن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ تەقسىمات سەرسانچىلىقىدا يۈرگىنىمدە، بۇ باشلىق ئۆگىنىشكە كەتكەنىكەن. ئۇ ياخشى

www.uyghurkitap.com

ئادەم ئىكەن، ئەگەر شۇ چاغدا بار بولغان بولسا، مېنىڭ ئىشىم باشقىچە بولارمىدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم مەن.

مېھمانخانىغا بارغاندا ئۇ شوپۇرنى كەتكۈزۈۋېتىپ، مېنى ياتاقتا ئورۇنلاشتۇردى.

— رەھمەت، سىزنى جىق ئاۋارە قىلدىم، — دېدىم مەن باشلىققا. مەن ئۇنىڭ ياتاقتىن ھازىرلا چىقىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىراق ئۇ ماڭا يېقىنلىشىپ:

— سىز كەلگەندە مەن بولماي قاپتىمەن. ھېلىمۇ كېچىكمەسىز، يازلىق تەتىلگىچە چىداپ ئىشلەپ تۇرۇڭ، — دېدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان بىر خىل غەلىتە نۇر مېنى سەگەكلەشتۈردى، مەن كەينىمگە داجىدىم.

— راست دەۋاتىمەن. بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. سىز زايە كېتىپسىز. يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن. سىز ماقۇل دېسىڭىزلا...

ئۇ ماڭا قول ئۇزاتتى. مەن ئىختىيارسىز: «ياق!» دەپ ۋارقىراپ ئۆزۈمنى بىر چەتكە ئالدىم. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋايىلىق ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى - دە، كارۋات تەرەپكە سۆرەشكە باشلىدى. قانداق بولغىنىنى بىلمەيمەن، بىردىنلا ئۇنىڭ يۈزىگە چاڭگال سالدىم. ئۇ «ۋاي!» دېگىنىچە مېنى قويۇۋەتتى. مەن سىرتقا يۈگۈردۈم. ئارقىمدىن ئۇنىڭ: «ۋۇ پاسكىنا جالاپ!» دەپ تىللىغىنى ئاڭلاندى...

دۈشەنبە كۈنى سەھەردە يولغا چىقىپ، دەرس باشلانغۇچە مەكتەپكە بېرىۋالدىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ھەتتا مۇدىرمۇ ماڭا باشقىچە قارىغاندەك، ئۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر بۇزۇق قىزغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم. لېكىن ئۇلارغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەلمەيتتىم. مەن ئاشۇ باشلىققا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكىنىمنىڭ ئۆزى زور خاتالىق بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. بىراق ئىش ئۆتۈپ بولغانىدى، ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاپمۇ ئاقلاپ بولالمايتتىم. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنى يەنە يالغۇزچىلىقتا قالغاندەك ھېس قىلدىم.

ئەتىگەندە رىشىتنىڭ كۆزلىرىدىمۇ باشقىلارنىڭكىدەك ئالامەتنى سەزگەندىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ روھىي ھالىتىمدىكى سۇلغۇنلۇقتىن بىرنەرسىنى سەزگەن بولسا كېرەك، مېنىڭ بىلەن قىزغىنلىق بىلەن سالاملاشتى. نېمىشقىدۇر مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگۈم كەلدى. چۈشتىن كېيىنكى دەرسلەر تۈگىگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا پۇرسەت چىقتى. مەن ئۆزۈمنى يىغلىۋېتىشتىن ئاران تۇتۇۋالغان ھالدا، شۇ كېچىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

— ئىپلاس، ھەقىقەتەن ئىپلاس! — دېدى رىشىت چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — مۇشۇنداق ئادەملەر بىزنىڭ مائارىپىمىزنى باشقۇرسا، مىللەتتىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن!... بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

لېكىن، ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى: بۇ ئىشلار شۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمىدى. ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندە، مەكتەپكە مېنىڭ قاقشالتوغراق يېزىسىدىكى بىر كەنت مەكتىپىگە يۆتكىلىشىم توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇ يېزا ناھىيىمىزنىڭ ئەڭ يىراق يېزىسى بولۇپ، ناھىيە بىلەن ئارىلىقى يۈز كىلومېتىردىن ئاشاتتى. مەن بۇنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئاشۇ باشلىقنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك!

مەن غەزەپلەندىم. مەن كېيىم - كېچەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، يۈك - تاقىمنىمۇ ئالماي مەكتەپتىن كەتتىم. رىشىت بىلەن خوشلىشىۋالغۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇ مەكتەپكە كەلمەيۋاتقان قايسىدۇر بىر بالىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

مېنىڭ يىغلىغۇم بار ئىدى، بىراق يىغلىيالمىدىم. كاللام ۋاڭڭىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ تۇراتتى. نېمىلەرنىدۇر ئويلىماقچى بولاتتىم، لېكىن نېمىنى ئويلىشىمنى بىلمەيتتىم. كۆڭلۈمدە «مەن كېتىمەن! نەس باسقان بۇ يۇرتتىن كېتىمەن!» دېگەن سۆزلەرلا تەكرارلىناتتى. بىراق نەگە كېتىمەن؟

ئۆيدىكىلەرگە ھازىر ئىشلەۋاتقان مەكتىپىمدىمۇ ئىشلىيەلمەيدىغان بولۇپ

قالغانلىقىمنى، باشقا يول تېپىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، ئاپام بىلەن ئاچام هازا ئاچقاندەك هۆڭرەپ يىغلاپ كېتىشتى. دادام بىچارە دۈمچەيگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىنى بويلاپ ئاققان ياشلار چالڭ باسقان ساقىلىنى هۆللىمەكتە ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ياشلىرى مېنىڭ غەزىپىمنى ياندۇرالمايتتى، مېنى سەپەردىن توختىتالمايتتى.

جىنىم خالىدە، مانا شۇنداق قىلىپ بۈگۈن يولغا چىقىپ، بىر قونالغۇغا كەلدىم. كەچتە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. شۇ تاپتا مەن كېيىنكى تەقدىرىمنىڭ قانداق بولۇشىنى، مېنى يەنە نېمىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن. يۈرىكىمنى غەزەپ بىلەن ئەندىشە نۆۋەتلىشىپ قوچۇپ تۇرىدۇ. دېرىزىدىن قارىسام، خۇددى مېنىڭ كەلگۈسىمدەكلا قاراڭغۇلۇق قاپلىغان كېچە يېپىلىپ ياتىدۇ.

8

خالىدە:

ئۈرۈمچىگە «قېچىپ» كەلگىنىمگە بىرنەچچە ئاي بولدى. مەن ئوقۇشقا كەلگەندە ئىللىق كۈلۈپ قارشى ئالغان، تۆت يىللىق گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قەلبىمگە ئۆچمەس قىلىپ ئورنىتىۋەتكەن ئۈرۈمچى ئەمدى يوقتەك تۇرىدۇ. مەن بىرەر كۈن ئېچىلىپ - يېيىلىپ چىن قەلبىمدىن كۈلگىنىمنى بىلمەيمەن. رودىپايدەك چاپلاشقان غەم - غۇسسە مېنىڭدىن نېرى بولاي دېمەيدۇ. تۈگىمەس خىياللار ماڭا ئۇيقۇ بەرمەيدۇ. كەينىمگە قارىسام تىكەنلىك يول، ئالدىمغا قارىسام قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يولنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنۈم، ئاپتوبۇستىن چۈشۈش بىلەنلا مېنى بىر ۋەھىمە چۇلغىۋالدى: «كېلىشنىغۇ كەلدىم، نەدە تۇرىمەن، مەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان يەرنى قانداق تاپىمەن؟»

ئۈرۈمچىگە بېرىشنى قارار قىلغان چاغدىمۇ، يولغا چىققاندىمۇ بۇنى ئويلىغۇدەك ئىمكانىم بولمىغانىدى. لېكىن ئەمدى بۇنىڭ غېمىنى قىلماي بولمايتتى. مېھمانخانىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇشۇمغا مۇمكىن بولار، بۇ ۋاقىت بەش كۈندىن ئېشىپ كەتسە، مېھمانخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىم تۇرغان گەپ. چۈنكى يېقىنقى ئۈچ ئايدا مائاش بېرىلمىگەچكە، مېنىڭ يېنىمدا تۈزۈك پۇلمۇ يوق ئىدى. بىر قىز بالا ئۈچۈن مۇساپىرلىق تۇرمۇش ئاسان گەپمۇ؟

مەن نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. تۇرۇپلا «بىر گەپ بولار» دېگەن ئويغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن سومكامنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

بىر چاغلاردا دەم ئېلىش كۈنلىرى قىز ساۋاقداشلار ئايلىنىدىغان بۇ كوچىلار مېنى يات كۆرگەندەك سوغۇق نەزەر سېلىپ تۇراتتى. ئۈرۈمچى ماي ئېيىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، سالقىن شامال يەنىلا ئادەمنى ئەندىكتۈرەتتى.

- ساجىدە!

خىيال بىلەن كېتىۋاتقىنىمدا بىرىنىڭ تويۇقسىز چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئەتراپىمغا ئالاڭلاپ قارىدىم. دەماللىققا تونۇش بىر چىراينى كۆرەلمەي: «ۋاي، خۇدايىمەي، مېنى چاقىرغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن. بۇ شەھەردە ساجىدە ئىسىملىكلەر ئازمىدى» دەپ ئويلىدىم. يەنە ئىككى قەدەم ئېلىشىمغا يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە - يولنىڭ نېرىقى قېتىغا قارىدىم. بىر قىز ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى.

- مەھبۇبە! - مەن ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتىم، نېمىشقىكىن كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى.

خالىدە، ئېسىڭدىدۇر، باشقا يۇرتلاردىن ئوقۇشقا كەلگەن باللار ئۈرۈمچىلىك ساۋاقداشلىرىمىزنى ئانچە ياقتۇرمايتتۇق. ئۇلارنىڭ تۈزلا سالاملىشىشى، گەپ - سۆزنى ئوچۇق قىلىشى، تەكەللۇپ قىلىشنى ياقتۇرماسلىقى بىر خىل هاكاۋۇرلۇقتەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇلارنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى بۇ «هاكاۋۇر»لار ئوقۇتقۇچىلارغا خۇشامەت قىلمايتتى، هېيت - بايراملاردا ئۇلارنىڭ ئۆيىنى تازىلاپ بېرىدىغان ئىشلارغا قاتناشمايتتى، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارنىڭ باللىرىغا قاراپ بېرىدىغان، كىر - قېتىنى يۇيۇپ بېرىدىغان ئىشلارنى تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

قىلمايتتى. لېكىن ئۇلار بىزنىڭ، يا ھېلىقى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ياقتۇرماسلىقىمىزنى سەزمىگەندەك پەرۋاسىز يۈرۈۋېرەتتى. ئۇلار بىزنى ئايدا بىرەر قېتىم ئۆيلىرىگە باشلاپ بېرىپ ئۆي تامىقى يېگۈزۈپ تۇراتتى، ئۆيىمىزدىن ۋاقتىدا پۇل كەلمەي قالسا، ئاتا - ئانىسىغا دەپ پۇلمۇ بېرىپ تۇراتتى. بەش يىل جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇر ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىشى بىزنىڭ ھەسەتخورلۇقىمىزنى (گەرچە بىز بۇنى بىر - بىرىمىزگە ئوچۇق دېمىسەكمۇ)، بىر خىل ئۆچمەنلىكىمىزنى قوزغايتتى. شۇڭا شۇ قاتاردا مەھبۇبە بىلەنمۇ ئۇدۇللۇقلا مۇئامىلە قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. لېكىن بۈگۈن قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، سەل قېلىن لەۋلىرى ئېچىلغاندا پارقىراپ كېتىدىغان ئاپئاق، رەتلىك چىشلىرى ئادەمگە بىر خىل پاكىزلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان، زىلۋا، چىرايلىق بۇ قىز ماڭا شۇنداق يېقىن دوستتەك بىلىنىپ كەتتى.

مەن ئۇياققا ئۆتۈشكە تەمشەلگۈچە، ئۇ يۈگۈرۈپ بۇياققا ئۆتۈپ بولدى. بىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق.

— ۋاي، قاچان كەلدىڭ، ئاداش؟ — مەھبۇبە چۇۋۇرلاپ سۆزلەپ كەتتى، — ئەجەبمۇ سېغىنىدىم سىلەرنى!

— بايا كېلىشىم، — دېدىم مەن كۈلۈپ.

بىراق بىردىنلا ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدىم: ئۇ «نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟» دەپ سوراپ قالسا، نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن؟

لېكىن ئۇ بۇ سوئالنى سورىمىدى.

— ئەجەب ياخشى بولدى، مەنمۇ بىلگەندەكلا ئىشتىن بالدۇر چۈشۈپتىكەنمەن، بولمىسا سەن ئىزدەپ كەلمىسەڭ، بىز ئۇچرىشالمايدىكەنمىز. يۈر، ئۆيگە بارمىز! — ئۇ قىزغىنلىق بىلەن قولۇمنى تارتتى.

— بۇ... كېيىنچە... — مەن قانداق قىلىشىمنى بىلمىگەنلىكتىن دۇدۇقلاپ كەتتىم.

— كېيىنچە دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى مەھبۇبە ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ قويۇپ، — بىر ئىش بىلەن كەلگەنسەن ھەرقاچان. ئىشىڭ پۈتكۈچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇر، — ئۇ ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە پىچىرلىدى، — مەن تېخى ئاشۇ ئۆيدە، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۆز ئۆيۈم بولغاندا قورۇنۇپ تۇرالماي قالىسەن.

خالىدە، بەزىدە ئىشلىرىم ئوڭدىنمۇ كېلىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. مەن مەھبۇبەنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇنىڭ ئۇكىسىمۇ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا پات - پات گەپتە چېقىشۋالاتتىم، بىرنەچچە قېتىم قاتتىق سىلكىشۋەتكىنىممۇ ئېسىمدە. لېكىن مەھبۇبەنىڭ بۇلارنى ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك ماڭا شۇنچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى مېنى قاتتىق ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

ھەيرانمەنكى، مەھبۇبە مېنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان - ئورۇنلاشمىغانلىقىمنى سورىدى، ئەمما ئۈرۈمچىگە نېمە ئىش بىلەن كېلىپ قالغانلىقىمنى سوراپمۇ قويمىدى. مېنىڭ جاۋاب بېرىشتىن قورقىدىغان يېرىممۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنىغىمۇ ئاران ئىككى ئاي بوپتۇ. گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، تازا كۆڭۈلدىكىدەك جايمۇ بولمىسا كېرەك، بىراق ئۇ خۇشال ئىدى. «ھازىر ئىشلىگۈدەك خىزمەتنىڭ چىققىنى چوڭ ئىش. قالغىنى ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق» دېدى ئۇ كۈلۈپ.

كۈندۈزى ئۇ ئىشقا كېتىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ ئاغرىقچان ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي يىغىشتۇرۇشىمەن، تاماق ئېتىشىمەن. بەزىدە مەقسەتسىز ھالدا كوچىلارنى ئارىلايمەن. تۇرۇپلا كاللامدا: «تويۇقسىز ئالدىمدا شامىل پەيدا بولۇپ قالسا...» دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ قالىدۇ - دە، ئەنسىزلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا قاراپ قالىمەن. مەھبۇبەدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغۇم كەلدى، بىراق ئاغزىم بارمىدى. بىر ئاخشىمى مەھبۇبەنىڭ ئۆزىلا: «شامىل توي قىلدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ بۇ يەردىكى ساۋاقداشلار بىلەنمۇ ئارىلاشمايدۇ. خوتۇنىنىڭ كۈندەشلىكى يامان ئوخشايدۇ» دەپ قالدى. قارىغاندا بىر چاغلاردىكى مەغرۇر، غورۇرلۇق يىگىتنىڭ كۈنى ئاشۇ شاپائەتچىسىگە خۇشامەت قىلىش بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئوخشايدۇ.

خالىدە، ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ۋاقىتلىق پاناھلىنىدىغان جاي تېپىلغىنىنى بىلەن، مەن

مەھبۇبەنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرارمەن، ئۇزۇن بولسا بىر ئاي تۇرارمەن، ھامان بىر كۈنى بۇ ئۆيدىن كېتىشىم كېرەك. لېكىن نەگە بارىمەن؟ ئاخشىمى مەھبۇبە بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدۇ، بىراق مەن ئايىغى ئۈزۈلمەس چىگىش خىياللار بىلەن كىرپىك قاقماي دېگۈدەك تاڭ ئاتقۇزىمەن.

بىر كۈنى كوچىدا بىر مەھەللىلىك بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن يۇرتقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر رېستوراندا مۇلازىمەتچى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. مېنىڭ ئىش ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى:

- ۋۇي، سېنى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتقا كەتتى، دەپ ئاڭلىغانتىمغۇ. ئۇ يەردە...

- بۇنىڭ گېپىنى قىلما، - دېدىم مەن بېشىمنى چايقاپ، - بۇ ھەقتە پاراڭلاشقۇم يوق.

- بىزنىڭ رېستوراندا ئىشلەمسەن يا؟

رېستوران؟ ھېلىقى سىرلىق سارايىنىڭ خوجايىنى تەكلىپ قىلغان رېستوران، ئىمىر باشلاپ بارغان يۇرتىمىزدىكى رېستوران ئېسىمگە كەلدى. مەن بېشىمنى چايقىدىم.

- بىر مېھمانخانىدا ئىشلەۋاتقان تونۇش قىزلار بار، شۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باقايمۇ يا؟

مېھمانخانا؟ بۇ مەسلىھەت ماڭا يېقىپ قالدى. چۈنكى مەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆپ چېلىقمايدىغان بىرەر يەردە ئىشلىسەم، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

مەن ماقۇل بولدۇم. يۇرتلۇقۇم مېنى ئۇ مېھمانخانىغا باشلاپ باردى. ئەسلىدە بۇ زىيان تارتقان بىر كارخانىنىڭ ئىش بىناسى بولۇپ، بىرەيلەن ئىجارىگە ئېلىپ مېھمانخانا ئاچقانىكەن. خوجايىن ئادەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان ۋاقىتقا توغرا كەپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈتكۈچىلەرنىڭ ياتىقىمۇ كاپالەتكە ئىگە ئىكەن. خوجايىن بىلەن ئاسانلا پۈتۈشتۇق. مەن ئەتىسىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشىدىغان بولدۇم.

مېھمانخانىدىن قايتىپ چىققىنىمدا بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى: تۇرار جايىممۇ، تىرىكچىلىكىمگە ئەسقاتىدىغان ئىشىممۇ تاپقاندەك بولدۇم. بىراق بۇ گەپنى مەھبۇبەگە قانداق دەرمەن؟ ئۇ مېنى بىر ئىش بىلەن كەلگەن، ھامان بىر كۈنى يۇرتىغا كېتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا يۇرتۇمدا بېشىمغا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنى دېگۈم يوق.

مەن يالغان ئېيتىش قارارىغا كەلدىم.

- ئەتە ئەتىگەن يۇرتقا كېتىمەن. سىلەرگە جاپا سالدىم، - دېدىم مەن شۇ كۈنى كەچتە مەھبۇبەگە، - بىرىپلا خەت يازىمەن. پۇرسەت چىقسا بىز تەرەپلەرگىمۇ بارغىن.

- ئىشىڭ پۈتكەن ئوخشامامدۇ؟ - دېدى مەھبۇبە مۇرەمدىن قۇچاقلاپ، - يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟ بۇ يەردىكى ساۋاقداشلارنى بىر يىغاي دەۋاتاتتىم.

- رەھمەت ئاداش، يەنە كېلىپ قالارمەن...

مېھمانخانىدا ئىشلەپ قالدىم. بىر كۈن سەھەردىن باشلاپ يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيدىغان، ئەتىسى بىر كۈن دەم ئالىدىغان گەپكەن. بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئېيىغا ئاران 300 يۈەن، بۇنىڭمۇ ئالتىدىن بىر قىسمىنى خوجايىن رەنە ھېسابىدا تۇتۇپ قالىدۇ. گۆشسىز بولسىمۇ بىر ۋاقلىق تاماق خوجايىندىن. مۇنداقلا قارىغاندا، مېنىڭدەك ئېغىر كۈنگە قالغان قىزلار ئۈچۈن بۇ تۇرمۇشمۇ يامان ئەمەستەك بىلىنىدۇ. ياتاققا قوش كارىۋاتتىن تۆتى قويۇلغان. بۇ، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان سەككىز قىزنىڭ ياتىقى. قىزلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن قىزلار. ھېچكىمنىڭ بىر - بىرىگە سىر بەرگۈسى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ياتاقتا ئۇنىئالغۇ ياڭراپ تۇرسىمۇ، بەزىدە قىزلار ئۆزئارا تانىسىغا چۈشسىمۇ، يەنە بەزىدە قىزىق كۈلكە - چاقچاقلار بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن يىغلاشلىرىدىن ھەركىمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەن قىزلار بىلەن چىقىشىپ كەتتىم. ئۇلار مېنىڭ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىكىمنى، يۇرتۇمدىكى بىر يېزىدا قىسقا مەزگىل بولسىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، بەلكى يۇرتىدىكى قاتتىقچىلىققا چىدىماي ئىش ئىزدەپ چىققان بىر قىز، دەپلا قارايدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مېھمانخانىدىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم. ئىش كۈنلىرى كۈنۈمنى ئىش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. ياتاق تازىلاش، كىرلىكلەرنى ئالماشتۇرۇش،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مېھمانلارغا ئىشىك ئېچىپ بېرىش، قايناقسۇ توشۇش دېگەن ئىشلار ئادەمنى ھاردۇرىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، مېنىڭدەك بېشىغا كۈن چۈشكەن سەھرا قىزىنىڭ چىدىشىغا گەپ كەتمەيدۇ. دەم ئالغان كۈنلىرىمنى ئاساسەن ياتاقتا ئۆتكۈزىمەن. بىراق تېنىم ئارام ئالغان بىلەن، ئەسەبلىرىم بىردەممۇ ئارام ئالالمايدۇ. خۇددى بۇ يەردىكى باشقا قىزلارغا ئوخشاشلا، مېنىڭ كەلگۈسىم قاراڭغۇ. بۇ مېھمانخانا مېنىڭ مەڭگۈلۈك ماكانىم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. خوجايىنىنىڭ تىجارىتى ئېقىپ بەرسىغۇ بىر نۆرى، مۇبادا ئۇ قاتتىقراق زىيان تارتىپ قالىدىغان بولسا، ھەممەيلەننى ئىشتىن بوشىتىپ، ئۆزىمۇ بۇ بىنانى تاشلاپ كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. كۈندە نەچچە خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان غەلىتە مىجەزلىك بۇ خوجايىن مېھمانلار كۆپرەك بولغان كۈنلىرى گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كېتىدۇ. ئازىيىپ قالسىچۇ، ئۇ سەپرا مىجەز بولۇپ، دەردىنى بىزدەك بىچارە قىزلاردىن ئالىدۇ. يەنە تېخى بىر باھانە ئىزدەپ ئىش ھەققىمىزنى تۇتۇپ قېلىشنىڭلا كويىدا يۈرىدۇ.

بىز مېھمانلار بىلەن بولغان ئارىلىقنى ساقلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىمىز. مەن كېلىشتىن بۇرۇن، بىر - ئىككى كۈتكۈچى قىز مېھمانلارنىڭ زورى بىلەن تاماققا بىللە چىقىپ قويغانىكەن، ئاشۇ نامەرد مېھمانلار ئەتىسىلا بۇ مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىرى باشقىچە مۇلازىمەتنىمۇ قىلىدىكەن، دېگەن گەپنى تارقىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قىزلار بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلارنىڭ كەتكىنى بىلەنلا ئىش تۈگىمەپتۇ. يەنىلا ھېلىقى ئىغۋا بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ ئۈستىدە ئويناۋېرىپتۇ. قىزلار پات - پات مۇشۇ گەپنى تەگەپ، بىزنىمۇ مۇشۇنداق ئاھانەتكە قويىدى، دەپ ھېلىقى قىزلارنى تىللىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە پاراڭلاشقاندا، ھېچكىم بىرەر ئېغىز ئۈمىدلىك سۆزنى ئېيتالمايدۇ. بىر قېتىم، بىر قىز: «شۇنداق كۆپ پۇلى بار بىر بوۋاي بولسا، شۇنىڭغا تەگسەم. بىرەر يىل بولمايلا ئۇ ئۆلۈپ قالسا، جىمى بايلىقى ماڭا قالسا. . .» دېگەن گەپنى قىلىپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇ بەلكىم چاقچاقتۇ، لېكىن بۇ سۆزنىڭ تېگىدە نۇرغۇن قايغۇ - ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك يوشۇرۇنغانىدى.

ھەمراھلىرىم بىر - بىرىدىن چىرايلىق، بىر - بىرىدىن پاكىز. ئەمما ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىم ئىش ئورنى، يا ئۆيى، يا ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىشىنىڭ بېشىنى تۇتۇشقا دەسمايىسى بولمىغاچقا، مۇشۇ خوجايىنغا باغلىنىپ قېلىشقا مەجبۇر. ئۇلار نۇرغۇن گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى قىلىسىمۇ، بىراق بىرەر يىگىت بىلەن توي قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا يۈرەكلىك مۇھەببەتلىشىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ، توي قىلىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن، قەلبى يىغىدىن توختىمايدۇ.

خالىدە، مەن مۇشۇنداق بىر يەردە ئىشلىدىم. بەزى - بەزىدە ھېلىقى مەكتەپ، ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرگەن ئۈستۈۋېشى جۇل - جۇل بولسىمۇ، ساددا، ئوماق باللار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئېچىم ئىسسىق بولۇپ قالىدۇ، كۆزلىرىم نەملىشىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلار مەن ئۈچۈن پەقەت بىر ئەسلىمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان.

مېھمانخانا خىلمۇخىل ئادەملەر ياتىدىغان جاي. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياتىقىغا چىرايلىق كىرىپ، چىرايلىق كېتىدىغان ياخشى كىشىلەرمۇ بار، ئۆزىنىڭ توم يانچۇقىغا ئىشىنىپ يوغانچىلىق قىلىدىغانلارمۇ، ئار - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كۈتكۈچى قىزلارغا لاۋزا گەپلەرنى قىلىپ، پوخورلۇق قىلىدىغانلارمۇ، يېرىم كېچىدە غەرق مەست كېلىپ ئېگىز - پەس قىلىدىغانلارمۇ بار.

بىر ئاخشىمى، مەن ئىشلەيدىغان قەۋەتتىكى جۇلىقى چىقىپ كەتكەن سافادا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. پەلەمپەيدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مەن «مېھماندىن بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، ياتاقنى ئېچىپ بېرەي» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇڭغىچە ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى يېتىپ چىقتى. بۇ كىشى ئەتىگەن ياتاققا ئورۇنلىشىپ ئانچە ئۆتمەي سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ كەيپتەك كۆرۈنەتتى. مەن يەنىلا كۈلۈمسىرەپ: «ياخشىمۇسىز؟» دېدىم ۋە ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردىم. كەينىمگە يېنىشىمغا ئۇ قولۇمغا ئېسىلدى:

– چىرايلىق قىز، ياتاققا كىرىڭ، بىردەم پاراڭلىشىمىز.
مەن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىپ:
– سەتلەشمەڭ، ئاكا، كۈتكۈچىلەرنىڭ ياتاققا كىرىپ مېھمانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشى بولمايدۇ، – دېدىم مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي.



– ۋاي، ھېچقىسى يوق، – ئۇ يەنىلا قولۇمنى قويۇۋەتمەي چالۋاقىدى، – كىم كۆرىدۇ دەيسىز بۇ كېچىدە؟ ئىشنى بىردەمدىلا تۈگىتىمىز، ھەققىڭىزنىمۇ ئوبدان بېرىمەن.
مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن قولۇمنى بىر تارتىپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراتتىم ۋە قولۇمنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدىم:
– مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ، ۋۇ ئەبگا! مېھمانخانىدا ئىشلىگەنلەرنى ئۆزۈڭچە باشقىچە ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ھېلىقى گەپلىرىڭنى بېرىپ ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنىغا قىلىپ بەر!
– نېمانچە يوغانچىلىق قىلىدۇ ماۋۇ جالاپ! – دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ، – سېنىڭدەكتىن كۆرمىگىنى كۆرگەنمەن. بۇ يەردە خەقنىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ ئالىدىغان پۇلۇڭمۇ تايىنلىقتۇ! مەن تېخى يانچۇقىڭغا ئازراق بىرنەرسە سېلىپ قوياي دېسەم. . .
– مېنىڭ يانچۇقىمغا سېلىپ قويماقچى بولغان نەرسەڭنى ئۆزۈڭنىڭ بىر يېرىڭگە تىقىۋال. . .
شۇنداق قىلىپ بىز تىللىشىپ كەتتۇق. شۇ تاپتا مەن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولۇپ، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئەگەر ئۇ ماڭا قول سالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ گېلىغا ئېسىلىشتىن، يۈزىگە چاڭگال سېلىشتىن يانمايتتىم. شۇ ئارىدا قىزلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىپ، ھېلىقى كاززاپنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تالاشقا باشلىدى. بىر چاغدا خوجايىن پەيدا بولۇپ، بۇ ئىشنى بېسىقتۇردى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:
– ھەي ئاداش، بۈگۈن كەچ بولۇپ قاپتۇ، خەير، ھازىر ئۆزۈڭنى بىلىپ ياتىقىڭغا كىرىپ ئۇخلىۋېلىپ، ئەتە ئەتىگەندە بۇ يەردىن يوقال! – دېدى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاندىن بىزگە قاراپ ۋارقىرىدى، – بولدى، ئىشىڭلارغا بېرىڭلار!
بۇرۇن بەزى قىزلار مۇشۇنداق مۇئامىلىگە بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىغانىكەن، بۇ ئىشتىن كېيىنمۇ يەنە بۇنداق ۋەقەلەر پات - پات تەكرارلىنىپ تۇردى. مەن تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىككە پاتتىم. بىز ھالال ئەمگىكىمىز بىلەن ياشاشنىڭ كويىدا يۈرسەكمۇ، پەقەت مېھمانخانىدا ئىشلەپ قالغانلىق گۇناھىمىز ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «بۇزۇق قىز» ھېسابلىنىدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى ھەرقانچە پاك، ئەخلاقلىق ساقلىساقمۇ، ھەربىر قەدىمىمىزنى ئېھتىيات بىلەن باسساقمۇ، بۇ ئاھانەتلىك نام يەنىلا بىزنىڭ پېشانىمىزدىن كەتمەيدىكەن. . .

## 9

خالىدە:
بىر كۈنى، كوچىدا چىرايلىق ياسانغان، بۇدۇر چاچلىرىنى سېرىق بويىۋالغان بىر قىز مېنى چاقىرىپ قالدى. ئۇنى دەماللىققا تونۇيالمىدىم.
– ۋييەي جېنىم، ياخشىمۇسەن؟ – ئۇ ئويناقشىغىنىچە كېلىپ قولۇمغا ئېسىلدى، – ھەي، پاڭقايدەك قاراپلا تۇرىسەنغۇ، مېنى تونۇيالمىدىڭما؟
مېنىڭ ئېسىمگە كەلدى. خالىدە، بىزدىن بىر يىللىق بۇرۇن ئوقۇيدىغان، دەرسلەردە يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپتىن

uyghurkitap.com

چېكىندۈرۈلگەن گۈزەلنۇر سىنىڭمۇ ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ باشقا «ھېكايە»لىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدۇققۇ!

— كەچۈر، راستلا تونۇيالماي قاپتىمەن. ئۆزۈڭمۇ تونۇغۇسىزلا بولۇپ كېتىپسەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يالغان كىرپىكلىرىگە، قىپقىزىل بويىۋالغان نېپىز لەۋلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ.

— نەدە ئىشلەۋاتىسەن، ئۇرۇمچىدە قالغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۇ سەل ئۆڭگەندەك بولۇپ.

— مېھمانخانىدا، — ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن بۇ گەپ ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ، ھودۇقۇپ كەتتىم.

— نېمە؟ سېنىمۇ مەكتەپتىن چېكىندۈرگەنمىدى؟ — ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، — مەكتەپ بىر ياخشىلىق قىپتۇ ساڭا. ۋايجانەي، بەش يىل ئوقۇغان بىلەن ئىشلەيدىغان يېرىمىز تايىنلىققۇ بىزنىڭ! مەن دەسلەپتە تازا يىغلىغان، يولنى تېپىۋالغاندىن كېيىن ئەجەب ياخشى بوپتىكەن، دەپ قالدىم. قايسى مېھمانخانىدا ئىشلەۋاتىسەن، نېمە ئىش قىلىسەن؟

مەن خالىمىساممۇ، ئىشلەيدىغان يېرىمنى ئۆزۈم ئاشكارا قىلىپ قويغانىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى:

— مېنى مەكتەپتىن چېكىندۈرگىنى يوق. يۇرتتا مۇۋاپىق ئورۇن تېپىلمىغاچقا، ئۇرۇمچىگە كېلىپ ۋاقىتىنچە مېھمانخانىدا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. بىر شەخسىينىڭ مېھمانخانىسىدا...

— بۇ بولماپتۇ، زادىلا بولماپتۇ، — گۈزەلنۇر چىرايىنى ئاللىقانداق قىلىپ چۈۋۈرلاپ كەتتى، — يۈر، ئاۋۇ تورتخانىغا كىرىپ، تورت يېگەچ بىردەم ھال - مۇڭ قىلايلى.

نېمىشقىدۇر ئانچە تارتىنمايلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدىم.

— شۇنداق قىلىپ، مېھمانخانىدا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن، دېگىن، — دېدى گۈزەلنۇر تورت، سۈت دېگەندەك نېمىلەرنى بۇيرۇۋەتكەندىن كېيىن، — كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، سېنىڭدەك چىرايلىق قىزغا بۇ ئىش ياراشمايدۇ.

— بۇمۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈن، — دېدىم مەن سەل تاتىرىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، توختا، سېنىڭدىن سوراپ باقاي، ھازىرمۇ شامىل بىلەن يۈرۈۋاتامسەن؟ بىر چاغلاردا ئىككىڭلارغا قاراپ ھەۋەسىم كېلىدىغان.

— ئايرىلىپ كەتتۇق، — مەن بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى خالىماي، سوغۇققىنە جاۋاب بەردىم.

— ھازىر يۈرۈۋاتقىنىڭ بارمۇ؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— بىلىمەن، كۈتكۈچىلىك قىلىپ ئالىدىغان ئىش ھەققىڭمۇ تايىنلىققۇ دەيمەن. بۇ ئىشقا ئۆمرۈڭنى زايە قىلىپ قانچىلىك پۇل يىغالايسەن؟ سەنمۇ چوڭ بولارسەن، كۈتكۈچىلىك قىلىشمۇ ياراشماي قالار، بىرىگە تېگىپ ئۆي تۇتقۇڭمۇ كېلەر. ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟

گۈزەلنۇرنىڭ سورىغان سوئاللىرىنى مەن ئۆزۈمدىن نەچچە - نەچچە رەت سورىغان، لېكىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىغانىدىم. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ مەن يەنە بېشىمنى چايقاپ قويدۇم.

— ھە، تورتتىن ئالغاچ ئولتۇرغىن، سۈت ئىچ، — دېدى گۈزەلنۇر ئىستاكاندىكى سۈتنى ئوتلاپ قويۇپ، — ماڭا قارا، ياخشى ياشاش ئۈچۈن، يولنى ئوبدان تاللاش، يىراقنى ئويلاش كېرەك. كۈتكۈچىلىكنى دەسلەپتە مەنمۇ قىلىپ باققان. شۇ ئىشنى قىلغانىكەنسەن، بەربىر سېنى خەقلەر بىر بالاسى بار، دەپلا قارايدۇ. قىز بالا دېگەن سۆز - چۆچەككە يېقىن. ئۇنى قىلساڭمۇ بىرنېمە دېسە، بۇنى قىلساڭمۇ بىرنېمە دېسە، قايسى بىرىگە جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرۈپ بولىسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، مانا ئەمىسە دېيىش كېرەك. مانا مېنىڭ مەكتەپتىن چىقىپ كەتكىنىمگە ئىككى يىل بولدى. ھازىر بىر ئېغىزلىق بولىسىمۇ ياسىداق ئۆيۈم بار، ئايدا بىرنەچچە قۇر كىيىم كىيەلەيمەن، كېيىنلىكىمنى دەپ پۇلمۇ يىغىۋاتىمەن. ساق يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ خەق نېمىلەرنى دېمىگەن، ئەمدى نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ!

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپ سالدىم مەن، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن غەيرىيلىك ھېس قىلىپ.

— كاتتا مېھمانخانىلاردا كاتتا مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ تانسا ئويناۋاتىمەن، ھاراق ئىچسە ھەمراھ بولۇپ بېرىۋاتىمەن. شۇ ئىشىم ئۈچۈن، مېنىڭ كۆلكەم، مېنىڭ چىرايىم ئۈچۈن ئۇلار نۇرغۇن پۇل تۆلەيدۇ، — دېدى گۈزەلنۇر پەرۋاسىز قىياپەتتە.

مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدىم. توۋا، بىر چىرايلىق قىز مۇشۇنداق نۇرمۇش يولىنى تاللىۋېلىپمۇ، يەنە بۇنىڭغا شۇنچە پەرۋاسىز قارايدىكەن.

— ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ — گۈزەلنۇر قاش -

كۆزىنى ئۇيىنىتىپ قويدى، ـ ھەيران بولما، مېنى شۇنداق قىلغۇسى بار، دەمسەن. ئامال يوق، مەن ياشىشىم كېرەك، مېنىڭ بىر يارماقنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆتكۈم يوق. ئۆزۈممۇ يىرگىنىدىغان بۇنداق ئىشنى يەنە بىرنەچچە يىل قىلارمەن. يېتەرلىك پۇل تاپقاندا باشقا ئىش قىلىمەن. ھازىر مېنى ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى دېگەنلەر ئۇ چاغدا ئالدىمدا خۇشامەت قىلىپ، پايپېتەك بولۇشىدىغان بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى يا ماقۇللاشنى، يا ئەيىبلەشنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ كۆلكە ئويناپ تۇرغان چىرايىنىڭ تېگىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەسرەت ئىزناسى مېنىڭ خىيالىمنى تېخىمۇ قالايمىقان قىلىۋەتتى.

ـ يەنە بۇيرۇتايمۇ؟ تارتىنمىغىن. بولدىمۇ ئەمىسە، بىز چىقايلى. ساڭا ھۇجرامنى كۆرسىتىپ قوياي، ئىزدەپ كېلەرسەن.

مېنىڭ تورتخانىدىن چىقىپلا كېتىپ قېلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق نېمىشقىكىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدىم. چىرايلىق بېزەلگەن، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە قىممەت باھالىق پەردىلەر تارتىلغان چاققانغىنا ئۆينىڭ ھەممە نەرسىسىگە زوقلىنىپ قاراپ كەتتىم. بىز ئەمدىلا سافاغا چۆكۈشىمىزگە گۈزەلنۇرنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ كەتتى. ئۇ سومكىسىدىن يانفوننى چىقىرىپ بىرى بىلەن سۆزلەشتى ۋە: «ھازىرلا يېتىپ بارىمەن» دېدى.

ـ ئاداش، خاپا بولمايسەن، ئالدىراش ئىشىم چىقىپ قالدى. خالىساڭ ئۆيۈمدە قېلىپ تېلېۋىزور كۆرگەچ ئارام ئال. كەچ قايتىپ كېلىمەن، ئاندىن يەنە مۇڭدىشىمىز، ـ دېدى ئۇ كىيىمىنى يۆتكەۋېتىپ.

ـ رەھمەت، مەنمۇ كېتىۋالاي، كېيىن كېلەرمەن، ـ دېدىم مەن ئورنۇمدىن قوزغىلىپ.

يول بويى گۈزەلنۇرنىڭ قىلغان گەپلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆيىنى خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. توۋا، مەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىۋاتامدىغاندىمەن؟ ياق، ياق، مەن ھەرگىز ئۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمايمەن؟ بىراق...

كەچكىچە كەيپىم تازا ياخشى بولمىدى. كەچ سائەت ئونلاردا خوجايىن مېنى چاقىرىپ قالدى.

ـ ساجىدە، ـ دېدى ئۇ ئىشخانىسىدا، ـ ياخشى ئىشلەۋاتىسىز. بىلىمەن، سىلەرگە بېرىلىۋاتقان ئىش ھەققى ئاز. لېكىن تىجارەتنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن، ماڭىمۇ ئامال يوق. ھەرھالدا سىزگە باشقىلارغا قارىغاندا ياخشىراق مۇئامىلە قىلغۇم بار. ئەتە ـ ئۆگۈن ھېسابنى تولۇقلاپ تۇتقۇزسام دېگەن ئويۇممۇ بار. قانداق دەيسىز؟

مەن بىردىنلا سەگەكلەشتىم. چۈنكى مەن بۇ خىلدىكى ياغلىما گەپلەرنى ھېلىقى «سىرلىق ساراي» نىڭ خوجايىنىدىنمۇ، ساۋاقدىشىم ئىمىردىنمۇ ئاڭلىغانىدىم. بۇ خوجايىن نېمە مەقسەتتە دەۋاتقاندۇ؟ يا مەن ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىۋاتقاندىمەنمۇ؟

ـ مەن بىر مۇساپىر قىز، ـ دېدىم مەن ئۇنىڭ جاۋابىغا يارىشا، ـ قولىڭىزدا ئىشلەۋاتىمەن. سىزنى ھەرھالدا بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ـ ۋاي يەتمەمدىغان، ـ دېدى ئۇ مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ـ ئۆزىڭىزمۇ چىرايلىق قىز ئىكەنسىز. كەلگەن كۈنىڭىزلا يېقىپ قالغانىدىڭىز. بۇندىن كېيىن ئوبدانراق ئارىلىشىپ ئۆتسەك، دېگىنىڭىزنى قىلىپ بېرىمەن، زىيان تارتمايسىز!

ئۇ يۇمىلاق قولىنى ئۇزىتىپ قولۇمنى تۇتتى. «ۋاي شەرمەندە، سەنمۇ شۇ خىيالدىمۇ؟!» مەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتىم، ئاندىن يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۈكۈرۈپ، گەپ قىلماي چىقىپ كەتتىم.

ياتاققا چىقىپ ئىچىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. توۋا، بۇ دۇنيادا ئەرلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ بۇ خوجايىن يېشى ئاتمىشقا ئۇلىشىپ قالغان بىر ئادەمغۇ؟ شۇمۇ بىزدەك قىزلارنىڭ پېيىدا يۈرەمدىغاندۇ؟... ئەمدى بۇ يەردە ئىشلەشنىڭ ئورنى قالمىدى. كېتىشىم كېرەك، ھازىرلا كېتىشىم كېرەك!

مەن قىزلارغىمۇ خوش دېمىدىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ «نېمىشقا كېتىسەن» دەپ كوچىلاپ سوراپ كېتىشلىرىنى خالىمايتتىم.

سائەت ئوندىن ئېشىپ قالغانىدى. مەن كوچا ئارىلاپ خېلى ئۇزۇن يۈردۈم. گاراڭ بولغان كاللامدا خىلمۇخىل خىياللار كېزەتتى. مەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدىم. شامىلمۇ، «سىرلىق ساراي» نىڭ ھېلىقى خوجايىنىمۇ، ئىمىرمۇ، ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ ھېلىقى باشلىقىمۇ، ئىشقىلىپ مېنىڭ تەقدىرىم بىلەن، مېنىڭ غۇرۇرۇم بىلەن ئويناشقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ئۈمىدسىزلىك ۋە نەپرەت ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ئاللىقانداق بىرنەرسە ۋۇجۇدۇمنى تىترەتمەكتە ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ھايات ئەقىدەم توغرىسىدا ئويلاندىم. لېكىن بۇمۇ ھېچنەرسىگە

ئەرزىمەس نەرسىدەك بىلىندى. گۈزەلنۇر ئېسىمگە كەلدى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسلىدىم. بۇ سۆزلەرگە خىيالىمدا رەددىيە بەرمەكچى بولدۇم. بىراق يەنىلا بۇنىڭغا لايىق سۆز تاپالمىدىم. . .

مەن قانداقلارچە گۈزەلنۇرنىڭ ئۆيى بار بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى سەزمەي قالدىم. ئېسىمگە كېلىپ بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىرىدىم. لېكىن مەن ئەمدى نەگە بارىمەن؟

گۈزەلنۇرنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى قاراڭغۇ تۇراتتى، قارىغاندا ئۇ ئۆزى دېگەن ھېلىقى كاتتا مېھمانلارنىڭ قېشىدا ئوخشايدۇ. مېنىڭ باشقا بارار يېرىم يوق، ئۇنى ساقلىشىم كېرەك.

مەن بىنانىڭ دالدىسىغا كىرىپ، تامغا يۆلەندىم.

بىر سائەت ئۆتتى، گۈزەلنۇر كەلمىدى، بىراق مەن كەتمىدىم. يېرىم كېچە بولغاندا، بىنا ئالدىغا بىر تاكسى كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭدىن گۈزەلنۇر چۈشتى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە، ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

- ۋىيەي، ساجىدەمۇسەن؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟

- مېھمانخانىدىن يېنىپ چىقتىم، - دېدىم مەن گەپنى ئوچۇقلا قىلىپ.

- شۇنداقمۇ، مېنىڭ دېگىنىم راستمىكەن؟ ياخشى قىپسەن! يۈر، ئۆيگە كىرەيلى.

خالىدە، جېنىم دوستۇم، سېنىڭدەك ياخشى دوستلىرىم بار ئىدى، ئەمدىلىكتە گۈزەلنۇرنى پاناھ تارتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن ئەقىدىلىك، ئەخلاقلىق بىر قىز ئىدىم، ئىنسان مۇشۇلار بىلەن ياشىغاندا ئاندىن ھەقىقىي ئىنسان بولالايدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتىم. ئەمدىلىكتە بۇلارغا بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىپ، شۇنچە چاغدىن بېرى يىرگىنىپ كەلگەن بولسامۇ، يەنىلا باشقىچە بىر ھايات يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. . .

ئەتىسى كەچتە گۈزەلنۇر ماڭا ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى، يۈزۈمگە نېمىلەرنىدۇر سۈرتتى. ئەينەككە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. بۇ مەنمۇ؟ ياق، مەن پۈتۈنلەي باشقا بىر قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدىم.

گۈزەلنۇر ئىككىمىز نۇرغۇن كىشىلەر ئىشىكىدىن كىرىشكە ھېيىقىدىغان كاتتا مېھمانخانىنىڭ رېستورانىنىڭ خاسخانىسىدا ئىككى خوجايىنغا ھەمراھ بولدۇق. گۈزەلنۇر ئۇلار ئىككىيلەن بىلەن تونۇشسا كېرەك، خاسخانىغا كىرىپلا قىزغىن كۆرۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا مەن گويا سېھىرلەپ قويۇلغان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدىم. ئۇلار تاماق يەڭ دېسە، چوكامنى ئۇزىتاتتىم؛ ئىچىڭ دېسە، ياق دېمەي رومكىنى كۆتۈرەتتىم. لېكىن سېزىمىمنى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان بولسام كېرەك، خوجايىنلارنىڭ بىرى مېنىڭ يوتامغا قولىنى قويغاندا، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتىم. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ گۈزەلنۇرغا قارىدى.

- ۋىيەي، ئەجەب ئالدىراش ئادەم - ھە، سىز! - دېدى گۈزەلنۇر ئەركىلەپ، - بۇ دوستۇمنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كېلىشى. ئىش دېگەن ئالدىرىماي بولمامدۇ! پۇرسەت دېگەن يەنە بارغۇ.

ھېلىقى خوجايىنىنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

- كۆنمىگەن قۇش، دەڭا! بوپتۇ، ئاستا - ئاستا كۆندۈرۈۋالاي ئەمىسە، - دېدى. . .

يېرىم كېچىگە يېقىن، بىز خاسخانىدىن قايتىپ چىقتۇق. چىقار ۋاقتىمىزدا ھېلىقى خوجايىن سومكامغا بىرنەرسىنى سېلىپ قويدى.

گۈزەلنۇرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ:

- ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى.

مەن مەيۈس ھالدا بېشىمنى چايقىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمنى كاچاتلاپ يىغلىغۇم كېلىۋاتاتتى.

- سومكاڭغا قاراپ باقايلىچۇ! - گۈزەلنۇر شۇنداق دېگىنىچە، سومكامنى ئېچىپ ئىچىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن ئۈچنى چىقاردى، - مانا كۆردۈڭمۇ؟ سېنىڭدىن نېمە كەتتى؟ پاراڭلىشىپ ئىچىشىپ بەردىڭ، شۇ! شۇنچىلىك قىلغىنىڭغا ھېلىقى مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى بەرگەن بىر ئايلىق ئىش ھەققىڭگە بىر ئاخشامدىلا ئىگە بولدۇڭ. دۇنيادا ئەر كىشىدەك ئەخمەق نەرسە يوق. بۈگۈنكىدىنمۇ ياخشىراق مۇئامىلە قىلساڭ، تاپاۋىتىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بولىدۇ. مە!

مەن گۈزەلنۇر ئۇزاتقان پۇلغا يىرگەنگەندەك قاراپ قويدۇم. بىراق مەن پۇلدىن يىرگىنىۋاتاتتىمەنمۇ، يا ئۆزۈمدىن يىرگىنىپ كېتىۋاتامەنمۇ، زادىلا پەرق ئېتەلمىدىم.

- بىلىۋاتىمەن، - گۈزەلنۇر پۇلنى سومكامغا سېلىپ قويۇپ يېنىمغا كېلىپ

ئۇلتۇردى، ـ سەن بۇ يولدىن نەپرەتلىنىۋاتىسەن. مېنى بۇ يولغا ئۆزى خالاپ ماڭدى، دەمسەن. ئامال يوقلۇقتىن بولۇۋاتقان ئىش بۇ. ئۆتكەن كۈنى ساڭا دېدىمغۇ، بۇمۇ بىر مەزگىللىك ئىش. كېيىن خەق زورلىسىمۇ، بىزنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بولمىسا سەن ماڭا دەپ بەرگىن، بىز ماڭىدىغان باشقىچە ياخشىراق يول بارمۇ؟ قېنى، شۇ يولدا مېڭىپمۇ باقايلى!

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى مەن بىرمۇنچە يوللارنى مېڭىپ باققان، ئەمما ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغانىدىم. يۈرىكىم ئۈمىدسىزلىك، غەزەپ، ئۆچمەنلىككە تولۇپ كەتتى. مەن پاكلىقنى قىز بالىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى، دەپ قاراپ كەلگەن. لېكىن تەرەپ - تەرەپتىن قىلىنغان خىرىسلارغا جېنىمنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، يەنىلا قارىلىنىپ، ھاقارەتلىنىپ كەلدىم. مەن ھەممىگە ئۈمىدسىزلىك نەزىرىم بىلەن قارايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئەھۋالىم بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئۆزۈمنى يەنە قانداقتۇر بىر ئەقىدىلەر بىلەن ئالداپ يۈرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ !

مەن گۈزەلنۇرنىڭ مۈرىسىگە بېشىمنى قويۇپ يىغلىۋەتتىم.

ئەتىسى كەچقۇرۇن گۈزەلنۇر ئىككىمىز چىرايلىق ياسىنىپ ئۆيدىن چىقتۇق. مەن يەنىلا خورلۇق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالمىغاچقا، كەيپىياتىم تۆۋەن ئىدى. قورۇدىن چىقىشىمىزغا ئالدىمنى بىرەيلەن توستى. مەن بىرلا قاراپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم: بۇ رىشىت ئىدى!

ـ سىز. . . سىز قاچان كەلدىڭىز؟ قانداق قىلىپ مېنى. . . ـ مەن ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك دۇدۇقلاپ كەتتىم. ھودۇققىنىمدىن تىنچلىق سورىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

رىشىتنىڭ چىرايىدا رەنجىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گۈزەلنۇرغا سوغۇققىنە باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئادەمنى ئەيمىندۈرىدىغان بىر خىل نەزەر بىلەن ماڭا قارىدى.

ـ كەلگىنىمگە ئون كۈن بولدى، سىزنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. تۈنۈگۈن كېچە بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بىر مېھمانخانىدىن بىر قىز بىلەن چىققىنىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم. مەن چاقىرغۇچە سىز كېتىپ قالدىڭىز. كەينىڭلاردىن مېڭىپ سىزنىڭ بۇ بىناغا كىرىپ كەتكىنىڭىزنى كۆردۈم.

ئەتىگەندىن بېرى مەن مۇشۇ يەردە. . . نەگە ماڭدىڭىز؟ يەنە مېھمانخانىغىمۇ؟

ئۇنىڭ ئاخىرقى سوئالىدىكى ئاچچىق تەنە نەشتىرى يۈرىكىمگە سانجىلدى. ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش تولدى.

ـ كىم بۇ؟ ـ گۈزەلنۇر مېنى بىر چەتكە تارتىپ پىچىرلىدى، ـ ئاكاڭ ئەمەستۇ؟ ھېلى ئۇرۇۋېتىدىغاندەكلا گەپ قىلىدىغۇ!

ـ بۇ گەپنى كېيىن قىلىشايلى. بۈگۈن سەن كېتىۋەرگىن، ـ دېدىم مەن، ئاندىن رىشىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەرگە قارىغىنىمچە جىم تۇردۇم.

ـ مەن بىلەن يۈرۈڭ! ـ دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا. نېمىشقىدۇر مەن نېرى - بېرى دېمەي، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.

رىشىت مېنى بىر تورتخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئازراق يېمەكلىك بۇيرۇتتى.

مەن ئۈستەلگە تىكىلگىنىمچە ئۈندىمەي ئولتۇردۇم. رىشىتنىڭ ماڭا قاراپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. توۋا، تونۇش - بىلىشلەر كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، شۇنچە ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇپ، باشقىسىمۇ ئەمەس، دەل رىشىتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغىنىم نېمىسى؟ ئۇ نېمىدەپ قالغاندۇ؟

ـ مەن مەكتەپكە نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى كەلگەن، ـ رىشىت ئاخىر سۆزگە كىرىشتى، ـ سىز تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇلاردىن ئەھۋالنى ئۇقتۇم. . . شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قېتىم ناھىيىگە كىرگىنىمدە، ئۆيىڭىزگە بېرىپ سىزدىن خەت كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردۇم. ئۇلار ئاران بىر پارچە خەت كەلگەنلىكىنى، سىزنىڭ بىر مېھمانخانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتتى. لېكىن ئادرېسنى ئېنىق يازماپسىز. شۇنىڭ بىلەن خەت يېزىشنى ئويلىساممۇ، نەگە ئەۋەتىشىمنى بىلەلمىدىم. سىزنىڭ غېمىڭىزنى كۆپ يېدىم، ساجىدە، بىردەممۇ خىيالىمدىن كەتمىدىڭىز. بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئىشلىرىمنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدىم. لېكىن مۇنداقلا كەتكۈم كەلمىدى. سىزنى ئىزدىدىم، ھەر كۈنى ئىزدىدىم، ئاخىر تۈنۈگۈن ئەتىگەن سىز ئىشلەۋاتقان مېھمانخانىنى ئىزدەپ تاپتىم. لېكىن ئۇ يەردىكى قىزلار سىزنى كېچىدە چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، دېيىشتى. سىزدىن شۇنچە ئەنسىرىدىم. بىراق سىز. . . سىزگە نېمە بولدى؟

ئۇنىڭ سوئالىغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن؟ مەن يېشىمنى ئېقىتىپ ئولتۇرىۋەردىم.

— ئاخشام سىزنىڭ ھېلىقى مېھمانخانىغا نېمە ئىش بىلەن بارغىنىڭىزنى سورۇشتۇرگۇم يوق، — رىشىتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — لېكىن ساجىدە، بۇ سىزدەك بىر قىزنىڭ ماڭىدىغان يولى ئەمەس. نېمە ئۈچۈن يۇرتتىن كېتىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. بۇنىڭدا سىزنىڭ قىلچە گۇناھىڭىز يوق. ھازىر مەكتەپتىكىلەرمۇ سىزنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىڭىزنى بىلىدۇ. سىزنى بۇ كۈنگە قويغان ئادەممۇ نۇرغۇن چاتاقلىرى پاش بولغانلىقتىن، جاجىسىنى يەپ خىزمىتىدىن ئايرىلدى. ئەڭ ياخشىسى، مەن بىلەن بىللە قايتىڭ. ئاشۇ مەكتەپتە يەنە بىللە ئىشلەيلى.

مەن ئۇنىڭغا ئىتتىك قاراپ، بەنە كۆزۈمنى قاچۇردۇم.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

— مۇمكىن بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — رىشىت ئاۋازىنى كۆتۈردى، — مۇدىرمۇ باشقا مەكتەپكە ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى بولۇپ يۆتكەلدى. مەكتەپنىڭ ئىشىغا مەن مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن... باللار سىزنى سېغىندى، ساجىدە، بەك سېغىنىپ كەتتى. بىزمۇ سېغىندۇق سىزنى! مەن بىلەن قايتىڭ!

يۇرتۇمدىن كۆڭلۈم بەك سوۋۇپ كەتكەندى. ئۇ يەرگە قايتىپ بېرىشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقاتتىم.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— ئالدىراپ بېشىڭىزنى چايقىماڭ، ساجىدە. ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ، سىزنىڭ ھايات يولىڭىز ھازىرقىدەك بولسا بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا سىزدىنمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلار كۆرمىڭ. بۇنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ... مەن ئۆگۈنلۈككە ماڭىمەن. ئەتە مۇشۇ چاغدا مۇشۇ تورتخانىدا سىزنى ساقلايمەن. مەن سىزنىڭ ئەقىللىق قىز ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن. ياخشى ئويلىنىڭ، ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىدىغان ئىش بولمىسۇن!

بىز تورتخانىدىن چىقىپ، سالقىنغىنە خوشلاشتۇق. مەن گۈزەلنۇرنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، سافاغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

شامىل، «سىرلىق ساراي» نىڭ خوجايىنى، ئىمىر، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن ئۇلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئىختىيارسىز قولۇمنى شىلتىدىم. لېكىن ئۇلار يەنىلا بىزەڭلىك بىلەن ھىجىيىپ تۇراتتى. «كەتمەيمەن! ھەرگىز كەتمەيمەن!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى.

كۆزلىرىمدىن ياشلار تارامىلماقتا ئىدى. مەن سومكامدىن قول ياغلىقىمنى ئالماقچى بولۇۋىدىم، قولۇمغا ھېلىقى پۇللار ئۇرۇندى. مەن خۇددى نىجاسەتنى تۇتۇۋالغاندەك، قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ، سومكىنىڭ ئىچىگە قارىغىنىمچە بىرھازا تۇرۇپ قالدىم. قۇلاق تۈۋىمدە رىشىتنىڭ سۆزلىرى جاراڭلىدى. مېھرىم چۈشمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ئالتە ئاي ئىشلىگەن مەكتىپىم، ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ يۈرگەن، «مۇئەللىم، مۇئەللىم!» دەپ چۇۋۇرلاشقان سەھرا باللىرى، ھويلىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىدا دۈمچىيىپ ئولتۇرغان دادام، ئەتراپىمدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئاپام، كۆزىدىن ياش قۇرىمايدىغان بىچارە ئاچام... كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. مەن سومكىدىن ھېلىقى پۇللارنى ئېلىپ يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىۋەتتىم.

مەن يىغلاۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدا دەم ئۇ كۆرۈنۈشلەر، دەم بۇ كۆرۈنۈشلەر نۆۋەتلەشكەندەك پەيدا بولماقتا. مەن گاراڭ بولۇپ قالدىم. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ رىشىت بىلەن كېتەمدىمەن، يا بۇ يەردە قېپقالامدىمەن؟ ئېيتقىنا، خالىدە، مەن قانداق قىلسام بولار؟!

* *

ئاخىرقى پارچە خەت شۇ يەرگىچە يېزىلغانىكەن. چېسلاسى يېزىلمىغان بۇ خەت ماڭا ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىن ئەۋەتىلگەنمىدۇ، يا باشقا جايدىنمۇ؟ مەن پوچتا تامغىسىغا قاراپ، تامغا سۇس بولغانلىقتىن نەدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم. ئاخىرقى خەتنىڭ ۋاقتىنى ئاۋغۇست ئېيى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. دېمەك، ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتۈپتۇ. مۇشۇ كۈندە ساجىدە نەدىدۇ؟ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ مەن بۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب تاپالمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، بۇ خەتلەر مېنىڭ ئەسلىمگە ئايلانغان بولدى...



# ئالمۇتا زىيارىتىدىن تۇغۇلغان ھېسلار

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇكېرىم راخمان

## كىرىش سۆز

ئاباي نامىدىكى قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور ئازات سۇلتان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دوتسېنت ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىق ئۈچ كىشى 1999 - يىلى 20 - سېنتەبىردىن 4 - ئۆكتەبىرگىچە ئالمۇتادىكى ئۇيغۇر مائارىپىنى نۇقتا قىلغان ھالدا ئىككى ھەپتىلىك ئىلمىي زىيارەتتە بولدۇق.

مەزكۇر زىيارەت خاتىرىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان؛ ئىككىنچى قىسىمدا قازاقىستاننىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مائارىپ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان؛ ئۈچىنچى قىسىمدا ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ساخاۋەتلىك كارخانىچىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

## I قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مائارىپى

بىز ئالمۇتادىكى ئىلمىي زىيارىتىمىز داۋامىدا بىر قانچە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئالمۇتا شەھىرىگە قاراشلىق ئۇيغۇر رايونلىرىدىن بىرى بولغان «دوروژبا» (دوستلۇق) غا قورۇلغان ئابدۇللا روزىباقىيوف نامىدىكى ئۇيغۇر گىمنازىيىسى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ گىمنازىيە باشلانغۇچتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئون يىللىق مائارىپ تۈزۈمىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ. مەكتەپنىڭ خىللانغان 70 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 1500 دىن ئاشىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مائارىپتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان مەكتەپ رەھبەرلىكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى پېداگوگىكا ۋە ئەمەلىي كەسىپ تۈرلىرى بويىچە نەق مەيداندا ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ، لاياقەتسىزلىرىنى شاللىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك بۇرچ تۇيغۇسى كۈچىيىپ، مائارىپنى سۆيۈش، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش، مىللەت ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇش ئاڭلىقلىقى ئۆسكەن. قىيىنچىلىقتىن ۋايسىمايدىغان، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان جان پىدالىق روھ يېتىلگەن. مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ياش بولۇشىغا

www.uyghurkitap.com

قارىماي پائالىيەتچان، خۇش پېئىل يىگىت بولۇپ، ئۇ يۈرەكلىك ھالدا بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى دۆلەت مائارىپ سېپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىدىن باشقا راسخوتلارنى بېرەلمەيدىكەن. بۇنداق ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار ئاستىدا مەكتەپنى قانداق قىلىپ ياخشى باشقۇرۇش كېرەك؟ بۇ سوئال ئۇلارنى دادىللىق بىلەن بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇرلىغان. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن شتاتى دائىرىسىدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئاشكارا سىناق ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، كىرىشكىمۇ، چىقىشقىمۇ يول قويۇش، خىزمەت ئۈنۈمىگە قاراپ مائاشىنى جانلىق تەڭشەپ تۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش، مائارىپنى قوللايدىغان مەرىپەتچىلەر، ساخاۋەتلىك كارخانىچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مەكتەپنى ئورتاق باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىگىلىك يارىتىش مېخانىزمىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقانداق شەكىلدىكى نامۇۋاپىق سېلىقلارنى قەتئىي چەكلەپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، چەكلىك مەبلەغ بىلەن چەكسىز ئۈنۈم يارىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش چارىلەرنى يولغا قويۇپ تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

مۇدىر شاۋكەت بىزنى ئۆزىنىڭ رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئازادە ئىشخانىسىدا قارشى ئالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى سورىدى. بىز مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىدىن تارتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگىچە تەپسىلىيرەك تونۇشتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. مۇدىر بىر خىل كەمتەرلىك بىلەن: «بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئالدىن تەييارلاپ قويغان يازما تونۇشتۇرۇش ماتېرىيالىمىز يوق. ‹مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا›، دېگەن گەپ بار. ئەڭ ياخشىسى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىمىز بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. بىز كوندىلەڭ شەكىلدە سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىگە چىقتۇق. بىنا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا سوۋېت كومپارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ سابىق سېكرېتارى، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال ئەزاسى ۋەتەنپەرۋەر كوممۇنىست ئابدۇللا روزىباقىيوفنىڭ ئالتۇن ھەللىك ھەيكىلى قويۇلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ۋە داڭلىق تارىخىي ئەربابلارنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھاللىرى، ئانا تىلىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە مۇھىملىقى ھەققىدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرى رامكىغا ئېلىنىپ ئېسىلغان، كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىگە گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغان بولۇپ، بىناغا كىرىش بىلەن تەڭ بۇ گۈزەل مۇھىت سىزنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

بۇ مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى دەرس تۈرلىرى بويىچە بۆلۈم - كافېدرالارغا ئايرىلغان بولۇپ، دەرس ئىسخىمىسى بويىچە قايسى دەرسكە توغرا كەلسە، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈنۈپ بەلگىلەنگەن كافېدراغا كىرىپ دەرس ئاڭلايدىكەن. بىز ئىختىيارى ھالدا باشلانغۇچ 4 - يىللىق سىنىپنىڭ ئەدەبىيات دەرس بۆلۈمىگە كىردۇق. سىنىپ ناھايىتى ئازادە ۋە رەتلىك بولۇپ، مېھمانخانىدەك پاكىز تازىلانغان. سىنىپنىڭ ئالدىغا بىر دەرس ئۆتۈش مۇنبىرى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى شىرە ئۈستىگە بىر تېلېۋىزور، سول تەرىپىدىكى يەنە بىر شىرەگە بىر دانە كومپيۇتېر قويۇلغان. سىنىپنىڭ سول تەرىپىدىكى كىتاب ئىشكابىغا دەرسلىك قوللانمىلار، بالىلارنىڭ ئوقۇشلۇق كىتابلىرى رەتلىك تىزىلغان. يەنە بىر ئەينەكلىك ئىشكاپقا ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھەر خىل ئەۋرىشكىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ياساپ تەييارلىغان ھەر خىل سوغۇق سەي تۈرلىرى ئۆلچەملىك بوتۇلكىلارغا قاچىلىنىپ تەرتىپلىك تىزىپ قويۇلغان. سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپى بوش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك بېزەك لامپۇچكىلار ئورنىتىلغان ئۈزۈملۈك باراڭ ياسالغان. باراڭ ئاستىغا بىر پارچە گىلەم سېلىنغان بولۇپ، باش تەرىپىگە ئورۇن، كۆرپە ۋە ياستۇق تىزىپ قويۇلغان. ئوتتۇرىسىغا بىر قونچاق قىز بۆلەنگەن نەقىشلىك بۆشۈك قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي نۇسخىسى دېيىش مۇمكىن. بۇ سىنىپتا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈۋاتقانىكەن. شاۋكەت مۇدىر بىزنى ئوقۇغۇچىلارغا قىسقىچە

تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئىختىيارى ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سوراپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى. ئالدى بىلەن مەن ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان بادام دوپپا كىيگەن بىر ئوقۇغۇچىنى تۇرغۇزۇپ سوئال سورىدىم.

- سىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرىنى بىلەمسىز؟

- ئازراق بىلىمەن.

- ئۇنداق بولسا بىزگە سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن بىر - ئىككى كۇپلېت دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەلەمسىز؟

بۇ بالا ھېچقانداق ھودۇقماستىن سادىر پالۋاننىڭ ئۈچ كۇپلېت قوشىقىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن سورىغان يەنە باشقا سوئاللىرىمىزمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشتى. بىز ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈرۈپ، بۇ سىنىپتىن چىقىپ رۇس تىلى كافېدراسى، فىزىكا كافېدراسى، زوئولوگىيە كافېدراسى، رەسىم كافېدراسى، مۇزىكا كافېدراسى قاتارلىق بۆلۈملەرنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ سىنىپلارمۇ كەسپىي ئالاھىدىلىك بويىچە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش نىشانلانغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ 2 -، 3 - قەۋەت كارىدورلىرىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىم مەشقىدىن تاللانغان سۈرەتلىرى ئۆلچەملىك رامكىغا ئېلىنىپ تەرتىپلىك ئېسىلغان بولۇپ، بۇ رەسىم كارىدورى ھەر مەۋسۇمدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىكەن.

بىز مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپ تارىخىي مۇزېيىغا كىردۇق. بۇ مۇزېينىڭ ئورنى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن مۇزېيغا قويۇلغان ماددىي بۇيۇملار، مەكتەپنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خاتىرىلەر ۋە سۈرەتلەر كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلالايدىكەن. بىز يەنە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ئۆيىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ ئۆيدە ئون نەچچە كىيىم تىكىش ماشىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىختىيار قىلغان قىز ئوقۇغۇچىلار كىيىم تىكىشنى، كەشتە توقۇشنى ئۆگىنىدىكەن. ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە ئىشلىگەن ھەر خىل نۇسخىلىق كەشتىلەرنىڭ ئۈلگىلىرى رەتلىك تىزىپ قويۇلۇپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى بىزگە: «قىزلىرىمىز يالغۇز جەمئىيەتنىڭ يارامىلىق ئىگىلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئۇلار يەنە كېلەچەكتىكى شەخسىي ئائىلىسىنىڭمۇ ئىشچان ئانىلىرى بولۇشى كېرەك. قولىدا يىپ - يىڭنە تۇتالمايدىغان قىزلار ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلالمايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كېلەچەكتىكى ئائىلىۋى بۇرچىنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ قول ھۈنەر سېخىنى قۇرۇپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ يەنە تاماق ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئاشخانىسىمۇ بار. سىلەرنى ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان تائاملارغا ئېغىز تەگكۈزۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن» دېدى. بىز تاماق زالىغا كىردۇق. تاماقخانا ئىككىگە بۆلەنگەن بولۇپ، بىر تەرىپىگە گاز ئوچاقلىرى رەتلىك قويۇلغان. يېنىغا بىرقانچە توڭلاتقۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىر ياندا قاتار ئىشكاپلار بولۇپ، ئىچىگە قاچا - قومۇچلار، كونسېرۋا قۇتىلىرىغا قاچىلانغان ھەر خىل تەمدىكى سوغۇق سەيلەر، بولكا ۋە پېچىنىلەر تىزىپ قويۇلغان، بىزنى تاماق تەييارلاۋاتقان قىزلار سۈتتەك داستىخان سېلىنغان شىرەگە تەكلىپ قىلدى. بىردەمدە شىرەنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزى تەييارلىغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ھايال ئۆتمەي ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىر تەخسىدىن لەغمەن كەلتۈرۈلدى. بىز تاماق يېگەچ قىزغىن پاراڭلاشتۇق.

- بۇ ئاشخانىدا تاماق ئېتىپ يەيدىغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ھەق تاپشۇرامدۇ؟

- ياق، بىزدە گاز ئەرزان بولغاچقا، توك ۋە گاز راسخوتىنى مەكتەپ پاراۋانلىق فوندى ئۈستىگە ئالغان. تاماققا كېتەرلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارى ھالدا ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىدۇ.

- بۇ ئاشخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا تاماق ئېتىشنى ئۆگىتىدىغان مەخسۇس ئۇستا بارمۇ ياكى ئۆزلىرى ئۆگىنەمدۇ؟

- مەكتەپتە قۇرۇلغان ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىش كۇرۇژۇكلىرىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرى بەلگىلەنگەن. شۇلار يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

بىز ئاخىرىدا مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرۇژۇكى تەييارلىغان قىزىقارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردۇق.

ئومۇمەن، بۇ مەكتەپتىكى يېرىم كۈنلۈك

زىيارەت داۋامىدا ئەڭ چوڭ تەسىراتىمىز شۇ بولدىكى، ئۇلارنى بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىمىزگە سېلىشتۇرغاندا، گەرچە ئىقتىسادىي ئاساسى بىزدىن خېلى كۆپ ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتۇش ئۈنۈمى بىزدىن خېلى يۇقىرى ئىكەن. بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدىكى پەرق بىز ئويلىغاندىنمۇ چوڭ ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ھەممىدىن كۆپ ئېتىبار بېرىلگەچكە، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي تېخنىك مەكتەپلىرىگە چىقىش نىسبىتى 60 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىكەن. بۈيۈك مۇتەپەككۇر بىكون مۇنداق دېگەن: «ئۆگىنىش بىلىمنى ئىشلىتىش يوللىرىنى بىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەس. بىلىمنى ئىشلىتىش ئۆگىنىشتىن ھالقىغان ئەقىل - پاراسەتتۇر. بۇ پاراسەت بىۋاسىتە كۆزىتىپ تەجرىبە قىلىشتىن كېلىدۇ». دەرۋەقە، بىز زىيارەت قىلغان بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەقەللىسى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ماشىنا رېمونت قىلىش ۋە ھەيدەشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، قاتناش باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ ئىمتىھانى ئارقىلىق شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئېلىپ بولىدىكەن. بۇنىڭغا مەكتەپ ئالاھىدە شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئوقۇغۇچىلار جۇشقۇن ۋە شوخ بولۇشىغا قارىماي، مەكتەپ مۈلكىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى چەكلەيدىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرى ھەرقايسى سىنىپلاردىكى كىتاب ئىشكاپىغا قويۇلغان بولۇپ، تاكى شۇ دەرسلىك ئۆزگەرتىلىپ قايتا تۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈنىڭدىن ئورتاق پايدىلىنىدىكەن. ئون يىللاپ ئىشلىتىلگەن دەرسلىكلەرمۇ يېڭى پېتىچە ساقلىنىپتۇ. بۇ رېئاللىقنى كۆرۈپ دەرسلىك قوللانمىلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئىسراپچىلىقتىن چۆچۈپ كەتتۇق. بىزدە ھەر يىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى بويىچە بىر ئوقۇغۇچىنى ئۆلچەم قىلىپ دەرسلىك سېتىپ بېرىلىدۇ. ئىككىنچى سىنىپقا كۆچكەن ئاكىسىنىڭ ئىشلەتكەن دەرسلىكىنى بىرىنچى سىنىپقا كىرگەن ئۇكىسى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مەزمۇنى ئۆزگەرمىگەن بۇ دەرسلىكلەر پەقەت بىر يىللىق تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپلا ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىدۇ. نەشرىيات ئورۇنلىرى ۋە تارقىتىش تارماقلىرى بۇنداق ئۇزلۇكسىز ئوبوروتتىن نەپكە ئېرىشىپ خۇشال بولسا، دېھقان - چارۋىچىلار ۋە كادىرلار بالىلىرىنىڭ دەرسلىك سېلىقىنى دەستىدىن بېلى مۈكچىيىدۇ. تېخىمۇ كەڭرەك ئويلىغاندا دۆلەت ھەممىدىن كۆپ زىيان تارتىدۇ. ھازىر ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن سەبىي بالىلارنىڭ دۈمبىسىگە ئېسىۋالغان كىتاب سومكىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىز ئاتا - ئانىلار «بالىلىرىمىز دۈمچەك بولۇپ قالارمۇ؟» دەپ ئەنسىرىمەكتىمىز.

مايىسىغا قاراپ كەلگۈسى ھوسۇلنى پەرەز قىلغىلى بولغاندەك، ئادەملەرنىڭ پسىخىك خاراكتېرى بالىلىق دەۋرىدە شەكىللىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك پېداگوگىكىسىدا بالىلارنى 4 - 5 ياشتىن باشلاپ چوڭلارغا سالام - سائەتلىك بولۇشقا ئۆگىتىدۇ. بۇ ئەنئەنە ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن كېيىنلا يولدا ئۇچراشقان چوڭ - كىچىك بالىلار تەبەسسۇم بىلەن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگەنلەرنى ھەر قەدەمدە ئۇچرىتىپ تۇردۇق. مەكتەپ قورۇسىدا توپ تالىشىپ يۈرگەن بالىلارمۇ مۇئەللىملىرىنى ياكى سىرتتىن كەلگەن ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرگەن ھامان توپ ئويناشنى توختىتىپ، ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىدىكەن، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەكتەپ قورۇسىغا بىر ئىش بىلەن كىرىپ قالغان ئاقساقاللاردىن بالىلىرىمىز قىلچە تەپ تارتمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى نىشانلاپ توپ تېپىدۇ، توپ يولۇچىلارنىڭ باش - كۆزىگە تېگىپ كەتسە، خۇشال بولۇپ سەكرىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەردە ئۆسكەن بالىلارنىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» نى بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز.

دېمەكچىمىزكى، ساپا مەسىلىسى ئائىلە، مەكتەپ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ھالقا. ئۇ بىر خىل شەكىل بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىل ۋە ئىنسان روھىنى قۇۋۋەتلەيدىغان بەھەيۋەت كۈچ.

بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاباي نامىدىكى ئالمۇتا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى بولغاچقا، بۇ مەكتەپ ھەققىدە

قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. 70 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ ئۇنىۋېرسىتېت كۆپ مىللەتلىك ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. بۇ مەكتەپتە يەنە بىرقانچە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى ۋە ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش ئورۇنلىرى بولۇپ، ئەلفارابى نامىدىكى قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەكتەپ 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشىگەن، ھەقسىز ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى ھەقلىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغان، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تەركىبىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ كەسىپ بويىچە قازاقىستاندىكى بىردىنبىر ئالىي ئوقۇتۇش ئورنى ھېسابلىنىدۇ. فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دېكانى (مۇدىرى) تۇرسۇن ئالايوف بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ باشلىقى مەھمۇت ئابدۇراھمانوف ئاكا بىزگە بۇ كافېدرانى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «كافېدرامىز 1980 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ 20 يىللىق تارىخىي مۇساپىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ تىل ۋە ئەدەبىيات كەسپى بويىچە 500 گە يېقىن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پروفېسسورلار، دوكتورلار، پەن نامزاتلىرى، ژۇرنالىستلار، يازغۇچى، شائىرلار، تەتقىقاتچىلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كافېدرا قازاقىستان، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە خېلى زور تەسىرگە ئىگە. بۇ يىل ئوقۇش راسخوتىنى ئۆزى تۆلەش شەرتى بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى يولغا قويۇلغاندا، ئىقتىسادىي سەۋەب تۈپەيلى پىلاننىڭ ئورۇنلىنىشى قىيىنلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇق. لېكىن ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئوقۇشنى خالايدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، كافېدرامىزنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇ ھال مەزكۇر كافېدرا خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھىمايىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز يېڭىچە مائارىپ ئىسلاھاتى داۋامىدا بۇ كافېدرادا ئىشلەۋاتقان سانى چەكلىك ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ جان پىدالىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، جەمئىيەتتە يۈزلىنىپ ھەر ساھەدىكى نوپۇزلۇق زىيالىيلار، مۇتەخەسسىسلەر، جۈملىدىن مائارىپنى سۆيىدىغان ساخاۋەتلىك كارخانىچىلارنى جەلپ قىلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش يولىنى ئىشقا ئاشۇردۇق. كافېدرامىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلمەكچى بولساڭلار ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ پېشقەدەم مۇدىرى، قازاقىستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسورى، تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى، قازاقىستان ئالىي مەكتەپلەر مۇدىرلار كېڭىشىنىڭ باشلىقى توقمۇھەممەت سەلمەن ئوغلى سادىكوفنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇپ كۆرسەڭلار كۇپايە. كافېدرانىڭ پائالىيەتچان باشلىقى مەھمۇت ئابدۇراھمانوف بىزگە جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي گېزىت ـ «ئۇيغۇر ئاۋازى» نىڭ 1996 ـ يىلى 9 ـ ماي سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ» سەرلەۋھىلىك زىيارەت خاتىرىسىنى تەقدىم قىلدى. بۇ خاتىرە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 16 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان نۇتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ئۇيغۇر خەلقىنى ياخشى بىلىمەن، ئۇلارنىڭ بەزىبىر زىيالىيلىرى بىلەن ئارىلىشىپمۇ يۈرىمەن. قەدىمىي مەدەنىيەتكە، ئاجايىپ باي سەنئەتكە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى بۈگۈنكى ئۇچرىشىش يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

ئاڭلىشىمچە، تاشكەنت ۋە بىشكەك شەھەرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر بۆلۈمى ئېچىلىپتۇ. ئۇلار بىزدىن كېيىن قاپتۇ. دېمەك، بىز ئۇيغۇر بۆلۈمىنى ئېچىشتا بىرىنچى ئىكەنمىز. بۇ خۇشال بولارلىق ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ پائالىيىتى ئۈستىدە توختالمىسام بولماس. بۈگۈنكى ئۇچرىشىشنىڭ سەۋەبكارى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، كافېدرا باشلىقى، پروفېسسور مەھمۇت ئابدۇراخمانوف باشلىق يەتتە ئۇيغۇر پېداگوگنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇلارنىڭ ئىككىسى پەن دوكتورى، ئۈچى پەن نامزاتى، بۇ يىل مەزكۇر كافېدرانىڭ ئېچىلغىنىغا 16 يىل تولۇپتۇ. مۇشۇ يىللار ئىچىدە 325 ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى ئۇنى تۈگىتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەشى پەن

نامزاتى بولسا، ئۇچى رەسمى تونۇلغان، بىردىن ئارتۇق كىتابى چىققان شائىرلار. بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسىدا 97 ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى باشقا ساھەلەر بويىچە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسىغا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاسپىرانت تەييارلاش ھوقۇقى بېرىلدى. فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور تۇغلۇقچان تالىپوف تىل بويىچە نامزاتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش مەخسۇس كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولسا، مەھمۇت ئابدۇراھمانوف ئەدەبىيات بويىچە نامزاتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش مەخسۇس كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى روسلان ئارزىيوف دوكتورلۇق، شائىرىمىز پاتىگۈل مەقسۇدىۋا بىلەن ئارسلان مەمەتوفلار پەن نامزاتلىق دىسسېرتاتسىيىلىرىنى يېزىۋاتىدۇ (يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى).

بىز قولىمىزدىن كەلگەن ياردىمىمىزنى ئايىمايۋاتىمىز. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئوقۇش قوراللىرى يېتىشمەيدۇ. مۇشۇ يەردە مەزكۇر ئۇيغۇر بۆلۈمىنى پۈتتۈرگەن ئىككى ياش ھەققىدە ئېيتىپ ئۆتۈشنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتىمەن. يەركەنتلىك «ئارپ» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئالىمجان زەيناۋدىنوف ئۆتكەن يىلى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئېچىلغانلىقىغا 15 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇش پروفلىمىلىرى ناملىق كونفىرىنسىيە ئۆتكۈزۈشكە چوڭ كۈچ چىقاردى. بۇ كۈنلەردىمۇ قولىدىن كەلگەن ياردىمىنى بېرىشكە تەييار. ئەمدى يېقىندا مەزكۇر بۆلۈمنى تاماملىغان ياش تىجارەتچى يۈسۈپجان مىرزاموف چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بەردى. ئەگەر مۇشۇنداق ئوغلانلىرىمىز چىقىپ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان بولسا، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىنىڭ يېنىدا باشقا پەنلەر بويىچە بۆلۈم ئېچىش ئىمكانىيىتىمىز بار.

بۇ يىلدىن باشلاپ ھۆكۈمەت توختامىغا بىنائەن ھەممە ئوقۇش جايلىرىدا قىسقارتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى. كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ھېچقانداق قىسقارتىش بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەستە قالارلىق ئۇچرىشىش ئۇيۇشتۇرغان ماگىلان شەرىپوفقا، ئۇنىڭ سەۋەبكارى مەھمۇت ئابدۇراھمانوفقا ۋە بىزنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ مۇشۇ سورۇنغا جەم بولغان ھەممىڭلارغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت». [①] دەرۋەقە قازاقىستاندىكى بۇ نوپۇزلۇق ئەربابنىڭ نۇتقى قازاقىستان دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئاشۇنداق مەدىنى ۋە قوللىشى بولغاچقا، مەزكۇر كافېدرانىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئۈگۈشلۈك داۋاملاشقان. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى ئۆسۈپ، ئىجادكارلىق روھى ئۇرغىغان. ھازىر بۇ كافېدرادىكى يەتتە ئوقۇتقۇچى، ئۈچ ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى (ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە مېتودولوگىيىسى) غا بۆلىنىپ، 30 نەچچە خىل دەرس تۈرلىرىنى تەسىس قىلغان. ئۇلار ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ستۇدېنتلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە قاراتقان. مۇشۇ مەقسەتتە 3 ـ كۇرستىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلارنى يۇقىرىقى ئۈچ پەن گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ، نىشانلىق تەربىيىلەشنى يولغا قويغان. نەتىجىدە ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان. ئوقۇتۇش پروگراممىسى جەھەتتە نەزەرىيىۋى دەرسلەرنىڭ ۋاقتى قىسقارتىلىپ، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، بىلىش قىممىتى يۇقىرى بولغان تاللانما دەرسلەرنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلارنى تاشقى ياردەمگىلا تايىنىۋالىدىغان روھىي قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ، ئۇلاردا ئىجادكارلىق روھىنى يېتىلدۈرگەن.

بۈگۈنكى ئىسلاھات روھى ھەممە كىشىنى ئىزدىنىپ يول ئېچىشقا، ئىقتىسادىي رىقابەت ئالدىدا تىك تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش روھىدۇر. مۇشۇنداق ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش روھى قازاقىستان نوپۇسىنىڭ 2 ـ 3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار قاتلىمىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز سۇرگەچكە، قازاقىستاننىڭ ئومۇمىي مائارىپ گەۋدىسىدە ئۇيغۇرلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىقادىغا ئېرىشكەن. دەرۋەقە، ئىقتىسادىي سىلىنما مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن ئۇ بىردىنبىر ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ئىقتىسادىي سېلىنمىغا

---

① «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى، 1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى. 4 ـ بەت.

ماس ھالدىكى روھىي سىلىنما (مەنۋى ساپا) بولغاندىلا ئاندىن مائارىپ ئارقىلىق مۇئەييەن قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەقدىر ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغانلارغا مەدەتكار.

## II ساخاۋەت ۋە ھىممەت

– مەن «مىللىي گەۋدە»، «مىللىي باراۋەرلىك»، «مىللىي دۆلەت» دېگەنگە ئوخشاش سۇئىي ئىبزەكلەرگە كۆپ قىزىقىپ كەتمەيمەن. چۈنكى ئىقتىسادىي رىقابەتنى ئۆزەك قىلغان بۈگۈنكى دۇنيا كۆلەملىك ئىسلاھات كەسكىن بىر جەڭ مەيدانى بولۇپ، بۇ جەڭدە ئۆزىنىڭ ئەقىل قۇدرىتىگە تايانغانلار غەلىبە قىلىدۇ، باشقىلاردىن شەپقەت تىلەپ «ئېتىبار»نى كۈتۈپ ياتقانلار ھالاك بولىدۇ. بىزدەك روھىي بېكىنمىچىلىك تۈپەيلى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنالمىغانلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردە بېشىغا كەلگەن پالاكەتچىلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان بىرمۇنچە تاشقى ئامىللاردىن باشقا، ئاساسلىقى دۇنيانىڭ ئەقىل قەدىمىگە يېتىشىپ قاتارغا كىرەلمىگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت ئىچكى سەۋەبتىن كېلىپ چىقتى. ئۆز كۈچىگە تايىنىش روھى ئەركىنلىككە ئېرىشىشنىڭ مەنبەسى. «ئانا نۇسخىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مىللەت شەخسلەرنىڭ ئىجتىمائىي - تارىخىي جۇغلانمىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە قۇدرىتى تۈزۈمنىڭ شەكلىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا باغلىق. ساپا بىر مىللەتنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي كامالىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئۇ مىللىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تۈگىمەس ئېنېرگىيىسى، پۈتكۈل مەدەنىيەت كارىدورىنىڭ نۇرلۇق دەرۋازىسى بولغان مائارىپ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا مائارىپنى قوللاش ۋە ھىمايە قىلىش ھەرقانداق بىر غۇرۇرلۇق ئىنساننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى. مانا شۇ ۋىجدان بۇيرۇقى مېنى تىنىمسىز ئىشلەشكە، ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىشكە ئۈندىگەن».

مانا بۇ ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەخرى – ئاتاقلىق كارخانىچى دىلمۇرات كوزىيوفنىڭ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا ئېيتقان سۆزى. ئۆز مېھنىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى ۋە قىزغىنلىقى، كۈچلۈك ئىجادكارلىق روھى، باشقۇرۇش سەنئىتىگە ماھىرلىقى، خەلقنىڭ خوجىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىش بىلەن داڭق چىقارغان بۇ جاسارەتلىك يىگىتنى ئەتراپىدىكى دوستلىرى «دىلمۇرات يېۋرەي» دەپمۇ سۈپەتلىشىدىكەن. دەرۋەقە، بۇ ئۇيغۇر يىگىتى ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يېۋرەيلەر (يەھۇدىيلار)، نېمىسلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىر سەپتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەنئىتىنى پۇختا ئىگىلىۋالغانىكەن.

دىلمۇرات كوزىيوف ھازىر خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولغان قازاقىستاندىكى داڭلىق كوپپىرو خىللىق كارخانا گۇرۇھى - «بېنت» (АО «БеНТ») ئاكسىيە جەمئىيىتىنىڭ باش لىدىرى بولۇپ، بۇ كارخانا ئەسلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۆمۈر - بېتون قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلەش بازىلىرىدىن بىرى ئىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ كارخانا بىر مەزگىل ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان. 1992 - يىلى دىلمۇرات كوزىيوف باشچىلىقىدىكى توققۇز كارخانىچىدىن تەركىب تاپقان ھەسسىدارلىق گۇرۇھى پاي قوشۇش يولى بىلەن بۇ چوڭ كارخانىنى سېتىۋېلىپ، قازاقىستان بويىچە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ «‹بېنت› ئاج» («بېنت» ئاكسىيىلىك جەمئىيىتى) بولۇپ ئۇيۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قازاقىستاندا بىرىنچى بولۇپ دۆلەتنىڭ چوڭ كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇ ئاكسىيە گۇرۇھى بىر يۈرۈش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ خەلقئارا بازار سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى قىيىن شەرت - شارائىتلىرىغا قارىماستىن، گېرمانىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق «فوسلو» (фОССЛО) تۆمۈر - بېتون مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى بىلەن تېخنىكىلىق جەھەتتە ھەمكارلىشىپ، گېرمان تېخنىلوگىيىسى بويىچە تۆمۈر - بېتون مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا «ت ئى گ 80» تۇرۇبىسىنىڭ سۈپىتىنى ئالەم ستاندارتىغا يەتكۈزگەن ھەم 1994 - يىلىدىن باشلاپ بۇ يېڭى مەھسۇلات يۇقىرى ئۆلچەملىك تۇرۇبا خەلقئارا كاتالوگىغا كىرگۈزۈلگەن. «ت ئى گ 80» ماركىلىق تۇرۇبا خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات بولۇپ، بۇرۇنقى شۇ

خىل مەھسۇلاتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىشلىتىش قەرەللى ئەسلىدىكى 6 ـ 8 يىلدىن 40 يىلغا ئۇزارتىلغان. شۇ مەھسۇلاتنىڭ ئوخشاش قوشۇلما ئېغىرلىقى ئەسلىدىكى 21 كىلوگرامدىن 5.8 كىلوگرامغا قىسقارتىلغان، قۇراشتۇرۇشتىكى ئەمگەك مىقدارىمۇ بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە قىسقارغان. مەزكۇر «بېنت ـ فوسلو» ئاكسىيە گۇرۇھىدا دىئامېتىرى 800mm، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىرلىق تۆمۈر - بېتون تۇرۇبىلىرىدىن يىلىغا 120 كىلومېتىر تۇرۇبا، 1000 كۇب مېتىر تۆمۈر - بېتونلۇق رېلىس بېكىتكۈچى ئىشلەپ چىقىرىپ، 3 مىليارد تەڭگە (21.8 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) لىك تاۋار مەھسۇلات قىممىتى يارىتىدۇ. ئۇلار ئىشلەپ چىقارغان بۇ تۆمۈر - بېتون مەھسۇلاتلىرى قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىنىڭ دۆلەت ستاندارتى ۋە دۆلەتلىك تۆمۈريول ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن بولۇپ، رۇسىيە شىركەتلىرىنىڭ شۇ خىل مەھسۇلاتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھەر بىر كىلومېتىر تۇرۇبىدا 5 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئارتۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. شۇڭا بۇ شىركەتنىڭ تاۋارلىرى ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئىشلىتىش قەرەلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تەننەرخىنىڭ تۆۋەنلىكى، قۇراشتۇرۇشتىكى ئەمگەك سەرپىياتىنىڭ ئازلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن خەلقئارا بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. بۇ ئاكسىيە شىركىتىدە باش لىدىر دىلمۇرات كوزىبوفنىڭ پاي نىسبىتى 60 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

«بېنت» ئاكسىيىلىك گۇرۇھى قارمىقىدا يەنە قازاق ئىسرائىل بىرلەشمە ئۈيۈشمىسى ـ «بېنت ـ ئانان» ناملىق زامانىۋى توخۇ فېرمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ تېخنىكىلىق كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىق جەھەتتە دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ قۇش فېرمىسىنىڭ بىرى سانىلىدىكەن. ئىسرائىلىيىنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بۇ قۇش فېرمىسى زامانىۋى يۇرۇشلەشكەن بولۇپ، توخۇمدىن گۆش توخۇسىغا ئايلانغىچە بولغان ۋاقتىنى 42 كۈنگە قىسقارتىپ، دۇنيانىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش رېكورتى بولغان 45 كۈننى بۇزۇپ تاشلىغان. بۇ فېرما يىلىغا 3 مىڭ توننا توخۇ گۆشى، 4 مىليون دانە تاۋارلىق توخۇم، 3 مىليون دانە ئىنكوباتسىيىلىك توخۇم، بىر مىليون دانە چۆجە ئىشلەپ چىقىرىپ، پۈتۈن قازاقىستاننى تەمىنلىگەندىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا بازارلىرىنى ئىگىلىگەن. بۇ فېرما يەنە 4 مىڭ گېكتارغا يېقىن زامانىۋىلاشقان 38 بېلىق كۆلىنى باشقۇرۇپ يىلىغا 300 توننا كارىپ، تولستولوبىك، ئاق ئامور قاتارلىق مەشھۇر سورتلۇق بېلىق تۈرلىرىنى يېتىشتۈرەلەيدۇ. بۇ بېلىق كۆللىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا گۈزەل سەيلىگاھلار قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى كۆپلىگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.

«بېنت ـ ئانان» قۇش فېرمىسى قوشۇمچە قۇش يېمى ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان 10 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، قۇش يېمىدىن باشقا يىلىغا 2 مىڭ توننا سېرىق پۇرچاق، 3 مىڭ توننا كۆممەقوناق، 500 توننا ئاپتاپپەرەس ياكى پاختا مېيى بىلەن بازارنى تەمىنلەيدۇ. ئۆزئارا يۇرۇشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئىگە بۇ فېرما قۇشلارنىڭ يېمىنى تەييارلاش، تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئوغۇتلاش جەھەتتە خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنى قەتئىي مەنئىي قىلىپ، پۈتۈنلەي بىئولوگىيىلىك تەبىئىي ئوزۇقلۇقتا تايىنىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن تاۋار ئىگىلىكىدە يۇقىرى ئىناۋەت قازانغان. شۇڭا ئالمۇتا شەھىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك كۆزنەكلىرىدە «АО‹БЕНТ›» ناملىق چوڭ تاختا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

«بېنت» ئاكسىيە گۇرۇھىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا بىزگە ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى ئىككى مۇھىم نۇقتا بولدى. بىرى، باش لىدىر دىلمۇرات كوزىبوفنىڭ ئۆز ئىشىغا شۇنچە پۇختىلىق، كۈچلۈك كەسىپچانلىق روھى ۋە سۆز - ھەرىكەتتە چاققان ۋە زەبەردەسلىكى. ئۇ بىزنى مەزكۇر شىركەتنىڭ دەم ئېلىش كۈنىدىن پايدىلىنىپ، زاۋۇتنى بىۋاستە كۆرۈشكە يول باشچىلىق قىلىش جەريانىدا، ھېچقانداق يازما دوكلاتقا تايانماستىن چوڭ سانلىق مەلۇماتلاردىن تارتىپ، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئالاھىدىلىكىگىچە، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يىللىق ئومۇمىي پىلانىدىن كۈنلۈك ۋە سائەتلىك پىلانىغىچە ناھايىتى ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك ھالدا تونۇشتۇردى. ئۇ ئۆز كارخانىسىدىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەر بىر ۋىنتىسىغىچە ناھايىتى پۇختا بىلىدىكەن؛

يەنە بىرى، دىلمۇراتنىڭ مەدەنىيەتلىك كارخانا باشقۇرۇش سەنئىتى. بۇ ھەقتە شۇنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، بىز بۇرۇن رايونىمىزدىكى «1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر زاۋۇتى»غا ئوخشاش چوڭ تىپتىكى كومبىناتورلۇق كارخانىلىرىنى ۋە داڭلىق توخۇ فېرمىلىرىنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا سېخلارنىڭ ئىچىدىن تارتىپ زاۋۇت ئەتراپلىرىغىچە قالايمىقان دۆۋىلىنىپ كەتكەن كېرەكسىز پولات ماتېرىياللىرى ۋە ئەخلەت دۆۋىلىرىنى كۆرەتتۇق. توخۇ فېرمىلىرى سېسىقچىلىق ۋە مەينەتچىلىك تۈپەيلىدىن كىشىنى سەسكەندۈرەتتى. لېكىن «بېنت» گۇرۇھى باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ مۇھىتى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن. سېخلارنىڭ ئىچى ناھايىتى رەتلىك ۋە پاكىز، زاۋۇت ئەتراپى گۈل - گىياھلار بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، زاۋۇت قورۇسىدا بىرەر تال تاماكا قالدۇقىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. قۇش فېرمىسىدا توخۇلارنىڭ پوقىدىن تارتىپ، قانات - پەيلىرىگىچە ئاپتوماتىك ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنغان، دېزىنفېكسىيە ۋە باشقا تېخنىكىلىق چارىلەر بىلەن سېسىق پۇراق يوقىتىلغان. توخۇ بېقىلىدىغان ھەر بىر سېخقا كىرىدىغان ھەرقانداق كىشى ئالدى بىلەن مۇنچىدا يۇيۇنۇپ دېزىنفېكسىيىلەنگەن سېخ كىيىمىنى كىيىشى شەرت ئىكەن. تازىلىققا ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، توخۇلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش نىسبىتى 97 - 98 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلگەن ۋە مۇشۇنداق ئۆلچەم نىسبىتى بىلەن ھەر بىر سېخ ئىشچىلارغا ھۆددە قىلىنغان. ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ ھۆددىگەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا ئىشچىلاردا ئۆز ئائىلىسى سۈپىتىدە كارخانىنى سۆيۈش ئېڭى تۇرغۇزۇلغان.

ئۇيغۇرلار تارىختا سودا - تىجارەتتە ماھىرلىقى ۋە چىۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت تاپقان بولۇپ، بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇنداق ئىلىم - سېنتىم تىجارىتى ئىجادىي بايلىق يارىتالمىغاچقا، يىلتىزى يوق دەرەخكە ئوخشاش ھەر خىل بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان سودا تارىخىدا ئىشلەپچىقىرىشنى گەۋدە قىلغان بىرقەدەر يىرىك سانائەت كارخانىلىرى بولغان دېيىلسە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەد كۆتەرگەن ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ تېرە - خۇرۇم ئىشلەش زاۋۇتىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر كارخانىچىلىرى دېيىلسە غەيرىي رەسمىي يوللار بىلەن تاسادىپىي ئېرىشكەن كاپىتالغا تايىنىپ، پىششىق تاۋارنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن نەپكە ئېرىشكەن سودىگەرلەر، ئاشخانا، رېستوران ۋە سودا بىنالىرىنى قۇرۇپ ئىجارىكەشلىك بىلەن بېيىغانلار ياكى بىزدىكى يەپ - ئىچىش قىزغىنلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، يېمەك - ئىچمەك تىجارىتىگە يۈرۈش قىلغانلار، دوللارچىلىق، «مۈڭگۈزچىلىك» قاتارلىق ئەتكەس ماللار سودىسىنى كەسىپ قىلىۋالغانلار... كۆز ئالدىمىزغا كېلەتتى. يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەيدىغان، ئەتىسىگە كۆزى يەتمەيدىغان بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك تىجارەت يولى گوياكى ئۇيغۇرلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەندەك، بۇ تار يولدا قىزغانچۇقلۇق بىلەن بىر - بىرىمىزنى قىستاپ يەككە ھەرىكەت قىلىش پىسخىكىسى روھىي چاڭقاق بۇ مىللەتنى تېخىمۇ تەمتىرىتىپ، دۇنيانىڭ ئەقىل قەدىمىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. بىز بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا «ئۇيغۇرلارغا بۇنىڭدىن باشقا نېمە چارە بار؟» دەپ ئۆز - ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىپ، شۈكرانىلىققا ئادەتلىنىپ قالغاچقا، 21 - ئەسىر ھارپىسىدىكى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي رىقابىتىگە قاتنىشىپ «ئۇيغۇرلارغا نېسىپ بولغان نېسىۋە»گە قانائەت قىلمايدىغان دىلمۇرات كوزىيوفتەك يىراقنى كۆرەر، زېرەك كارخانىچىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىكەنمىز. شۇڭا دىلمۇراتنىڭ «بېنت» ئاكسىيە گۇرۇھىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھاياجىنىمىزنى باسالماي سوئال سوراشقا مەجبۇر بولدۇق.

– شۇنچە چوڭ كارخانا گۇرۇھىغا سىز يالغۇز خوجايىنلىق قىلامسىز؟

– مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كارخانىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارى مەن. ئەمما ئەتراپىمدا يەنە پايچىك بولۇپ ھەمكارلاشقان يېۋرەي، نېمىس، رۇس، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مۇتەخەسسىس بۇرادەرلىرىم ۋە مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى دوستلىرىم بار.

– بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى «ئەقىللىق»

uyghurkitap.com

مىللەتلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەزىمەتلىرىنىمۇ سىز باشقۇرىدىكەنسىز - دە!

- بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار! ئۆزىمىزنى پەقەت باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغىلا يارىتىلغان، دەپ قاراش تولىمۇ بىمەنىلىك. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئەقىل دۇنياسىدا ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، مەرتىۋىسى قانداقتۇر مىللەت قاشقىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل قۇدرىتىگە تايىنىپ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، ھەرقانداق كەلگۈلۈكلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدام ۋە تەڭداشسىز قەيسەرانە روھنى تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك كارخانىچىلار روناق تاپىمىز دېسەك، بىر - بىرىمىزنىڭ قەلبىنى ئايرىپ تۇرىدىغان مىللەتتىن ئىبارەت بۇ قاشا تامنى ئۆرۈپ تاشلاش كېرەك. دەرۋەقە، بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي تەۋەلىكىدىن يۈز ئۆرۈش دېگەنلىك ئەمەس.

- سىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ خەلقئارا سودا ھەمكارلىق ئورناتقان بىر كارخانىچى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىجارىتىنىڭ كەلگۈسىگە قانداق قارايسىز؟

- مەن ئۆزۈمنى مىللىتىم ۋە خەلقىمنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسى، شۇنداقلا خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ لازىملىق بىر ۋېنتىسى دەپ ھېسابلايمەن. شۇڭا مېنىڭ ئەمگىكىم ئۆزۈمنى سەمرىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقىمگە ئورتاق بايلىق يارىتىش. مەن ئون يىلدىن بېرى خەلقىمنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە قوللىشى بىلەن جاپالىق ئىزدىنىپ دادىللىق بىلەن ئىشلىدىم. بۇ جەريانلاردا قاتمۇقات مۈشكۈلاتلارغا ۋە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلدىم. ھەتتا ھاياتىم خەۋپ ئاستىدا قالغان مىنۇتلارمۇ بولدى. شۇنداق ھالقىلىق ۋاقىتلاردىمۇ ئېتىقادىمدىن يانمىدىم، ئىرادەمدىن قايتمىدىم. دوستلارنىڭ ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ماختاشلىرى، يەنە بەزىلەرنىڭ تەنبىھلىرى ئالدىدا ئېسەنكىرەپ قالمىدىم. ئىنسان ئەقىل كۈچىگە تايىنىپ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىدىغانلا بولسا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈمىد ئارزۇلىرى ۋىسال تېپىپ زامان بىلەن ھەمنەپەس بولالايدۇ. ئىنسان ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشى مۇمكىن، لېكىن بىرلا نەرسىنى، يەنى دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئۆز قىممىتىنى يارىتالايدۇ، ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى تاپالايدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار جاپاكەش ۋە تىرىشچان خەلق بولغاچقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىقتەك چېچىلىپ يۇرسەكمۇ تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالمىدۇق. ئەمما بىزدىكى تارقاقلىق ۋە قانائەتچانلىق پسىخىكىسى بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ يىراقنى نەزەر تاشلىيالمايدىغان، كونا مۇقامدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيدىغان، ئۆزىمىزنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ھالەتكە گىرىپتار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بىزدە سودىغا يۈزلەنگەنلەرنىڭ نىسبىتى خېلى سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، بۇ دېڭىزدىن ئۈزۈپ چىقالىغانلار بەكمۇ ئاز. دۇنيانىڭ مەركىزىي بازارلىرىدا يايمىچىلىق قىلىۋاتقان كۆپچىلىك ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار تىجارەت ئېھتىياجىدىكى ئورتاق تىلغا ئىگە بولالمىغان، بۈگۈنكى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىيەلمىگەن. پىششىق تاۋارلارنى ئېلىپ - سېتىش يولى بىلەن ئېرىشىدىغان ۋاقىتلىق پايدىنى قوغلىشىپ، ھەقىقىي بايلىق يارىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قارىغان. شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنالمىغان بايلىق ھامان قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

- سىز ئەلگە تونۇلغان كارخانىچى سۈپىتىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشىپلا قالماستىن، ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان ساخاۋەتچى سۈپىتىدىمۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولۇپسىز. مۇشۇ ھەقتىكى خەيرىخاھلىق قارىشىڭىزنى بىلگىمىز كېلىدۇ.

- كىمكى دۇنيانىڭ غېمىنى يېمەي، ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلىسا، بىر ئۆزى ئۈچۈنلا كۆيۈپ پىشسا، ئۇ ئىنسان ئەمەس، بەلكى بىر قورالدۇر. شۇڭا ھالال تەر ئارقىلىق ياراتقان بايلىقىمنى خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشنى ئىنسانىي بۇرچۇم دەپ قارايمەن. لېكىن خەلققە كۆرسەتكەن ئازغىنا ھىممەتنى مىننەت قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق بەدەلگە ئېرىشىشنى خالىمايمەن. ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساخاۋەتچى كارخانىچىلار خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دوستىمىز ماگېلان ئۆلگىلىك رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ، - دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى دىلمۇرات كوزىيوف. شۇ ئارىدا بىز بىلەن بىللە بولغان ماگېلان ئەپەندى سۆز قىستۇرۇپ:

- دىلمۇراتنىڭ جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن

قىلغان خەيرىخاھلىقلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلغان ئىئانىسى ھەممىمىزدىن كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالمۇتادىكى ئەڭ چوڭ جامەلەرنىڭ بىرى بولغان سۇلتان قورغان مەسچىتىنى ئۆزىنىڭ خىراجىتى بىلەن قۇرۇپ چىقتى، - دېدى. بىز يەنە دۆلەت دەرىجىلىك سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق دىلمۇرات كوزىيوفنىڭ قازاقىستان بويىچە 90 - يىللار ئىچىدىكى ئون بۈيۈك شەخسنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغانلىقىدىن ھەمدە ئۇ باشقۇرغان «بېينت» ئاكسىيە گۇرۇھى قازاقىستاندىكى 1500 دىن ئارتۇق چوڭ تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە 3 - ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق.

ماگېلان ئىسمايىل ئوغلى شەرىپوفنىڭ نام - شەرىپى قازاقىستاننىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ساخاۋەتچى يىگىت 1956 - يىلى ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيىسىنىڭ دوۋۇن يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھەربىي خىزمەتنى موسكۋادا ئۆتەپ كەلگەندىن كېيىن ئالمۇتادىكى خىمىيە زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. ماگېلان بۇ زاۋۇتتا ئون يىل ئىشلەپ ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكى ۋە تەشكىلاتچىلىقى بىلەن زاۋۇتنىڭ ئورۇنباسار دىرېكتورى بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئىشتىن سىرت ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.

ماگېلان ھازىر ئالمۇتا شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى، قازاقىستاندىكى داڭلىق «ئېلمۇند» كومپاسى «بېرىكى» ھەسسىدارلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن دىرېكتورى، «قازاقىستان تېلكو، سېرۋىس» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، ئالمۇتادىكى «ئارمان» ، «دوۋۇن» ، «ئايگاز» ، «دانىيار» ، «يەركەنت» سودا بازارلىرىنىڭ ئاساسلىق خوجايىنى، «پاناھ» نامىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك خەيرىخاھلىق فوندىنىڭ پرېزىدېنتى، ئاباي نامىدىكى قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پەخرىي ئەزاسى، ئۇيغۇر تىياتىرى «سادا» ئانسامبىلىنىڭ ھامىسى قاتارلىق كۆپلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە. ماگېلاننىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ئىنتىلىشىنى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1996 - يىلى 6 - ئاپرېل سانىغا بېسىلغان تۆۋەندىكى قىسقا زىيارەت خاتىرىسىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. . . «خەيرىخاھلىق - بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا، مەردلىكىگە، ئىچكى دۇنياسىنىڭ كەڭلىكىگە باغلىق.

ھەر قانداق پۇرسەتلەردە قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، سەنئىتىگە ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك ئۈلۈشۈمنى قوشۇشقا بەل باغلىدىم. ئاڭلىغان، بىلگەن ھەرقانداق ئالىيجاناب ئىشلاردىن چەتتە قالماسلىققا تىرىشتىم. يېۋرەيلەرنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: ‹ئادەم بالىسى قولىدا بار پۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق خىراجەت قىلغىنى بىلەن دۇنياغا تونۇلىدۇ›. مەرھۇم پەرمان ئاكام مۇنداق نەسىھەت قىلغانىدى: ‹ئۇكام، قولۇڭدا بار 100 سومنىڭ 75 سومىنى خەلق ئۈچۈن خەجلەپ، 25 سومىنى ئۆزۈڭگە قالدۇرساڭ شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە›.

ئۇتۇق پەقەت ئەمگەك ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ھازىر ‹ۋاقىت - پۇل› دەيدىغان پەيت كەلدى. ئىلگىرىكىدەك ئون تەڭگە تاپساڭ ئون كۈن يېتىپ يەيدىغان ۋاقىت كەتتى.

مەن گەرچە ئائىلەم ۋە شەخسىي تۇرمۇشۇم بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك دەپ ھېسابلىسامۇ، لېكىن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە خەلقىمىزگە ئورتاق بەخت يارىتىش يولىدا چېلىشىۋاتقان بىر ئاددىي جەڭچىمەن. بۇنداق ئورتاق بەختكە بىز پەقەت ۋىجدان، ئۆملۈك ۋە بىلىم، قابىلىيەت بىلەنلا يېتىشىمىز مۇمكىن. قۇرۇق داۋراڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ» . . .

بىز ماگېلاننىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىنى كۆرۈش جەريانىدا خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ساخاۋەتچىنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلەندۇق.

ماگېلان ئەپەندى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىغان قازاقىستان دۆلەتلىك «ئۇيغۇر تىياتىرى» نى قايتا قۇرۇپ چىقىش قۇرۇلۇشىنىڭ فوندى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالمۇتادىكى بۇ مەركىزىنى تىكلەشكە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ھەمدە «ئۇيغۇر


www.uyghurkitap.com

تىياتىرى» تەركىبىدىكى «سادا» ئانسامبىلىنىڭ خىراجىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاباي نامىدىكى قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى ستۇدېنتلار ئۈچۈن ئىمتىھان نەتىجىسى بويىچە ئاقچىلىق مۇكاپات بەلگىلەپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئابدۇللا روزىباقىيوف نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارلىق بىر تەنتەربىيە كۇلۇبى تەييارلاپ بەرگەن، شۇنداقلا بىرقانچە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە كومپيۇتېر ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان. ئالمۇتادىكى گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىغا لازىملىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى تەقدىم قىلغان، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. قىسقىسى، ئۇ گەرچە سودا سېپىدىكى بىر كارخانىچى بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا ھاملىق قىلىشنى زادى ئۇنتۇپ قالمىغان. ماگېلاننىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان كۆركەم ۋە ئازادە ئۆيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى گوياكى مەدەنىيەت مۇزېيىغا ئوخشايدۇ. بىرقانچە خانىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممە تۈرلىرى تەرتىپلىك تىزىلغان، ئىككىنچى ئۆيگە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى قويۇلغان. 3 -، 4 - ئۆيلەر شەخسىي كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇشۇ ئەسىرىمىزدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ئۈلگىلىرىدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت 150 پارچىدىن ئارتۇق قىممەتلىك قوليازمىلارنى توپلىغان. ماگېلان ئەپەندى گەرچە چاغاتاي، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ قوليازمىلارنى ئوقۇيالمىسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىنى توپلاشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەن. ماگېلاننىڭ ئېيتىشىچە، دىيارىمىزغا ئائىت بۇ قوليازمىلار ئەسلىدە پېتېربورگدىكى ئىرمىتاژ قوليازمىلار فوندىدا ساقلانغان بولۇپ، يېقىندا بىر قىسمىنى تاللاپ بۇ يەرگە يۆتكەپتۇ.

بىز ماگېلاننىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىكى نەچچە مىڭ پارچە كىتاب - ژۇرناللارنى كۆرۈپ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر پارچە كىتاب ئېلىپ ئوقۇشنى خالىمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز كۆز ئالدىمىزغا كەلدى. بىز ئادەتتە تىلەمچىلەرگە بىر توغرام نان بەرگەننىمۇ ساخاۋەت دەپ چۈشىنىمىز، ئەمما شەخسلەرگە قىلغان ساخاۋەتنىڭ قىممىتى بىلەن خەلقنىڭ ئومۇمىي مەرىپەت ئىشلىرىغا قىلىنغان ساخاۋەتنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ساخاۋەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەرقانداق مەردلىك ۋە شىجائەتنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ساخاۋەتلىك ئادەم ھىممىتى ئۇلۇغ كىشىدۇر. ئەلشىر نەۋائىي «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىدە ساخاۋەتنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «ساخاۋەت ـ ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھوسۇلدار دەرىخى، بەلكى ئۇ دەرەخنىڭ خاسىيەتلىك مېۋىسى. ساخاۋەت ـ ئادىمىلىك پەزىلىتىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزى، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بىباھا گۆھىرىدۇر» . مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسىرلەر مابەينىدە ساخاۋەتلىك ئادەملەر ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. نەۋائىي ھىممەتنى ساخاۋەتتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە «سېخىيلىق ـ ئادەمنىڭ بەدىنىدۇر، ھىممەت بولسا ئۇنىڭ جېنى. جانسىز تەننى تىرىك دېگىلى بولمىغىنىدەك، ھىممەتسىز ئادەمنىمۇ ئەر دېگىلى بولمايدۇ» . بۇ يەردىكى ھىممەت غۇرۇرلۇق ۋە شىجائەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. غۇرۇر ۋە شىجائەت ئىنسانغا روھىي ئازادلىك ئاتا قىلىدۇ.

ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك، ئالمۇتا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دىلمۇرات كوزىيوف، ماگېلان شەرىپوفتەك ئىگىلىكى بەرىكەت تېپىۋاتقان ساپالىق كارخانىچىلار خېلى كۆپ بولۇپ، خەلققە بايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بىر ئورتاق غايە ئۇلارنى زىچ ھەمكارلاشتۇرغان. ئىشىنىمىزكى، بۇنداق ھەمكارلىق ۋە ئۆملۈك روھى ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزغۇسى.

1999 - يىل 2 - ئۆكتەبىر ئالمۇتا.
2000 - يىل 10 - فېۋرال ئۈرۈمچى.




# سەلتەنەتلىك دەرسخانا

– بېيجىڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش خاتىرە سارىيىنى كۆرۈپ. . .

**مۇھەممەتئېلى زۇنۇن**

## مۇقەددىمە

ئىبتەلمەس بۇ قەدەر شەيدا مېنى ھەرقانچە توي - بەزمە،
كۆڭۈلنى مەھلىيا ئەتتى بۈيۈك تارىخىي كۆرگەزمە.
كېزىپ ئۆتتۇم گويا مەنمۇ ئاشۇ جەڭگاھنى سەككىز يىل،
تۆكۈلدى مىسالى يامغۇردەك كۆڭۈل ئاسمانىدىن نەزمە.

## تۈگۈلگەن مۇشت

جاھان تەۋرەيدۇ مۇستەھكەم تۈگۈلسە نەچچە مىليون مۇشت،
ئۆزىنى بىلمىگەن تەلۋە بۇ مۇشتلار ئالدىدا بىھوش.
جاكار ئەيلەيدۇ مەرد پالۋان: ئاچايلى يول قىزىل قاندىن،
پىچاق يەتكەندە كۆكرەككە نە ھاجەت تەۋرىنىش، قورقۇش؟

## نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقى

1

خىيال قىلغانمىكىن مەلئۇن بۇ مىللەتنى يۈرەكسىز دەپ،
جاپا سەھراسىدا يەككە - يىگانە، يار - يۆلەكسىز دەپ؟
قىرىپ ھەريان، كۆمۈپ ھەرئان تۇرۇپ چامغۇرنى كۆمگەندەك،
بىراقلا يوق قىلىش مۇمكىن جاھاندىن ئىز - دېرەكسىز دەپ؟!

2

تىلىنى كەستى نەس جاللات «زېمىن بىزنىڭ» دېسە كىمكى،
ئۆزى سۆيگەن زېمىنغا جان تەسەددۇق ئەيلىسە كىمكى.

www.uyghurkitap.com

كۆزىنى ئۈيدى ئادەمنىڭ نەزەر بىرلە تىكىلگەنىنىڭ،
ئەزىز تەندىن جۇدا قىلدى بېشىنى ئەگمىسە كىمكى!

## كۆزى ئوچۇق مېيىت

ئېچىلغان كۆز. . . گويا ئەل - ۋەتەن بەختىنى كۆرمەكتە،
قۇياشتەك پارلىغان - كۈلگەن گۈزەل ئەتىنى كۆرمەكتە.
گويا ئۇ جان پىدا قىلغان مۇقەددەس ئانا تۇپراقتا
ئۈزى سۆيگەن، سېغىنغان سەنئەت بەختىنى كۆرمەكتە.

## شانلىق سەپەر

ئۆلۈمدىن ئۈركۈتۈپ بولماس ئۆلۈمدىن قورقمىغان ئەلنى،
ئۆمۈرلۈك باغلىغان تۇرسا نىجاتلىق ـ ئەرك ئۈچۈن بەلنى.
ئۈزۈلمەس، توختىماس كارۋان كۆز ئالدىمدا ئايان ئەتتى
توغان - توسقۇنغا بوي بەرمەس كارامەت چوڭ قىيان - سەلنى.

## ئەۋلاد

بىرى جان بەرسە تىك تۇردى تۈمەنمىڭ ئىز باسار ئەۋلاد،
سوراق ئەيلەپ ياۋۇزلارنى ئېگىز دارغا ئاسار ئەۋلاد.
جاپاكەش باغرىدەك چاكچاپ يېرىلغان ئانا تۇپراقتا
غۇبارسىز قان - تەرى بىرلە ئېسىل گۈلباغ ياسار ئەۋلاد.

## گۆدەك مەھبۇس

نېمىشقا بۇ قەپەستە، ئەي گۆدەك، يۇمران گىياھ، سەنمۇ؟
ئۆلار ئالدىدا قىلغانىنىڭ نېمانچە چوڭ گۇناھ سەنمۇ؟
گۇناھىڭ شۇكى: مۆلدۈرلەپ تۇرار بىر جۈپ كۆزۈلۈڭ، ئوغلان
دېمەك، قانلىق رېئاللىققا ھەقىقىي بىر گۇۋاھ سەنمۇ!

## يېتىم قىزچاق

ئاناڭ ئۆلگەنگە يىغلامسەن، داداڭ ئۆلگەنگە يىغلامسەن؟
تۇغۇلغان، يايرىغان ئىللىق ئۆيۈڭ كۆيگەنگە، قىزچاق؟
سەۋر قىلغىن، جۇدا بولساڭ ۋەتەندىن نە قىلار ئەردىڭ؟
يېتىملىكتىن تۈمەنمىڭ قات ئېغىر بولماسمىدى دەردىڭ؟

## لەخمە ئۇرۇشى

ئۆگەنمەك شەرت سورۇپ قوغلاش، قېچىشنى ھەم مۆكۈنمەكنى،
گېزى كەلگەندە ياۋ دۈشمەن يۈرەك - باغرىدا ئۈنمەكنى.
سېنى پايلاپ مۆكۈپ ياتسا قاۋان چىشلىق قەبىھ جاللات،
دېسۇن مەردانىلىق كىممۇ يوگەنسىز ئاتقا مىنمەكنى!

# قورچاقلار

«ئاتە!» دەپ بولغىچە ئاتتى ۋەتەن شەيداسىنى قورچاق،
قەپەسكە سالدى نۇرلۇق تاڭ، باھار تەشناسىنى قورچاق.
بۇلۇڭ - پۇچقاقتىنا قاقشايدۇ قىلالماي خۇش خوجايىنىنى
بېرىپ ئۈستەك نىگارى ھەم سەبىي زىباسىنى قورچاق.

# تىلەمچىلەر

قاقاقلايدۇ قىساسنىڭ تاشىدا خەنجەر بىلەشكەنلەر،
سەپەرداش يارىنى سۆيگەن، قەدىرلەشكەن، يۆلەشكەنلەر.
«تېرىقتەك بۇ جېنىم نەگە سىغار» دەپ ئاھۇ - زار ئەيلەر
ۋەتەن - ئەل ياۋىدىن ئېھسان، ئەمەل - ئۇنۋان تىلەشكەنلەر.

# بەل يەشكەنلەر

كۆتەردى غەلىبە جامىنى ۋەتەن دەپ جاننى تىككەنلەر،
بۇ يولدا جان بىلەن تەندەك ئۇيۇشقان - زىچ بىرىككەنلەر.
ئۇلۇغۋار غەلىبە جامىغا ئۇزاتسۇن قولنى قانداقمۇ،
داۋانلىق يولدا بەل يەشكەن - ئۇزاق يولدىن زېرىككەنلەر.

1997 - يىل 11 - 12 ئايلار، بېيجىڭ - ئۈرۈمچى.

# ئەر كۆڭلى

## قۇربان داۋۇت

يالقۇنلۇق سۆيگۈدە ياشنايدۇ جاھان
ئەر - ئايال نۇرىدىن ئوخچار جىلۋىسى.
خۇشناۋا بۇلبۇلنى ئەسلەتسە ئەرلەر
ئاياللار باھارنىڭ يارقىن كۈلكىسى.

ئاياللار مېھرىدىن، ئوتلۇق سېھرىدىن
تاۋلىنار كۈچ ئېلىپ ئەرلەر ھاياتتا.
نى مۇشكۇل داۋاننى ئەگدۈرىدۇ باش
مۇھەببەت رىشتىدىن پۈتكەن قاناتتا.

سۆيۈملۈك ئايالار مېھرىڭلار بىلەن
ئەرلەر يېڭىلمەس ئەر بولسۇن، كۈلسۇن.
غەمگۇزار بىر ئايال ئەرنىڭ بايلىقى
بىھۇدە ئازارلىق يوقالسۇن، ئۆلسۇن.

مۇھاببەت ياشنىسۇن ئائىلەردە
بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن كۆڭۈللەر ئەسلا،
ئائىلە كۆڭۈللۈك، بولسا بەختلىك
ھېچكىشى ئازمايدۇ شەيتان ئالدىدا.

ھەر كۈنى بالقىغان قۇياشتەك يېڭى
نۇرلىنىپ، يالقۇنجاپ تۇرسۇن مۇھەببەت.
سەمىمىي تۇيغۇدىن ئايرىلسا ئەگەر
دەرد چېكەر يۈرەكلەر ئەبەدىلئەبەد.

چۈشىنىش، ئىشىنىش بولسا ئادەمدە
كۆڭۈللەر سۆيگۈگە تولغان كەڭ دەريا.
شادلىقتىن كۆكلەيدۇ ئائىلە دېگەن
مۇھەببەت بولغاچقا گۈزەل بۇ دۇنيا.

# پۇچۇق ئۇستىرا

(ھېكايە)

**تۇرسۇن مۇسا**

بالا قورۇپ كەتكەن ئېرىق ئىچىدىن بىر پۇچۇق ئۇستىرا تېپىۋالدى. . .

ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان ئانا، كۈنلىرىنى مۇڭ - ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئۆتكۈزسە، كېچىلىرىنى غېرىبلىق ئىچىدە ئۈنسىز يىغلىرى بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىگە ئاشۇ مېيىپ بالىسىنى تاشلاپ بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشتى. ئوغۇل كېتىپ قالدى، بىراق ئۆزىچۇ؟ يېرىم جان بالا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ جاپاسىنى قاچانغىچە تارتار؟ ئانا ھەر قېتىم ئوغلىغا قارىغاندا يۈرىكى ئېيتقۇسىز ئاچچىققا تولاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى تۇغما پالەچ بولۇپ، بېلىنىڭ تۆۋىنى جانسىز ئىدى. ئون يىل بولدى، ئانا ئوغلىنى بوۋاقنى كۆتكەندەك كۆتۈۋاتقىلى. بالا پەقەت بىرى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويسىلا ئولتۇرالايتتى. ھېلىمۇ بالىنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسىنىڭ جېنى بار ئىكەن، نېمىلا قىلغان بىلەن ئىككى قولىغا تايىنىپ يانپىشىنى سۆرەپ ئۆيان - بۇيان قوزغىلالايتتى. ئانچە - مۇنچە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئانىنىڭ لەختە بولغان يۈرىكىگە كىچىككىنە بولسىمۇ شادلىق ئاتا قىلالاتتى. ئەپسۇس، رەھىمسىز تەقدىر مۇشۇنداق بىر ئاجىز بەندىنى ئاشۇ بىچارە ئانىغا تاشلاپ تاغدەك يۆلەنچۈكى - ئاتىسىنى ئېلىپ كەتتى.

ئىلگىرى ئاتىسى بار چاغلاردا ئوغلىنى ھاپاش قىلىپ مەھەللىنى ئايلاندۇراتتى، ئۆستەڭ بويىغا ئاپىراتتى، تەڭتۇشلىرىدەك تال چىۋىقنى ئات قىلىپ چاپالماي ئىچى سىقىلغان بالىنىڭ كۆڭلىگە ئازراق بولسىمۇ خوشاللىق ئېلىپ كېلەتتى. ئەمدى ئۇ ئاتا كەتتى، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى. كىممۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ مەھەللىنى ئايلاندۇرار، ئۆستەڭ بويلىرىغا ئاپىرار؟ . . .

ئانا ئوغلىنى كۆتۈرەلمەيتتى، ھېلىمۇ ئىشىك ئالدىدىكى قورۇق ئېرىق بويىغا مىڭ بىر جاپادا سۆرەشتۈرۈپ ئەپچىقىدۇ. بالا شۇ يەردە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

بۈگۈن ئەتىگەنمۇ ئانا ئوغلىنى ناشتىلىق بېرىپ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق بويىغا ئېلىپ چىقىپ بىر پارچە پالاس ئۈستىگە جايلاشتۇردى.

- بالام سەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئويناپ تۇر، مەن كىرىپ ئىشلىرىمنى قىلاي، بىرنەرسە كېرەك بولسا مېنى چاقىرغىن، بولامدۇ؟

- ماقۇل ئانا.

بۇ ئەلۋەك يازنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى. ئېرىق بويىدىكى قاتار دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان يەردە بالا ئەتراپتىكى ھەممە گۈزەللىكنى كۆرەلەيتتى. ئېتىزلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىلارغا جور بولغان قۇشلارنىڭ يېقىملىق كۈيلىرىنى ئاڭلىيالايتتى، ئەتراپتىكى چۆمۈلىلەر بىلەن ئوينىيالايتتى. بالا ھاياجانلىناتتى، قايسىدۇر بىر ناخشىغا غىڭشىيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەم - غۇسسىدىن ھېچقانداق ئىز نا تېپىلمايتتى. بالا كۆزىگە چېلىققانلىكى نەرسىگە تويماي قارايتتى. شۇ تەرىزدە ئۇ كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن - بۇنىڭغا يۆتكەيتتى، تۇيۇقسىز ئۇ ئېرىق ئىچىدىكى بىر ئۇستىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇستىرا بىسى تىرناقتەك چوڭلۇقتا پۇچۇلغان بولۇپ، بالىدىن ئىككى قەدەمدەك نېرىدا ئىدى. بالا پۈتۈنلەي دات بېسىپ كەتكەن ئۇستىرىنى كۆرۈپلا ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇ يېنىدىكى تاياقنى ئېلىپ ئۇستىرىغا ئۇزاتتى. تاياق قىسقىلىق قىلدى. بالا ئەتراپىغا قارىدى، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەك ھېچكىم يوق ئىدى. ئانا بۇ جەھەتتە ھەرگىز ياردەم قىلمايتتى. بالا ئىلاجىسىز يانپىشىنى سۆرەپ باقتى. ئورنىدىن قوزغىلا - قوزغالماي ئېرىق ئىچىگە دومىلاپ چۈشتى. ھېلىمۇ ئوڭدا بولۇپ قالمىدى، ئۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئالدىغا سىلجىدى. يۈز - كۆزى توپا -

چاڭغا مىلىنىپ كەتتى. بەك كۆچەپ كەتكەنلىكتىن چىپىلداپ ئاققان تەر بىلەن يۈزلىرىدىكى توپا بىرلىشىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ جانسىز پۇتلىرىنى سۆرەيتتى. ئەللىك سانتا... ئون سانتا... بالا قولىنى ئۇستىرىغا ئاپىرىشىغا ئانا ئۆيدىن چىقىپ ئوغلىنىڭ ئورنىدا يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەنسىز چاقىردى. بالا ئىرىق ئىچىدە جاۋاب بەردى.

– ۋاي جېنىم بالام، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟

ئانا ئوغلىغا قاراپ ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

– ئۆزۈم چۈشۈپ كەتتىم، – دېدى ئوغلى يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

– ھەممە گۇناھ سېنى ئېرىق بويىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويغان مەندە بالام، – ئانا يىغلايتتى. ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، ئۇ بالىنى تەستە ئورنىغا ئېلىپ كەلدى. بالا ئانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا ئۇستىرىنى تىقىپ ئۈلگۈرگەنتى، ئانا بۇنى سەزمىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئانا ئوغلىنى قۇرۇق ئېرىق بويىغا ئەمەس، سەل نېرىدىكى دەرەخ ئاستىغا ئولتۇرغۇزىدىغان بولدى. بالا ئوينايمەن دەپ ئانىسىغا قوش مۈشتەك تاشتىن بىرنى ئەكەلدۈردى. ئۇ ئانىسى يېنىدا يوق چاغدا پۈچۈق ئۇستىرىنى تاشقا سۈركەيتتى. ئۇستىرا پۈچۈقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يېڭى ياسالغان چېغىدىكىدەك يالىلداپ كەتتى. بۇنى ئانا زىنھار بىلمەيتتى.

«ئالدىرىماي تۇر قانجۇق، مەن يەنە كېلىمەن!» بالا بۇ ئاۋازنى ئۇنتۇيالمايتتى، بۇ ئاۋاز ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىدە تەكرارلىناتتى، بالا بۇ ئاۋازنى ئۇنتۇيالمىغانچە قولىدىكى ئۇستىرا تاشقا توختاۋسىز سۈركىلەتتى. ئانچە - مۇنچە ئۇچقۇنمۇ چاچرايتتى.

بۇ ئىش بۇندىن بىرەر ئاي ئىلگىرى يۈز بەرگەنىدى. يېرىم كېچىدە بىر گەۋدە تۇيۇقسىز ئۆيدە پەيدا بولدى. ئانا چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇستىدىكى يوغان گەۋدىنى جان - جەھلى بىلەن ئىتتەردى. ئوغلىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلمەيدىغاندەك ياردەمگە چاقىردى. ھېلىقى گەۋدە ئەتراپىدا باشقا ئادەم يوقتەك ئۆز ئىشى بىلەن

ھەپىلىشەتتى. ئەتىمالىم بالىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلسە كېرەك، ئانا ئاخىر ھاردى، خۇدانىڭ نالىسىنى قىلىپ يىغلىدى.

– ئۆتۈنۈپ قالاي نارەسىدە بالامنىڭ يۈزىنى قىل، گۇناھ بولىدۇ...

– ئېرىڭ بولمىغاندىكىن بىر قېتىمغا...

– تىلىڭ قۇرىسۇن جوھۇت، مۇناپىق!...

– ئۇنداق قىلما، بالاڭنى دوختۇرغا كۆرسىتىشكە ئىئانە توپلاپ بېرىمەن.

– يەتمىش پۇشتۇڭغا توپلاپ بەر ئىئانەڭنى...

ئاخىر ئانا ئوغلىنى توۋلىغۇزدى، ئانا - بالا ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. سىرتتا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، «ئالدىرىماي تۇر قانجۇق، مەن يەنە كېلىمەن!» قارا گەۋدە قانداق پەيدا بولغان بولسا شۇنداق غايىب بولدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئانا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئوغلىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىپ ئوغلى ئالدىدىكى نومۇسنى ئاقلىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاشۇ ئاجىز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا قارانچۇقسىز تاشلاپ كېتىشنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتتى. قانداقلىكى چاغدا قارىسا كۆز قارىچۇقىدا ياش لىغىلداپلا تۇراتتى. بالىمۇ ئانىسىنىڭ ھالىغا قاراپ ئارتۇق گەپ قىلمايتتى، ئانا - بالا بىر - بىرىگە گەپ قىلمىغان بىلەن ئوخشاشلا ئازابلىناتتى، ھېلىقى ئاۋاز بالىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەي مېڭىسىنى يەيتتى، لېكىن ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بۇنى ئانىسىغا ئېيتالمايتتى.

بالا ئېرىق ئىچىدىن پۈچۈق ئۇستىرا تېپىۋالدى، ئۇستىرىنى نېمىگە ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ بىلەپ پارقىرىتىش لازىمدەك توختىماي بىلەيتتى. بۇنى ئانىسىغا كۆرسەتمەيتتى، بالا ھەر كۈنى دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قارايتتى، ئانىسىنى خورلىغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئىزدەيتتىيۇ، تاپالمايتتى. ئىشقىلىپ مۇشۇ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ بىرى. ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا ئۇ ھامان بىر كۈنى ئانىسىنى يەنە ئىزدەپ كېلىدۇ، ئىزدەپ كەلسە قانداق قىلىدۇ؟ كىچىككىنە بالا، يەنە كېلىپ

بىلىنىڭ تۇۋىنى جانسىز، شۇنداقلىقىغا باقماي ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر كۈچ، بىر ئۈمىد كۈنسېرى، مىنۇتسېرى تولۇقلىنىپ كېلىۋاتاتتى، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بالا ھېلىقى گەۋدىنىڭ ئۆيىگە تېزرەك كېلىشىنى كۈتىدىغاندەك بولۇپ قالدى.

كەچ كىردى. ئانا ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئوغلىنى ئورنىغا جايلاشتۇرۇپ بولۇپ بىردەم چۆچەك سۆزلەپ بەردى. قارىغاندا ئانا خاتىرجەم ئىدى. بالا كۆڭلى بولسا قاراڭغۇ چۈشمەيلا ئۆيۈشكە باشلىدى. ھېلىقى گەۋدە بۈگۈن كېچە كېلىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئالىقانلىرى ئۇستىرىنى سىقىمداپ تۇتقانلىقتىن سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، بالا كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى ئانىسىغا ئېيتمىدى، يېرىم كېچە بولدى، ئانا تاتلىق ئۇيقۇدا، بالا خاتىرجەمسىز-لىكتىن تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. كاللىسىدا ئەندىشلىك خىياللار چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرى كۈتكەن ئىش بولدى. ئۆتكەنكى ئىشتىن كېيىن ئانا ئىشكنى خېلىلا مۇستەھكەم تاقاپ ياتاتتى، بۈگۈن ھېلىقى گەۋدە ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئىشكنى ئاسانلا ئاچالماي خېلى ھەپىلەشتى، بالىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشتى. ئىشىك ئىلغۇچى قومۇرۇلۇپلا ھېلىقى گەۋدە ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلاندى. ئانا ئەنسىز چىرقىرايتتى، ئۇستىدىكى ئادەمنى ئىتتىرەتتى، تىللايتتى، ئوغلىنى ياردەمگە چاقىراتتى. . . بىراق قارشىلىقلار ئۈنۈمسىز بولدى، بالا ئانىسىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ يۈرىكىگە پىچاق سانجىغاندەك ئېچىشتى، ياشلىرى بۇلدۇقلاپ ئاقتى.

بالا ئۈنسىز ئانا تەرەپكە سىلجىيتتى، بىر سۇپا ئۇستىدىكى ئارىلىقى بىر غۇلاچ كەلمىگۈدەك يەر بالا ئۈچۈن مەڭگۈ يېتىپ بارغىلى بولمايدىغان مەنزىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، كىگىزنى قاماللىغان قوللىرى ھەر بىر يۆتكەلگەندە بىر سىقىم يۇڭنى يۇلۇپ ئالاتتى، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئاجىزلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ، خۇدادىن بىرنەچچە دەقىقە دەس تۇرغۇدەك كۈچ بېرىشنى تىلەپ بوغۇلاتتى. ئۇستىرىنى چىشلىۋالغان ئاغزىدىن سىرغىپ قان ئاقاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۈنسىز سۈرۈلەتتى، ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ھېلىقى گەۋدە ئانىنىڭ ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بالا تەرەپتە ياتتى، بالىنىڭ بۇرنىغا سېسىق تەر ھەم ھاراق ھىدى ئۇرۇلدى. ئانا گاراڭ ئادەمدەك مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، بالا ئەمدى سۈرۈلۈشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى پەملەپ چىشلىۋالغان ئۇستىرىنى قولىغا ئالدى.

ئەتىسى مەھەللە جامائىتى مەسچىتتىن قايتىۋېتىپ ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىشىكتىن بالىنىڭ «ئانا» دەپ ئېسەدەپ تۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ ئۆي ئىچىگە كىرىشتى. ئۇلار كىرىپلا كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن قورقۇشۇپ قېتىپلا قېلىشتى. سۇپىدا قان ئىچىدە بىر گەۋدە ياتاتتى. بالا قولىدىكى قانلىق ئۇستىرىنى ئاللىقاچان قېنى چىقىپ بولغان گەۋدىنىڭ كېكىرتىكىگە سۈركەيتتى، ئۆلگۈچىنىڭ بويىنى ئۇستىرا تولا سۈركەلگەنلىكتىن تىتىلىپ كەتكەنىدى. بالا بىر ياقتىن ئۇستىرىنى سۈركىگەچ، بىر ياقتىن «ئانا، نەدىسەن! » دەپ بوزلايتتى. جامائەت بۇ مەنزىرىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇشقاندا مەسچىت ئىمامى ئۇلارغا بۇيرۇدى:

- نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، بالىنى قان ئىچىدىن تېز تارتىۋالايلى!

## ئاپتورلار سەمىگە

تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن ئەسەرلەردىن پوۋېست، رومان (روماندىن پارچە) لىرىدىن باشقا ھەرقانداق ئەسەر ئاپتورغا قايتۇرۇلمايدۇ. ئاپتورلار بىردەك ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە نۇسخا ئېلىپ قېلىشى كېرەك. بولمىسا، تەھرىر بۆلۈمىمىز ھەرقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.




سالام ساڭا
ئاتوم دەۋرىدە،
ئەينەك كەبى شەھەردە
ئېخچە ئېسىدىن ئازمىغان خوراز!
قونداق يوقتۇر بەلكىم سەن ئۈچۈن
تۈنگەنسەن تاشنىڭ ئۈستىدە.
شۇنداقتىمۇ خېزىرنى چىللاپ،
پەرۋاز قىلار ئاۋازىڭ تۈندە.
غايىب بولسا مېكىيانلىرىڭ
پەرىشتىدەك نۇرنىڭ ئىچىدە.
ھەسرەت يۇتۇپ ئۇخلىمىغانسەن
ھىجران كەبى ئۇزۇن كېچىدە.

بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ ھايات،
قىسمەت نېمە، ئىرادە نېمە؟
رىۋايەتتىن كۆكلەيدۇ ھايات
تاڭلارنى تاڭلارغا ئۇلايدۇ رىشتە.

1

زامان شۇنداق، ئۆتەر تىنىمسىز
مۇناجاتتا كۆكلەر تېنىمسىز.
تورغاي كەبى ئىشققا تولۇپ
يار ۋەسلىدە سەرسان كۆزىمىز.
گاھى يىغلاپ، گاھى تەلمۈرۈپ،
ئەڭ ئاخىرقى يوپۇرماق تامان
شامال بولۇپ ئۇچار سۆزىمىز.
ئېرىقلاردا ئويىنار جېنىمىز،
دەريالاردا قاينار قېنىمىز.
قوش قونمىغان باياۋانلارغا
يامغۇر كەبى سىڭەر ئىزىمىز.

2

شۇنداق ئۇزۇن بىر زامان بولغان،
دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىن قالغان.
گۈلخان يېقىپ مىسكىن دىللارغا،
مۇقاملاردىن مۇقام يارالغان.
قالۇن ئۆكسۈپ، دۇتار مەرغۇللاپ،
تەمبۇرنىڭ كۆكسىدە مۇڭ - زار قاينىغان.
تارىم بويىدا
كۆز يېشىدەك خىلۋەت كەپىدە،
بىر دىلرەبا جان رىشتىسىدىن،
ساتارىغا تار ئېشىپ سالغان.

3

ئەپسانىگە ئوخشىغان مىڭ ئۆي،
گويا مىڭ تىزىق مارجان.
نىرۋانادىن ئۆرلىگەن سۇمرۇغ،
مۇغەننى سۇجۇپنىڭ بويىنىغا ئاسقان.
مىڭ ئۆي
مىڭ پاتمان غۇسسىنى يۈكلىگەن كارۋان.
مۇقام چېلىپ
مۇقام ئىچرە
مۇقامنى دىلغا جا قىلغان.

4

تەكلىماكان
تەكلىك ماكان بولغان بىر زامان.
ئۈزۈملىرى مەي باغلاپ پىشقان،
كوزىلاردا مەيزاپ قايناغان
قوللاردا جام، مەشرەپ قايناغان.
يىگىتلەر سەرخۇش بولغان،
قىزلارنى ئۇسسۇلغا چىللىغان.
ئۆيان ئۆرگىلەپ، بۇيان ئۆرگىلەپ،
ئۆرگىلەپ، ئۆرگىلەپ ھوشىدىن تايغان.
توساتتىن شۇئان
ئاسمان - پەلەك بىر قويۇن كېلىپ،
قىزلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن،
كۆزلەردىن يوتكەن.

www.uyghurkitap.com

يۇرەكلەر كۆيۇپ
تىلەكلەر كۆيۇپ
ھەممە نەرسە كۆيۇپ تۈگىگەن.
سۇلار سىڭىپ، دەريالار تىنىپ،
گۈل - چېچەكلەر توزۇپ تۈگىگەن.

تەبىئەتنىڭ قارغىشى تۇتۇپ،
(بۇ كەچمىشتىن زەرداپلار يۇتۇپ)
تەقدىر پۇتۇپ قۇمنى بۇيرۇغان.
قىرىق كېچە
قىرىق كۈندۈز
توختىماستىن قۇم يېغىپ،
ياغقان قۇملار كەلكۈندەك ئېقىپ
پۈتۈن ئەلنى كۆمۈپ تاشلىغان.
سېھىرگەرلەر سېھىرلىگەندەك
جادۇگەرلەر جادۇ قىلغاندەك
ھەممە نەرسە ئىزسىز يوقالغان.

5

ئېيتقىنا بوۋا
ئەپسانىمۇ، رىۋايەتمۇ بۇ
ياكى ئاچچىق - ئاچچىق ھەقىقەت؟
نەس باسامدۇ بىغەم ئەرلەرنى،
نەس باسامدۇ بىغەم ئەللەرنى
قۇم تېگىدە قالامدۇ شۇنداق
نەس باسقانلار ئەبەدىلئەبەد؟!

6

ئېيتقىنا موما
تارىم سېنىڭ سۇمبۇل چېچىڭمۇ،
بارخانلارغا چىرمىشىپ ياتقان؟
قۇمدەك چاڭقاش
قۇمدەك تەشنالىق
قىسمەتلەرنى بىر قىلىپ چاتقان.
تارىم
گاھ ئۇلغىيار، گاھى تولغىنار،
ئۇلغىيىشى كىشنىگەن يولۋاس،
تولغىنىشى ئەجدىھاسىمان.
قۇم كۆچەر
سۇ ئاقار
مۆچەلدىن مۆچەلگە ئۇلىنار زامان.

تارىم
ئۇزاقتىن باشلىنار
ئۇزاققا ئاقار.
ساداقىتى، ساخاۋىتى شۇ
ئۆزىدىن باشلىنىپ ئۆزىگە ئاقار.

7

ئېسىڭدىدۇر بەلكىم ئەي ئانا،
كىروورەنلىك پەرىشتە.
ئەلمىساقتىن ئويغانغان،
تومۇرلاردىن تومۇرغا ئاققان،
قۇياش كەبى تىكلەنگەن چۇشتە.
ئۇ - بىزنىڭ يۇمۇلمىغان كۆزىمىز،
ئۇ - بىزنىڭ سۆزلەنمىگەن سۆزىمىز.
قۇم ۋە سۇ ئارا
تەن ۋە روھ ئارا چېقىلغان چاقماق.
ئۇ - ئۇماي مېھرىدىن ئويغانغان تىلەك.
ئۇ - سۆيگۈ سېھرىدىن يېتىلگەن يۈرەك.
كىروورەن باغرىغا يېقىلغان چىراق.
ئۇ ئويغاندى، ئويغاندى قۇياش،
ئەينەك كەبى رەڭسىز چۇشىدىن.
ئەينەك ئەمەس،
ئەڭ ئاداققى بىر تامچە ياشتەك
غايىب بولغان ئەزىم كۆل لوپنۇر،
يۇيۇپ كەتتى غەپلەت ئىچىدىن.

لوپنۇر
سۇدەك كۆيۇپ پۇتكەن ئەقىدە،
خاراب بولغان قۇمدەك تەشنالىق.

ئانىلارنىڭ ئىمانى لوپنۇر،
بالىلارنىڭ ۋىجدانى لوپنۇر.
كىروورەنلىك گۈزەل كۆزىدىن،
ئېزىتقۇدەك ئۆرلىگەن كۆك نۇر!

8

ئېيتقىنا دادا
نېمە دەيدۇ شاماللار،
كۆرۈپتىمۇ مەڭگۈ تاشلارنى؟
بەلكىم ئەستىن چىقارمىغاندۇ
ئورخۇن بويى ئۇچار ئاتلارنى.
ئېيتقىنا دادا
تېگەرمۇ
ئىدىقۇتقا سالام يوللىساق.
تېلېفونىست قىز ئۇلاپ بېرەرمۇ،
نەۋائىغا تېلېفون ئۇرساق.
ئەجدادلاردىن قالغان گىلەمدە
ئەرش بويلاپ بىر ئۇچۇپ باقساق.
چىللاپ جىمى پەرىشتىلەرنى
ئاھ، ساماۋى مەشرەپ باشلىساق.
ناخشا ئېيتسا نوزۇگۇم لېۋەن،
سادىرنى شوخ ئۇسسۇلغا سالساق.
ھاردۇقىمىز چىقارمۇ بىر رەت،
زەر قۇياشنى داپ قىلىپ چالساق؟

9

قۇمۇ رىۋايەت
سۇمۇ رىۋايەت،
رىۋايەتتۇر باسقان ئىزىمىز.
قۇمدەك كۆچۈپ
سۇدەك ئىقىپ
رىۋايەتتىن كۆكلەر دىلىمىز.
رىۋايەتتىن تۇغۇلدۇق
رىۋايەتكە كۆمۈلدۇق
رىۋايەتتۇر ھەر بىر سۆزىمىز!

# شېئىرلار

رىسالەت مەردان

## سەن بىلمەيسەن، بىلمەيسەن ئەبەد

بىلمەيسەن
ئائىلە ۋە خىزمەت دەپ يۈرۈپ
يىراقتىكى ناتونۇش بىرى
ساڭا دىققەت قىلغانلىقىنى.
ئەسلىمەڭنى ئاقتۇرۇپ رەت - رەت
تاپالمايسەن
تونۇش چىراي، تونۇش ئاۋازنى.
چۈشۈڭگىمۇ كىرمەس ھەتتاكى
ئاشۇ قىزچاق، ياد ئەتكەن سىنى.
كىلىپ قالسا يات بىر تىلىفون
ھەيرانلىقتا چۆكۈپ دەقىقە
سورايسەن
(تەمكىنلىككە قايتىپ شۇئان)
- ۋەي، سىز كىم؟
ئىسمىمنى ئېيتالماي ساڭا
مەنمۇ چۆمۈپ چەكسىز سۈكۈتكە
يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشىنى
يوشۇرماق بوپ تىنىقىمنى قىسارمەن بارىچە
قويۇۋېتەرمەن دەررۇ تۇرۇپكىنى.
شۇنداقتىمۇ
بىلمەيسەن، ساڭا
تېلىفون ئۇرغان قانداق بىر ئادەم
نەدىن كەلگەن، نىمە ئىش قىلار؟
سوئاللارنىڭ چىگىش تۈگىنى
كاللەك يىپتەك قالىدۇ سەندە
بىلىپ قال
ئۇ ئۇنسىز بىر سىنى كۆزىتىپ
ھاياتىدا ئاچچىق لەززەتتىن
يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆتكۈچى.

## مەن ئالدانغان ھېلىقى كۈنى

مەن ئالدانغان ھېلىقى كۈنى
ھاۋا تۇتۇق، خازانلار يەردە
پەرىشانمەن، تىترەپ تۇرۇپ
ئالدىنىشنى كۈتكەنمەن يەنە.

مەن ئالدانغان ھېلىقى كۈنى
سولۇپ كەتتى گۈلۈم ئېھتىمال.
چۈشەكىدىم، دەپلا يۈرگەنمەن -
چۆچۈپ كەتتىم ئويۇمدىن دەرھال.

مەن ئالدانغان ھېلىقى كۈنى
شامال سۆيۈپ ئۆتسىمۇ مىنى،
باغرىم قاتقان، كۆزۈمدە ياش يوق
كۈلۈپ قويدۇم ئالدىغاچ مىنى.
مەن ئالدانغان ھېلىقى كۈنى
قىچىپ كەتكۈم كەپ كەتتى يىراق.



## كۈلۈپ قويغۇم كېلەر بەختتە

كۈلۈپ قويغۇم كېلەر بەختتە
سۆيسە تىنىق كۆزلەرنىڭ نۇرى
تېڭىرقىغان ئاداققى بەخت
ئاخىر كېلىپ تۇتسا قولۇمنى.
تۇرماقتىمەن ئىشىك ئالدىدا
مۆكۈۋالغۇم كەلمەس بۇ چاغدا
باغرىم ساڭا ئېچىلغان ئىشىك
كىرىپ كەلگىن ماڭا ئاستىلا.
مەن گۈلۈمنى ئالسام قولۇمغا
تىكەن بولۇپ سانجىلسا ھەسەت
دەيمەن:
بۇ ئەبەدىي پاك بىر مۇھەببەت.

www.uyghurkitap.com

# ئىككى شېئىر

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

## ئاۋاز

ئەزەلدىن ئىچىمدە بىر قورقۇنچ بار
بىر قورقۇنچ بار
قاتىلدەك ياكى
قاچاق جەڭچىدەك
بىر ئاۋازدىن قورقىمەن شۇنچە
قورقىمەن ئۆلۈپ كەتكۈچە تاكى

سەۋەبلىكلىرىم توپەيلى
قاچۇرۇپ بارچىدىن ئۆزۈمنى
مەنىسىز ئىشلارغا بېرىلەتتىم
دەھشەتلىك ئاۋازنى كۈتۈپ
ئۆيۈمگە مەھكەم بېكىنىدىم

ئوغرى بولارمەنمۇ؟
ئالدامچىغا ئايلىنارمەنمۇ؟..
ئىچىمدە قاتمۇقات تەشۋىش
يېتىشەر ئارقامدىن قارا سايە
ئۆلۈم سايىسى ئىستەيمەنمۇ يا؟

ئەرزىم: توغۇلۇپ خاتا قىلغان!
ئەتراپقا ئەنسىز قارايمەن
كىشىلەرگە سۈركىلىپ شۈركىنەرمەن
ئاھ، بۇ سادا
تەڭرىنىڭ بوپ قالسا...

مۇقەددەس سادالار يۈتكەن
پەيغەمبەرگە يەتمىگەن سادا
بىر مىللەتنىڭ يوشۇرۇن قىياپىتى
ئايان بولار ئالدىمدا.

بىز ئىنتىزار بولغان ئارمان،
مەڭگۈ يېتەلمەيدىغان سىما.
ھەممىمىز ئۆزىمىزگە مەھكۇم بولغان
ياڭرار قۇلاق تۇۋىمىزدە ئۇ سادا.

## مۇشۇ كۈنى تۇغۇلغان

چوڭ كوچىدىن كېسىپ ئۆتكەندە،
خىيالىمدىن كەچتى بىردىنلا
قانغا بويالغان چىرايىم
«ئادەم رەزىل ئەمەس، ماشىنا رەزىل»①

ئاۋازىڭ مۇڭلۇق ئەتەي...
تېلېفوندا مەن ئەمەس ئەمما
ئىچىمدە ئۇنىڭ ياڭرىماقتا
ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتقاندا...

«ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز» دېگەن
مانا ئاخىر ئۆزگىرىپ كەتتىم.
تەڭ قايغۇرغان بولدۇڭ،
رەنجىمەسلىكىڭنى ئۆتۈندىم.

ئاھ، مۇمكىن ئەمەس!
بالىلىرىمىزنىڭ بولىشى.
تاتلىق تەبرىكلەيمەن ئىچىڭدە،
تۇغۇلغان كۈنىڭنى...

# ئاپئاق سۈزۈك يوقلۇق ئىچىدە

غەيرەتجان ئابىت

## قاۋاقخانا

ئۆمۈچۈكتەك قوللىرى بىلەن
يۈرىكىمنى تاتىلايدۇ ئاستا
بىر سەتەڭنىڭ تەشنا لىۋىدەك
يېپىلمىغان قاۋاق ئىشىكى.

قىسىلىپ قالغان ئۇندا جىمجىتلىق
سۆيۈلمىگەن مۇزدەك تەنھالىق
غېرىبسىنىپ تۇرار سىرتتا
كىرگۈزمىگەچ ئۇنى قاۋاققا

① بۇ ئەنگلىيە يازغۇچىسى د. ھ. لاۋرېنسنىڭ مىسراسى.

گۈل بولۇپ كۆرۈنەر كۆپۈكلۈك پىۋا
چۈشەنمىدى كۈتكۈچى قىزچاق
ئەڭ قەدىمىي، كونا چۆچەكنى
ئېيتىپ بەرسەم ئانا تىلىدا

مۈزىكىنىڭ غالجىرلىقىدا
تولغانماقتا يىلاندەك قىزلار
شەھۋەت چاقناپ تۇرغان تەبەسسۇم
ئەگمەكتە ئۇلارنى ئاستا

سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يىلاندەك
يىلانلارنىڭ تەلۋە تونىدىن
قايتقۇم كەلدى جىمجىتلىق بىلەن
قۇش پېيىدەك يەڭگىل دۇنياغا.

يۈرىكىمنى چەكمەكتە ئېغىر
يات، ناتونۇش، غەيرىي بىر ئاھاڭ
ئەڭ رەھىمسىز بارمىقى بىلەن.

پىۋىدەك سۆيۈملۈك، ئۇماق يىلانلار
ئاپئاق سۈزۈك يوقلۇق ئىچىدە
يوقاتماقتا ئاستا ۋە ئاستا
ئەڭ ئاخىرقى سۈزۈكلۈكىنى...

قاۋاقخانىدا
بۆرىلەر ئايلىنارمىش يىلانغا

## تۇغۇلغان كۈنۈڭ

رامكىغا ئېلىنغان رەڭسىز سۈرىتىڭ،
مۈزلىغان لېۋىمنى سۆيمەكتە سوغۇق.
تۇغۇلغان كۈنۈڭگە چىللاپسەن مېنى،
ئاھ، لېكىن يانچۇقۇم يەنە قۇپقۇرۇق.

بويۇمدەك ئۇزارغان رەستە كوچىلار،
ئالدىراش ئادەملەر شۇنچە پەرىشان.
بىر دەستە ئەتىرگۈل ئالماقچى بولدۇم،
بىلمەن نېسىگە بەرمەس ھېچقاچان.



تەمتىرەپ كوچىدا يۈرگىنىم بىلەن،
رېئاللىق شۇ قەدەر شەپقەتسىز ھامان.

تۇغۇلغان كۈنۈڭگە قۇرۇق قول بېرىش،
مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق جەريان.

پۇچۇلغان قەلبىمگە چەكسىز يېقىنلاپ،
بىر تونۇش ۋەھىمە كەلمەكتە ئاستا.
مەن سېنى قانچىلىك سۆيگىنىم بىلەن،
سۆيگۈسىز قېلىشىم مۇمكىن ئەتىلا.

## يۇيۇنۇش

پىچىرلايدۇ پەرىشتىلەر قۇلاقلىرىمغا،
سۈزۈك سۇنىڭ سۈزۈككىنە شىلدىرلىشىدا.
ئۇماققىنە سۇ تامچىلىرى
تامچىلايدۇ
تورۇستىن پولغا
تامچىلىغاندەك كۆز يېشىم گويا،
خىلۋەتتىكى شۇ چىغىر يولغا.

كۈلۈپ كەلدى ئەسەبىي ئىستەك،
قۇترىماقتا يالىڭاچلانغان تەن.
سويۇلماقتا قاسراقلىرىدىن،
سۆيۈلمىگەن يالىڭاچ ۋەتەن.

ئەيلىمەكتە ئورۇق تېنىمنى،
پەرىشتىلەر
بۇدرۇققىنە قوللىرى بىلەن،
ئېرىگەندەك ئۆزۈمدە ئۆزۈم.
ئېرىمەكتە قەلبىمدىكى مەن.

ئەجەب ئۇيقۇ باسماقتا مېنى،
قۇش پېيىدەك لەيلىگەنسېرى...

جىمجىتلىقنىڭ قانىتى ئارا،
يۇيۇنماقتا سۇلغۇن بىر قۇياش.

## سېغىنىش

شەبىستان، شەبىستان قۇچاقلا مېنى،
قەلبىمدىن زىمىستان ئۆچسۇن پەر قېقىپ.
دېكابىر قەبرىگە قىلىنسۇن سۈرگۈن،
كۆزۈمدىن شادلىقتا كەتسۇن قان ئېقىپ.

خوشلىشاي پەسىلسىز پەسىللەر بىلەن،
زار قىلما شەبىستان ئارتۇق قاقشىتىپ.
روھىمدا ھۇۋۇلىغان بىشەم قەھرىتان،
جەسەتكە ئايلانسۇن ئالدىڭدىن قېچىپ.

لەۋلىرىم ئىشقىڭدا چاڭقىغان دالا،
بۇ باغرىم ئىشقىڭدا گىياھسىز بىر چۆل.
شەبىستان، شەبىستان قۇچاقلا مېنى،
بىر ئۆمۈر زار بولۇپ ئۆتمىسۇن كۆڭۈل.

# سەبىيلىكتىكى مەڭگۈلۈك كىتابلار

(ماقالە)

بوغدا ئابدۇللا

مەن باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «ئۇر توقماق»، «قىزىل بۆكلۈك قىز»، «بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك»، «ئۈچ خورما»، «ئادىنا»، «ئۆتۈك كىيگەن مۈشۈك»، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى»، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە «كاپىتان گىرانتنىڭ پەرزەنتلىرى»، «سۇ ئاستى سەكسەن مىڭ كىلومېتىر»، «ئېغىر كۈنلەردە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇغانلىقىمنى ھېلىمۇ ئەسلەيمەن. بەلكى يۇقىرىقى ئەسەرلەر ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولدى دېسەممۇ ھەرگىز مۇبالىغە بولماس.

ئۇ يىللاردا مەكتەپ بىلەن كىتابخانىنىڭ ئارىلىقى بەكمۇ يېقىن بولغانلىقتىن كۈندە دېگۈدەك يېڭىلا نەشردىن چىققان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە، رۇسچە گېزىت، ژۇرنال، كىتابلارنى كۆرۈپ تۇراتتۇق.

مەن كىتابلارنىڭ قىزىقارلىق يەرلىرىنى ئوقۇيتتىم، تەسۋىرىنى كۆرسەم ئىچىم پۇشۇپ كېتەتتى، قىستۇرما رەسىملەرنى ئىنچىكىلەپ كۆرەتتىم.

ئادەتتە بالىلارنىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىغا بولغان قىزىقىشى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇلار بەزى ھايۋانلارنى ياخشى كۆرسە، بەزىلىرىنى يامان كۆرىدۇ. كىتاب كۆرگەندە ئەلۋەتتە بۇنى روشەن پەرقلەندۈرىدۇ.

تۈرگېنېفنىڭ «مۇمۇ» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر مەنمۇ بىر ئىت باققان، ئۇنىڭغا «تۆت كۆز» دەپ ئىسىم قويغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ يوقاپ كەتتى. ئىزدەپ جۇلۇقۇم چىقتى، ئەڭ سۆيۈملۈك بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك پەرىشان يۈردۈم. كېيىن بىلسەم، يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرلىرى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ، قورسىقىنى تىكىپ قويۇپ قويۇۋەتكەنىكەن. ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم. لېكىن ئۇنى پەقەت ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.

دۇنيادا بالىلاردىلا ئەڭ كۆپ دەرىجىدە سەممىيەت بولىدۇ. ئىنساننىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى قوزغىتالايدىغان ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ۋە مەڭگۈلۈك بولىدىكەن.

دەرۋەقە، ئوخشاشلا چۆچەك، رىۋايەت، ھادىسىلەر مېنى مەپتۇن قىلماي قالمايتتى. ئۇچار گىلەم ۋە ياغاچ ئاتلارغا قىزىقىپ، قانىتىم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى ۋە قانداق قىلىۋاتقانلىقى ماڭا سوئال بولۇپ قالاتتى. ئەكسىچە، ياسالما، سۈنئىي نەرسىلەر بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى.

مەن قىسقا ياكى ئۇخلاش ئالدىدىكى ھېكايىلەر بولسا، ئاڭلىسام دەيتتىم. مومام رەھمەتلىك جىق نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ چوڭقۇر، قاتلاملىق مەنىلىرىنى تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيەت ماڭا بارا - بارا چۈشەندۈردى. ئۇ نەرسىلەر ۋەقەلىك، ھېكمەتلا ئەمەس، چىن مەزمۇنى بىلەن پەلسەپە ئىدى.

چۆچەك - «سۇلايمەن قالپاق» كاللامغا كىرىۋالاتتى. كېچە - كۈندۈز ئۇنى خىيال قىلىپ، شۇنداق قالپاق بارمىدۇ، بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشسەم، خالىغان يەرگە بارسام، مەن كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرسام، ئۇلار مېنى كۆرمىسە دەيتتىم. بۇ ئەلۋەتتە بىر تەبىئىي جەريان. بۇ بالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەسكى خىيال ئەمەس. خىيال - دۇنيا، شەيئىلەرنى چۈشىنىش مۇساپىسىدىكى بىر ۋاسىتە، مەن ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدىم.

مەن ھەر يىلى يازلىق كانىكۇلنى تۇرپان

ۋادىسىدا ئۆتكۈزەتتىم، قاراغوجا ئېغىزىدىن تا ئىدىقۇت خارابىلىرى، لۈكچۈن كارىزلىرى، تۇيۇق - ئەسھابولكەب، تۇنەك ئاخشاملىرى، سەھەر گۈلخانلىرى، تۇتىيالار ماڭا تونۇشلۇق بولدى. بىر قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ قۇچىقى ماڭا ئوغوز سۈتى ئىدى.

باللار ئادەتتە جۇشقۇن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولىدۇ، ھەممىگە قىزىقىدۇ، بىر خىل ئويۇنچۇقنى ئاز ۋاقىتلا ئوينايدۇ، كېيىن تاشلىۋېتىدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ دېگىنىچە بولسا دەپ قارايدۇ.

فانتازىيىلىك ئەسەرلەر باللارنىڭ «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللىرىغا ئوخشاش چەكسىزلىككە تۇتاشقان بولىدۇ. ئۇلاردىن يېڭى بىر دۇنيا بايقىلىدۇ.

ژيۇل ۋېرىن پېرسوناژلىرىدىن پاگانىل، بېنىدىكت تاغا قاتارلىقلار بىر خىل ئۆزگىچە جۇغراپىيىۋى مۇھىت ئىچىدە يارىتىلغان. بېنىدىكت ھېلىقى بىر كېپىنەكنى قورۇقلۇقتا چىقىپ، ھاشارات ئىزدەپ «بېنىدىكت ئۈچ پۇتلۇقى» نى ھەممىسەپەرلىرىگە جاكارلاپ، ئەتىسى بۇ ھاشاراتنىڭ بىر پۇتىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، خۇشاللىقى ئەپسۇسقا ئايلانغاندا، مەنمۇ تەئەججۇپلەنگەنىدىم. بۇنداق پېرسوناژلارنى يارىتىش بەكمۇ قىيىن، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، بالا ۋاقتىمدىكى تۇرلۇك كەچمىشلەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇغان كىتابلار ھاياتىي ۋە بەدىئىي كۈچى جەھەتتە يەنىلا مەن بىلەن بىللە.

## ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى، نەسرچى ئەخمەت ئىمىنگە تون كىيگۈزۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ۋە لىرىك نەسرلىرى، مول تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان تالانتلىق نەسرچى، ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەت ئىمىنگە 50 ياشقا كىرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن تون كىيدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتكە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يازغۇچى، شائىرلاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

ئەخمەت ئىمىن 1981 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قەلب سادالىرى» ناملىق چاتما نەسرلىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن، ھازىرغىچە «قەلب سادالىرى»، «باھار تىنىقى»، «جۇلدۇر كىيىن خوتۇننىڭ ساداسى» قاتارلىق توپلاملىرى، «ئانىلىق قەسىدىسى» ناملىق تاللانغان نەسرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. «ھالاكەت»، «مىسىر قىزى»، «مۇھەببەت سۈيىقەستى»، «چۈرە قىز ئىزورا»، «يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەك»، «خاملېت»، «رومىئو - ژۇلىيەتتا»، «ماكبېت»، «ساختىپەز»، «بېخىل» قاتارلىق مەشھۇر رومان، پوۋېست، دراما، ھېكايە، شېئىر، نەسر ۋە ئوبزورلارنى تەرجىمە قىلغان.

يىغىندا ئازات سۇلتان، ئىمىن ئەخمىدى، ئابلىمىت سادىق، پەرھات جىلان، بوغدا ئابدۇللا، نۇرمۇھەممەت توختى، روزى سايىت قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى، جۈملىدىن ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ مەزمۇن، ئىدىيە، قۇرۇلما، تىل، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىشىغا قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

بۇ پائالىيەتنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغانىدى.

(ئابلىمىت ئابدۇكېرىم)

www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت

(ماقالە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

ئەدەبىيات تا ھازىرغىچە ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزچىل ئويلىنىشلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ كەلدى. بۇ خىل ئويلىنىش مەيلى روھىيەت، مەيلى تەبىئەت، مەيلى جەمئىيەت نۇقتىسىدىن بولمىسۇن، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتىنى نېگىز قىلىپ كەلدى. نېگىز بىر، نېگىزنىڭ شەرھلىرى كۆپ خىل بولدى. بۇ كۆپ خىللىق مەسىلەكلەر ۋە ھەرقايسى مەسىلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىلارنى، رىقابەت، بەس - مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن مەۋجۇدىيەت ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىرىنى ئېلىپ قېچىش ۋە يېڭىلاش بىلەن پىكىر دولقۇنلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ كېتىۋەردى.

ئىنساننىڭ تاماق يەۋاتقانلىقى، نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى، پىكىر قىلىۋاتقانلىقى بىر خىل رېئاللىق. ئەمما ئىنسان ئۆزىنىڭ رېئاللىقىنى نېمىگە ئاساسەن بىلىدۇ؟ ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئىبارەت بۇ خىل رېئاللىقنىڭ ئالدى - كەينىدە نېمە بار؟ ئۇنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولامدۇ؟ ھەرقانداق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن رېئاللىقنىڭ چېكى بولىدۇ. بۇ ھېچ بولمىغاندا ۋاقىت (زامان) بىلەن ئورۇن (ماكان) چېكى بولۇشى مۇمكىن. بىلىنگەن نەرسە بىلىنمىگەن نەرسىنى بەلگە قىلىش ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. دېمەك، بىلىش بار يەردە بىلمەسلىكمۇ مەۋجۇت. ئىنساننىڭ ئەقلىي پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممەت ئىزلەش يۆنىلىشى بىلمەسلىكنى مەنزىل قىلىپ ئىلگىرىلەيدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ئىنسان پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلىنىدۇ ياكى ئىنساندىن ئىبارەت سىرلىق بوشلۇقنى چەكسىز كېڭەيتىدۇ. مەۋجۇتلۇق چەكسىز روھىي پائالىيەتكە بېرىلگەن ئىمكانىيەت.

مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن قۇتۇپ پانى، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى بولسا باقى.

ئومۇمەن، دىققىتىنى ئىنسان قىممىتىگە مەركەزلەشتۈرمىگەن ئەدەبىيات مەۋجۇت ئەمەس. مەيلى ئۇ ئىنساننى ئەيىبلىسۇن ياكى مەدھىيىلىسۇن، بەربىر بىر خىل قىممەتنىڭ ھەر خىل ئەكسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. زۇنۇن قادىرى ۋەيران بولغان باقى ئۈچۈن ئاھ ئۇرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەسەردىكى تراگېدىيىلىك دىتىنىڭ خېمىرتۇرىچى نېمە؟ ئىنساندا ھېسداشلىق بولىدۇ. خۇددى سانسىز پىلانېتلارنىڭ ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر دېڭىزى ئالەم بوشلۇقىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە كەلتۈرگەندەك ئاشۇ كۆرۈنمەس ھېسداشلىق پۈتۈن كىشىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئىنساننىڭ تەقى - تۇرقى كۆپ خىل بولسىمۇ ۋە ئىنساننىڭ نەسلى ئۈزلۈكسىز تۇرلىنىپ تۇرسىمۇ بەربىر ئۇلاردىكى ئىلاھىي نەپەس بىر. ئىنساننىڭ ئۆپكىسى ۋە يۈرىكىدىن ئىبارەت «ماشىنا» بىر قانۇنىيەتنىڭ ئىدارىسىدە ئوت ئالغان. بۇ ھەقتە فرانسىيە مەۋجۇدىيەتچىسى ژان پول سارتېرى مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەممە نەرسە شۇنداق سادىر بولىدۇكى، گويا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نىگاھى ئۇنىڭغا قارىتىلغاندەك، گويا ھەممە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا ماسلاشتۇرۇۋاتقاندەك»① پۈتكۈل رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى «1» رەقىمىنىڭ

---

① سارتېرى: «مەۋجۇدىيەتچىلىك توغرىسىدا»، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مەتبۇئات كومىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1997 - يىللىق 5 - سانى.

ۋۇجۇدىغا ئۆزلەشكەن بولۇپ، بۇ رەقەم قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى بارمىندىسنىڭ «بىر مەڭگۇ ئۆزىدە ۋە ئۆزگىدە» ، ئۇ مەڭگۇ ھەرىكەتتە ۋە جىملىقتا»① دېگەن سۆزىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

لېكىن «1» زىددىيەت ھالقىلىرىدىن تۈزۈلگەن، بۇ ھالقىلار ھادىسىلەر دۇنياسى ياكى تەقدىرنىڭ خىلمۇخىللىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ھاياتتا بىر - بىرىگە تولۇق ئوخشاپ كېتىدىغان بەختسىزلىك بولغان ئەمەس. بەختسىزلىك ھەر بىر ئادەمدە، ھەر بىر ماكاندا، ھەر بىر زاماندا ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. زۇنۇن قادىرى «باقى، غۇنچەم» قاتارلىق پېرسوناژلىرىنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ تەڭسىزلىكىگە باغلىدى. ئەگەر بىز ئەدەبىيات تارىخىمىزنى مىڭ يىل كەينىگە ۋاراقلىساق، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «ئاي تولدى» ناملىق قەھرىمانىدا ئىپادىلەنگەن تراگېدىيە چۈشەنچىسىنىڭ ئۇنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. زۇنۇن قادىرى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى جەمئىيەتكە باغلاش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى تۈپ ئالاھىدىلىكلەرگە باغلايدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى سارتېرىنىڭ «ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ لايىھىسى قانداق بولسا، ئىنسان ھەم شۇنداق» دېگەن مۇھاكىمىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

زۇنۇن قادىرى ئىنسان قىممىتىنى جەمئىيەت ۋە سىنىپ نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى، يەنى ئۇنىڭ پېئىل - ئېتىبارى، خۇلق - مىجەزى، روھىي مەنبەسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىن بىز 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئەدەبىياتىمىزدىكى پەلسەپىۋى ئىزچىللىقنى قايسى دەرىجىدە ئۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى قىياس قىلالايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپە ئەنئەنىسى تاكى 19 - ئەسىرگە كەلگۈچە ئۈزۈلمەس ئېقىن سۈپىتىدە شاۋقۇن سېلىپ كەلگەنىدى. بىراق 20 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ شاۋقۇن پەسىيىپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن. بۇ دەل مىللىي ئىماننىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر ئەسىرلىك

گاڭگىراش دەل ئاشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي، سىياسىي مەنىدىكى گاڭگىراشلارنىڭ يانتۇ كۆرۈنۈشىدۇر.

20 - ئەسىر جاھان ئەدەبىياتى قەدىمكى گرېكلەردىن باشلانغان ئويلىنىش ھەرىكىتىنى ئەۋجىگە كۆتەردى. بۇ ئويلىنىش پەن - تېخنىكا، مۇستەملىكە، ئۇرۇش جاراھەتلىرى ئىچىدە قالغان ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالى ئۈستىدە بولدى. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تېخنىكىۋى ۋە تارىخىي يۈرۈشلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ماھىيىتىنى غەرق قىلىۋەتتى. ئىنسان سۇيئىستېمالچىلىق ۋە ئۇنۇمپەرەسلىك پاتقاقلىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدى. بۇ كرىزىس ھېيدىگىر، ياسپېرس، سارتېرى قاتارلىق مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلارنى ئاپىرىدە قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىرى ئۆزىنىڭ مۇتىزىملىقى ۋە تولىمۇ قاتتىقلىقى تۈپەيلى ئاكادېمىيىلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئىلىم سەرخىللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ، كەڭ دائىرىدە ئاممىۋىلىشالمىدى. گويا مەۋجۇدىيەت مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەندەك بىر ھەل يۈز بېرىپ، دۇنيا يەنىلا ئېغىر مەنىۋى بۆھران ئىچىدە تېڭىرقاپ قېلىۋەردى. بۇنداق تېڭىرقاشلار بورخېس، مارسېل پۇرستى، مىلان كوندېرا، كارۋىنولارنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئەدەبىياتتا پەلسەپە ئېلېمېنتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئەدەبىيات پەلسەپە ئەمەس. دىندا پەلسەپە ئېلېمېنتلىرى بولىدۇ؛ ئەمما دىن پەلسەپە ئەمەس. بىز دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى ئايرىم گەۋدە سۈپىتىدە كۆزىتىپ كەلگەچكە توغرا جاۋابتىن مەھرۇم بولدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پاسىل بولغان ئەمەس. ئۇلار ئىچىدە دىننىڭ ئاممىۋىلىقى ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە مىسلىسىز بولۇپ كەلدى. چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ رېئاللىقىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە بۇ رېئاللىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى رېئاللىقنى، يەنى تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارنى يورۇتۇپ بەردى. ئىنسان نوقۇل ماددا ئەمەس، نوقۇل روھمۇ

① ئەپلاتون: «بارمىندىس» ، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل بېيجىڭ.

ئەمەس، ئۇ شۇنداق مەۋجۇدىيەتكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىكى مۇقەررەرلىك ئېھتىماللىق بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ تاللاش ھەرىكىتى بىر خىل تاللىنىش ھەرىكىتى بولۇپ چىقىدۇ. «ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى قازا پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغان»①

ئىنساننىڭ ھەر بىر خاتالىشىشى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىنىشقا ئىگە. ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى تاللاش ھەرىكىتىگە يەكۈن ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يەكۈن نوقۇل ھالدا ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ تاللىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، ئۇنىڭدا يەنە ئىنسان ئەقلى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن تۈرلۈك شەرتلەرنىڭ تەسىرى بار. «قازا» ئەنە شۇ ئاخىرلىشىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىر خىل پەردە ھالىتىدە ئىنسانغا مۇئەمما ۋە رىغبەت ئاتا قىلىدۇ. مۇنۇ ھېكايە يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئوبدان ئىزاھلاپ بېرىدۇ:

بىر سودا كارۋىنى چۆلدە كېتىۋاتقاندا يالاڭ ئاياغ، جۇل - جۇل كىيىملىك بىر سوپى ئۇچراپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىن پۇل بولمىسىمۇ مەردانە چامداپ، ناخشا ئوقۇپتۇ:

تۆگىگە يۈك بولمايمەن،
تۆگىنى يۈك قىلمايمەن.
باشقۇرمايمەن
باشقۇرۇلمايمەن.

تۆگىگە مىنىۋالغان بىر سودىگەر ئۇنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندەپتۇ، «يول ئازابى ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىسەن» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. بىراق سوپى پەرۋا قىلماي مېڭىۋېرىپتۇ. كارۋانلار بىر مەھەللىگە يېقىن كەلگەندە، تۆگىگە مىنىۋالغان ھېلىقى سودىگەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سوپى مۇردىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

يول ئازابى كۆرمىدىم، بەلكى يەنە ئۆلمىدىم
تۆگە مىنىپ يول يۈرۈپ، ئۆزۈڭ كەتتىڭ ھەمراھىم.②

بۇ يەردىكى ئۆلۈم بىر خىل قازا، ھاياتتىن ئىبارەت پائالىيەتنىڭ تاماملىنىشى. بىراق ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھەقىقەت سودىگەردە ئەكس ئەتتى. بۇ نېمىنىڭ تاللىشى؟ روشەنكى، ئىنسان تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارنىڭ يىغىندىسى. سودىگەرنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈم تاشقى شارائىت قانۇنغا يېقىن تۇرىدۇ. بىراق ئۆلۈم شارائىتى ئۇنىڭ ئېھتىماللىقىدا پىشتى. سوپىنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈم ھەر بىر دەقىقىدىكى ئېھتىماللىق بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا دادىل يۈزلىنەلىگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا باشقىلارنى ئاسارەتكە ئېلىش ۋە ئۆزى ئاسارەتكە چۈشۈپ قېلىش ھاللىرى يۈز بەرمىگەن.

يۇقىرىقى ھېكايە ئەلۋەتتە، كونكرېت ماكان - زامان شارائىتى (سىياسەت، تۈزۈم، قانۇن - تەرتىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي ھالەتلەر) ئېلىپ تاشلانغان ۋاقىتتىكى ھادىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تەسەۋۋۇپچىلار نەزىرىدىكى ماكان - زامان پانىي ۋە باقىدىن ئىبارەت ئىككى دۇنياغا ئورتاق. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە پەۋقۇلئاددە دەرىجىدە مىللىي ماركا ۋە جەمئىيەت بوياقلىرىنى بەخشەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەتمىگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىيلىك بار دېيىلسە، ئۇ ئاساسەن تىل ۋە تەپەككۇردىكى مىللىيلىكتىن ئىبارەت.

سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تەسىرشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۈرك، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر رايون ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەرەب سەھرالىرىدا، مىسىرنىڭ نىل ۋادىلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا سىرلىق، رومانتىك تۈس ئېلىشقا باشلىغان. تۈرك شاھزادىسى ئافراسىياپ پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ قەلىمىدە ۋەھىمىلىك رەڭ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى ئەلشىر نەۋائىي ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە سىڭىپ كىرگەن. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىنسان ئۇقۇمى جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئابستراكسىيىلەشتۈرۈلگەن ياكى مەنىۋىلەشتۈرۈلگەن. مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇلغان روھىيەت شەرق شائىرلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر - تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتىنى بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەنلىرى ئايغى چىقماس روھ سەپىرى. بىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىگە قارىساق، ئۇنىڭدا دەۋر ئىزنالىرىدىن

---

① «كەلىلە ۋە دەمنە» ناملىق كىتابتىن.
② ئىدرىس شەيخ: «سوپىزىم»، خەنزۇچە ئىچكى ماتېرىيال.

كۆرە باقىيلىق ئىزنالىرى روشەن. نەۋائىي ماتېرىيال تاللىغاندا، پۈتكۈل تۇران، يۇنان، ئىران، كەنئان دىيارلىرىغا نەزەر تاشلىغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەۋجۇدىيەت روھى خېلى بۇرۇنلا پىشىپ يېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ زامانىۋىلىك نۇقتىسىدىن ئىزچىللاشمىغان ياكى 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغان. 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋر رەڭلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدا چىن ئىنسان روھى كەمچىل بولغانلىقتىن دەۋرنىڭ رەڭلىرى سۇس ئەكس ئەتكەن ياكى ئۆڭۈپ كەتكەن. ئەدەبىياتىمىزدىكى چىن ئىنسان روھى بۇ ئەسىرگە كەلگەندە نەگە كەتتى؟ ئىنسان نورمال ھاياتلىق مۇھىتى ۋە تەپەككۇر شارائىتىغا ئېرىشەلىگەندە، ئاندىن ئۆزى ھەقىقىي تاكامۇل ئىزدىنىشىگە قەدەم قويالايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسان چاكىنا قىلىقلارنىڭ چاتقاللىرىدا ھالسىراپ قالىدۇ.

غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق ئالدى بىلەن دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە، ئاندىن ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى ئىلاھىي سۈبىستانسىيە دائىرىسىدە تۇرۇپ قالغان. غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى پەلسەپە بالىيانقۇسىدا تۆرىلىپ، دىنىنىڭ زاكىسىغا ئورالغان، ئاندىن ئىلىم - پەن ۋە سىياسىي ئىسلاھات ئاتموسفېراسىدا يېتىلىپ، ئۆزىدىكى كۆپ قاتلام ۋە كۆپ قىرىنى يېتىلدۈرگەن. ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بايقاشلار مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىنى يىغىنچاقلاشتىن شەرھلەشكە ئېلىپ بارغان. شۇڭلاشقا غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمى مىللەت، رايون ۋە دەۋرنى تامغا قىلغان ھالدا كونكرېت تۈس ئالغان.

«مەۋجۇدىيەت» ئۇقۇمى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن ئىزچىل تەتقىق قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە مەخسۇس بىر ئىدىيىۋى ئېقىمغا ئايلانغان مەۋجۇدىيەتچىلىك (Existent←ialism) «مەۋجۇتلۇق» ، يەنى ئوبيېكتىپ چىنلىق مەنىسىدىكى شەيئى ياكى رېئاللىق ئۇقۇملىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى مەۋجۇتلۇق رېئاللىقنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ماھىيىتىدىن ئىبارەت، مەۋجۇدىيەت مەسىلىسى بىلىشتىن ئاۋۋال تۇرىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئەپلاتۇننىڭ «ماھىيەت ھەممىدىن بۇرۇن» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ راۋاجى ئىدى. سارتېرى بۇنى مۇنداق بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ:

«ئىنسان قولى بىلەن تەييارلانغان نەرسىنى، يەنى كىتاب ياكى قەغەز قىيىدىغان پىچاقنى ئالايلى، ئۇ مۇشۇ بويۇمنى تەييارلاش ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە، توغرىراقى ئېنىق بىچاق چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغان ۋە بۇ چۈشەنچە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھۈنەرگە ئىگە ھۈنەرۋەن تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پىچاق بىر جەھەتتىن مۇئەييەن ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان، يەنە بىر جەھەتتىن مەلۇم پايدا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. پىچاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى ياسايدىغان ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. دېمەك، بىز پىچاقنىڭ ماھىيىتىنى، يەنى ئۇنى ياساش ھەمدە ئۇنىڭ رولىنى بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدىغان ئۇسۇل ۋە سۈپەتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى پىچاق پۈتۈشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئىدى دېيىشىمىز مۇمكىن» . ①

دېمەك، پىچاق بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى پىچاق تەسەۋۋۇرى ۋە تېخى پايدىلىنىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن شارائىتى پىچاقنىڭ مەۋجۇدىيىتى بولسا، ياسىلىپ پۈتكەن پىچاق پىچاقنىڭ رېئاللىقىدۇر.

مەۋجۇدىيەت مەسىلىسى ئوبيېكتىپ تەتقىقات تېمىسى ئەمەس، بەلكى شەخسنىڭ ماكان - زاماندىكى ئالاھىدە ھاياتقا بولغان ئويلىنىشى ئارقىسىدا روياپقا چىققان ماھىيەت. ئۇ بىر خىل ئىدىيە، بىر خىل چۈشەنچە، بىر خىل تەشنالىق، بىر خىل سىقىلىش، بىر خىل مەنىسىزلىك، بىر خىل چەكسىزلىك رەۋىشىدە زاھىر بولىدۇ. ئادەم مۇئەييەن مۇقىم مەنىۋى مۇھىتتا ياكى ئەقىل مىسسىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ بوشلۇق تاپالماي تىت - تىتلىق ئىچىدە قالىدۇ. ئۇ، بۇ تىت - تىتلىق

① سارتېرىنىڭ ئۆزبېكچە «مەۋجۇدىيەتچىلىك توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدىن.

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە بىر خىل تاللاش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ھەمدە كېلەچەككە بولغان بىلمەسلىكنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ، ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ئىمكانىيەتنىڭ تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. مەۋجۇتلۇق ئۈستىدىكى ئىزدىنىش كىشىنى كۆپ خىل ئېھتىماللىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئادەم ئاشۇ ئېھتىماللىقلار ئىچىدە تاللاش ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا كونكرېت ۋە تارىخىي رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار غەرب مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاساسىي روھى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن «مەۋجۇدىيەت» ۋە «رېئاللىق» ئۇقۇملىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى مەلۇم بولىدۇ. «مەۋجۇدىيەت» تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان رېئاللىق ياكى بىر خىل ئېھتىماللىق. «رېئاللىق» دۇنيانىڭ كۆپ قىرلىق قۇرۇلمىسىدا مەركىزىي ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنى چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى، ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. «مەۋجۇدىيەت» ئۆزىدىن ھالقىپ تۇرغاچقا ئۇنى ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. «رېئاللىق»نى قايتا كۆرسەتكىلى ياكى نۇسخىلىغىلى بولمايدۇ. «مەۋجۇدىيەت» بولسا، بايقىلىدۇ ياكى ئىپادىلىنىدۇ. «رېئاللىق» ئەقلىي مەزمۇنغا ئىگە. «مەۋجۇدىيەت» ھېسسىي مەزمۇنغا ئىگە. «رېئاللىق» كوللېكتىپ تەجرىبىدە، «مەۋجۇدىيەت» خۇسۇسىي تەجرىبىدە.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رېئاللىق دېگەندە كۆرگىلى، تۇتقىلى، ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ماددىي دۇنيا دەپ قارىدى، ئىنساننىڭ تەپەككۇرى ئىدراكتىن ئىبارەت چىنلىققا بوسۇپ كىرەلمىدى ياكى ئۇ بوسۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان چىنلىق بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدىن يىراقتا قالدى ۋە پەقەتلا ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ داشقاللىرىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن ياتلاشتى. ئەنئەنىنى زامانىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش بۇرچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ تولىمۇ پاجىئەلىك ماڭقۇرتلىشىشتىن بېشارەت بەردى. كىشىنى ئاچچىق كۈلكىگە مەجبۇر قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئۆزلىرىنى ئەدىب دەپ ئاتىشىۋالغان بىر توپ گۇمراھلار ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، زورلاپ تېڭىلغان شاللاندىلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەتتى. ئۇلار ئاللىبۇرۇن كۆيۈپ ئۆچۈپ بولغان مەشئەللەرنىڭ دەستىسىنى ئىپتىخار بىلەن كۆتۈرۈشۈپ، ئۆزلىرىنى دانكودەك ھېس قىلىشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى پەللىسى ئالەمشۇمۇل بولسىمۇ ئۇنىڭ كونكرېت سۈپەتلىرى زامانىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن يەنىلا مۇئەممادۇر. ئاكادېمىيىلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئازغىنە خىزمەتلەر زامان تەلىپىدىن تېخى يىراق بولۇش بىلەن بىرگە، ئەكسىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىدە بولمىغان مەنتىقە بىلەن چۈشەندۈرۈلدى. تەتقىقات شەيئىنىڭ ئۆزىدە بولمىغان مەنتىقىسىنى شۇ شەيئىگە زورلاپ تېڭىش ئەمەس، بەلكى شۇ شەيئىدە ئەسلىدە بار بولغان، بىراق ئۆزىمىزگە نىسبەتەن پىنھان بولغان مەنتىقىنى قېزىپ چىقىرىشتۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھىدىن پەرقلىنىدۇ. بۈگۈنكى زامان غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلارغا ئىگە بىر قىسىم مەنىدە ئاتېزملىق خاھىشقا ئىگە. «مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدە تەنھالىق ئاساسلىق تېما، ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىدىن ئۈمىد يوق. چۈنكى خۇدا ئۆزىنىڭ رېئاللىقىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولالمايدۇ». ①شۇڭلاشقا غەرب مەۋجۇدىيەتچىلىكى غەمكىنلىك ۋە گاڭگىراش بىلەن تولغان. ئالبېرت كامبو «ھايات بىمەنىلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خۇدا ئالەمدىكى ھەرقانداق مەنىسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، ئۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى، گۈزەللىكنىڭ چېرىغى، ئالەم ھەرىكىتىنىڭ مەنزىلگاھى، ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنى ھەرقانداق نوپۇز، ھەرقانداق شەكىل، ھەرقانداق مەبۇدقا مەھكۇم بولۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزىدىغان ھەقىقەت.

① بىرۇنېل: «20 - ئەسىر فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخى»

سەنكى مەۋجۇت، بەلكى ئەين مەۋجۇت، (كۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى سىنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭدۇر.)

— ئەلشىر نەۋائى

ئۇ خالاپ ياراتتى، ياراتتى پۈتۈن
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار بولدى پۈتۈن
. . . . . .
ئەي بىرسەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى تىندىنسىيە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق سۇلالىسىدە باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ، دەۋرلەرسېرى پۈتۈن خەلقنىڭ تەبىئەت، ئالەم، جەمئىيەت قاراشلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ تىندىنسىيە 20 - ئەسىرگە كەلگەندە سۇسلاشقان، ئىستىخىيىلەشكەن ۋە ئۆزۈلگەن بىر قىسمەتتە كۆزلەردىن يۈتتى - دە، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەخمەتجان ئوسمان، ئەركىن ئىبراھىملارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆز ئىزچىللىقىنى تاپتى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھۆسن زاھىرى (شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھاللىرى) بىلەن جامالىي مۇتلەق (مۇتلەق ھەقىقەت)نىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مانا بۇ ئەنئەنە ئىزچىللىقى ياكى ئەنئەنە زامانىۋىلىكى.

مەۋجۇدىيەت يولىدىكى تەۋەككۇلچىلىك ئەلۋەتتە يۇقىرىقىلارنىڭ بولىپ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. كېلەچەك چەكسىز مۇمكىنلىكتۇر، ھەر ھالدا 21 - ئەسىردىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇستەقىل ئۆز ئىدىيىسىنى يوقاتمىغاندىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

# شېئىر ھەققىدە

— بىر دوستۇمنىڭ شېئىر ھەققىدىكى خېتىگە جاۋاب

## جېلىل خېلىل

سىز خېتىڭىزدە بىرنەچچە سوئال سوراپ «شېئىري ئوبراز يارىتىدىغان شېئىري تىل قانداق بولۇشى كېرەك؟» دەپسىز. مېنىڭچە، شېئىري ئوبراز ۋە شېئىري تىلنى شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرغان مۇھىمنىڭ مۇھىمى دەۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى مۇشۇ ئەسىردە كۆپلىگەن شائىرلىرىمىز بىر تەرەپلىمە ھالدا شېئىري ئوبراز، شېئىري تىل دېگەن پاتقاققا چوڭقۇر پېتىپ سۆز ئويۇنى قىلىدىغان مەدداھلارغا ئايلىنىپ كەتتى. رېئالىزم دەپ بويۇن تومۇرلىرى يېرىلغۇدەك كۈچەپ توۋلىغىنى بىلەن خەلق ئۇ ياندا سىقىلىپ ئاھ ئۇرسا، بۇ ياندا دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ كۈلىدىغان گۆپپاڭچى ساختا شائىرلار تۈركۈمى بارلىققا كېلىپ ھەقىقىي شېئىردىن، شائىرلىقتىن يىراق قالدى. خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، دۇنيا شېئىرىيىتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، شېئىرىيەت ئۆزىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشى بولغان جەۋھەر - روھنى يېڭىلاشنى مەقسەت قىلماي، جۇزئىي ۋاسىتىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدىكەن، ئۆزىنىڭ ھالاكەت تېمىنى قويۇرغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىري ئوبراز، شېئىري تىل دېگەنلەرمۇ مەڭگۈ بىر خىل قېلىپتا ئۆزىنىڭ فورمىسىنى بازارغا سالماسلىقى، ئۇ ھەقتىكى ئۇقۇم، ھۆكۈم، نەزەرىيىلەرمۇ يېڭى ئىقلىملاردىن بېشارەت بېرىشى ۋاجىپ. مۇشۇ ئەسىردىكى ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدىكى قايمۇقۇش، كەلسە - كەلمەس كېسىم پىچىشلار، شائىر - ئەدىبلەردىكى ساپاسىزلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلەلمەسلىكىدىكى ئەجەللىك سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مەن بەلكىم ئۆگەنگەن كىتابىي بىلىملەرگە ئاساسەن شېئىري ئوبراز، شېئىري تىل ھەققىدە ئۇنى - بۇنى دېيىشىم

مۇمكىن. بىراق مەن بۇنداق چۈشەندۈرۈش ۋە چۈشەنچىلەرنى ياقتۇرمايمەن (بۇنداق چۈشەنچىلەرنى ئەمدى شېئىرىي تالانتى بولمىسىمۇ شېئىر يېزىش كوچىسىغا كىرىۋالغان ياشلارغا، قولاق موللىلىرىغا سۆزلەپ بەرسە بولىدۇ). شېئىر ئىچكى دۇنياغا تەئەللۇق بولغان پايانسىز ئالەم. بۇ ئالەمنىڭ قانداق شەكىلدە ئايان بولۇشى جۇزئىي ۋاستىلەردىن كۆرە شائىرنىڭ دىتىغا، ئىمانىغا باغلىق. ئەگەر شائىر تالانت ئەھلى بولسا مەجازى ۋاستىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. ھەرگىز شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي تىلنى پۇختا ئۆگىنىۋالسىلا شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققىلى بولمايدۇ.

سىز يەنە، «بەزىلەر يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئىستىقبالى يوق دېيىشىدۇ، سىزچە قانداق؟» دەپ سورايسىز. پاز ئېيتقاندەك: «شېئىر ھامان ئاز سانلىقنىڭ سەنئىتى». ئۇنى توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغاندەك ئومۇملاشتۇرغىلى ياكى بىرەر شائىرنى ئۈلگە تىكلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنەيلى دەپ ئىستىقباللىق قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر مەيلى قانداق شېئىر بولسۇن، ئۇنى ئوقۇيدىغانلار بەربىر ئاز. بۇنىڭلىق بىلەن شېئىرنىڭ ئىستىقبالى يوق، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قارايدىغانلار بولسا، شېئىر يازمايلا قويسا بولىۋېرىدۇ. پەمىمچە، شېئىر ئوقۇيدىغانلار بۇنىڭدىن كېيىن بارغانچە ئازلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن شېئىر يوقالمايدۇ. قەيەردە ئىنسان ۋە سۆيگۈ بولىدىكەن، شۇ يەردە شېئىر مەۋجۇت. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇسىنىڭ جەننىتى. ئۇ شېرىن، ئەمما ھەسرەتلىك ناخشىلار ئوقۇلىدىغان جەۋھەرلەر سۇلتانلىقى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە يۈز بېرىدىغان، رېئاللىقتا مۇمكىن بولمىغان، ئەمما مۇمكىن بولۇشى زۆرۈر بولغان ئۇتوپىيە. مەن شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، يەر شارىدا شېئىر ئوقۇيدىغان بىر مەنلا قالسامۇ شېئىر يېزىۋېرىمەن. ئۇنىڭ ئىستىقباللىق بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ ئولتۇرمايمەن. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا، ئاپام ئاللاغا سەجدە قىلىپ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ شېئىرلىرىنى مۇناجات قىلىپ ئوقۇغاندا مەنمۇ مۇناجاتقا ئايلىنىپ كېتەتتىم. مەندە شۇ ھالەت ھازىرمۇ يوقالغىنى يوق. مەن ئەزەلدىن شېئىرىيەت مەسىلىسىدە پايدا - زىيان، ئىمتىياز، شۆھرەت، شۇنداقلا ئىستىقبال دېگەن نەرسىلەرنى قىممەت ھېسابلىغان ئەمەس. مېنىڭ روھىيەت ئاسمىنىمدا ئۇچۇۋاتقىنى رېئال ئاسارەتتىن خالىي مەنىۋى تاكامۇللۇق سۇمرۇغىدۇر. مېنىڭ قېنىم دەرياسىدا ئۈزۈۋاتقىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئايان بولمىش ھەر بىر چاقماقلاردا چېقىلىپ مەنپەئەتسىز، مىننەتسىز ھالدا چىقىش نۇقتىسى ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئارتۇر رىمبونىڭ مەست قولۋىقىدۇر...

سىز «شېئىرىي پىكىرنىڭ كۆپ قۇتۇپلۇق بولۇشىغا قانداق قارايسىز؟» دەيسىز. بۇنداق ئۇقۇم - سۆزلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ تەكرارلىنىشى شېئىرىيەت ئۈچۈن چوڭ بىر ئاپەت. بۇ سۆز قارىماققا مەردانە ئاڭلانغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قۇرۇق داۋراڭ. شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي كىيگەن بىمەنە قالپاق. بىز ئومۇمەن، تېشىغا مايىل مەجەزدىكى خەلق بولغاچقا ھادىسىۋى نەرسىلەرگە، تېگى يوق ئاجايىپ - غارايىپ ئاتالغۇلارغا ئاسانلا ئەسىر بولىمىز. تېخى بۇنداق ئاتالغۇلارنى ئاڭلاپ باقمىغانلار ئالدىدا سۆزلەپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، روھىنى غەلەتلەپ ھەيرەتتە قالدۇرىمىز. ئازغىنە سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەك بىر ناباب ھەزىلچىنىڭ چاقچىقى ياكى ئۆزىنى قالتىس چاغلىۋالغان ساۋاتسىز سولتەكنىڭ قالايمىقان جۆيلىشى بولۇپ چىقىدۇ. قىسقىسى، بۇ بىر كىرىزىس، شېئىرىيەتنىڭ قىيامىتىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئىنسان روھىنى مەنسىتمىگەن ئاپەت خاراكتېرلىك سىگنال. شېئىرىيەت پىكىرنىڭ مەھسۇلى ياكى ھامىسى ئەمەس. ئۇ، كۆپ قۇتۇپلۇقمۇ ياكى تاق قۇتۇپلۇقمۇ شائىر شېئىر يازغاندا ئۇنى ئالدىن ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. مەن شېئىر پىكىرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دەپ قارىغان ئىكەنمەن، كۆپ قۇتۇپلۇق پىكىر ئۈستىدە تېخىمۇ توختالمايمەن.

شېئىر ھەرگىزمۇ تام قوپۇرغاندەك ياكى ماشىنا قۇراشتۇرغاندەك خىش - كېسەكلەرنى ياكى تۆمۈر - تەسەكلەرنى ئەكىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىدىغان نەرسە ئەمەس...

سىز يەنە «ئەنئەنىۋى شېئىر بىلەن يېڭىچە شېئىرنىڭ ئۆتتۈرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟» لىقى ھەققىدە سوراپسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانداق شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىر، قانداق شېئىر يېڭىچە شېئىر بولىدىغىنىنى ئايرىۋېلىش زۆرۈر. ئەمما ھازىرغىچە بۇنى ھېچكىم نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ بەرگىنى يوق. مۆلچەرىمچە، بارماق ۋە ئارۇز ۋەزنىدە چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغان (مەيلى ئۇ قايسى دەۋردىكى، قايسى مەزمۇندىكى، قايسى سەۋىيە، قايسى دەرىجىدىكى شېئىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئاممىباب شېئىرلار دەپ قارىلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا «گۇڭگا» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان ئاجايىپ - غارايىپلىق، بىمەنىلىك ۋە كەلسە - كەلمەس مىسرا تىزىشلارنىڭ ھەممىسى يېڭىچە شېئىر دەپ قارىلىۋاتىدۇ. دۇنيادا نەدىمۇ بۇنداق غەلىتىلىك بولسۇن؟ ئەنئەنىۋى شېئىر ھېچبولمىغاندا سىنىڭ ئەسلى - ۋەسلىڭنى، روھىڭنى، يىلتىزىڭنى، ئاسماندەك يۈكسەك، زېمىندەك ئېغىر سالماقتا ساقلاپ تۇرالىغان، ئەسىرلىك قايغۇلۇق بىلەن قىيامەتكىچە بولغان ئەبەدىي گاڭگىراشلىرىدىن بېشارەت، ۋەھىي ئاتا قىلالىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا، يېڭىچە شېئىرچۇ؟ سىنىڭ ئۆتتۈرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى يېگانە ساھىبقىرانلىقىڭ، ۋىجدانىڭنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسىنى ئۆزۈڭگە مەنبە قىلىغان ھالدىكى يېڭى ئىقلىملاردىن بېشارەت بېرەر شېئىرىي بالاغىتىڭ قېنى؟ ئۆز مەنپەئىتىڭنىڭ روھىڭنىڭ ئاكتىپ تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى، ئەزەلىي تەكرارلانماس جېنىڭدا يىلتىز تارتىپ يەر شارى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى باراقسانلاشقان، ھاياتلىق ئۈمىد - ئىستەكلىرى، مەۋجۇتلۇق، تارىخ، ھالاكەت، دىن دەشتلىرىدىكى شېئىرىيەت زەيتۇن دەرىخىڭ قېنى؟... قېنى سىنىڭ كىشىنىڭ جان - ئىمانىنى ئېلىپ، يۈرەكلىرىنى لەختە - لەختە قىلىپ تاشلىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە شېئىرىيەت سۇلتانلىقىڭ؟! دېمەك، بۇ يەردە ئاتالغۇ، نەزەرىيە، تونۇش جەھەتتە قايمۇقۇش بار. گاھى چاغدا كاللىسى كىتابىي ئۆلۈك بىلىملەر بىلەن توشۇپ كەتكەن پروفېسسورنىڭ نۇتقىدىن كۆرە ساۋاتسىز دېھقاننىڭ تۇپراقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان «ساپ ئۇگۇتتەك» سۆزلىرى ئادەمگە ئىلھام، مەنە ئاتا قىلىدۇ. سىنىڭ مەيلى قانداق شېئىر بولسۇن، ھېچبولمىغاندا ئەڭ تۆۋەن چەكتە بولسىمۇ ئاشۇ دېھقاننىڭ سۆزىدەك مەنىگە ئېرىشىش ھوقۇقۇڭ بار.

بىزدە نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت سۈتى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئېسىل شېئىرىيەت ۋە نەزەرىيە ئەنئەنىسى بار ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى ئاخىرىغىچە باشقا مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە نەزەرىيە ئاتالغۇلىرى ئېقىپ كىردى. شۈبھىسىزكى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇنداق قۇرۇق مېتود ۋە نەزەرىيىلەر ساختا ياكى كۆپۈك (مازغاپ) ئەدەبىيات بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىسىنىڭ ۋە سەمەرىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ئەمەس - تە. مەشرەپكىچە قايسى نەزەرىيە مەنبە ئىدى؟ ئۇلار بۇ مەنبەنى نەدىن ئالغان؟ ئېنىقكى، ئۇلار مۇشۇ تۇپراقتىن، مۇشۇ خەلقتىن، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىدىن نەزەرىيە يارىتالغان. ھەرگىزمۇ بىزدەك جاھاننىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ - غارايىپ نەزەرىيە، دەستەكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ روھىنى قايمۇقتۇرۇپ ئەدەبىياتنىڭ گۈپپاڭچىلىرىغا ئايلانمىغان. بىزدە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا، ئەدەبىي ئىزچىللىققا بىرقەدەر مەركەزلىك ۋارىسلىق قىلدى، دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئەدەبىيات دولقۇنىغا ئەگىشىپ، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كارى يوق قۇرۇق شوئارۋازلىق ۋە مەدھىيىۋازلىق بىلەن تولغان ئەدەبىيات مەيدانغا كەلدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى «گۇڭگا» نامى بىلەن ئاتالغان شېئىرىيەت ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىپ، بۇ قايمۇقۇشتىن قۇتۇلۇشتا زور رول ئوينىدى. بىراق يېڭىچە شېئىر يېزىۋاتقان شائىر تونىغا ئورۇنىۋالغان قىسمەن ئاپتورلىرىمىز كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ قۇتۇپتىن - بۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىپ، گەرچە ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ نەتىجىسى ئوخشاش بولغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ

چىقاردى. چۈنكى ھەر ئىككىسى ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋىيىدىن ئېلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەدبىقلانغان نەرسىلەر ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز تىلغا ئالغان مۇقەددەس ئەنئەنە ئۈزۈلگەن بولغاچقا ئەنە شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. ئەگەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىزدىن نەۋائىدەك پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا (ھەتتا دۇنيا) غا تەسىر كۆرسەتكەن بىرەر ئەدەبىيات داھىيسى چىققان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى ئەدەبىيات رېئاللىقىمىز باشقىچە ھالەتتە بولغان بولاتتى.

خوش، ئۇنداقتا يۇقىرىقى بايانلىرىمىز «بىزدە ئۆتكەن ئەسىردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن باشقا شائىر چىقمىدى» دېگەن مەنىنى بېرەمدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. زاماننىڭ غۇۋا پەردىلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ خەلققە ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلالىغان شائىرلار بۇ ئەسىردىمۇ ۋۇجۇدقا كەلدى ھەم كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، (ياش تەرتىپى بويىچە سانىغاندا) ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، بوغدا ئابدۇللا، ئىمىن ئەخمىدى، ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان بارات، ئەخمەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئادىل تۇنىياز قاتارلىقلار... گەرچە، يۇقىرىقىلار ئەسەرلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش قىسمىتى، ئۇلارنىڭ سەنئەت چۈشەنچىسى، رېئاللىق تەرىپىدىن ھەزىم قىلىنىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ ئەجدادىدىن قالغان شېئىرىي روھقا ئىمكان قەدەر يېقىنلىشىپ ئۆز تالانتىنى ئۆز زامانىنىڭ شېئىرىي دۇنياسى قىلىشقا بېغىشلىغان ئەزىمەتلەردۇر.

ھالبۇكى، ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىر ھەر خىل پاراكەندىچىلىك، غەيرىي رېئال قىسمەت، ئەدەبىيات چۈشەنچىسىدىكى قايمۇقۇش تۈپەيلى يازغۇچى ـ شائىرلاردا ئەڭ زور دەرىجىدە تالانت ئىسراپچىلىقى كۆرۈلگەن بىر ئەسىردۇر. ئەمما شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، مۇشۇ قەدىمىي، بىپايان، غايەت زور مۆجىزىۋى مەدەنىيەتنى ئۆز باغرىدا تىندۇرۇپ ياتقان بۇ تەۋەرۈك ماكان ئۆزىنى ئەڭ يارقىن، ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ چىن شەرھلەپ بېرەلەيدىغان ھەم ئۆتمۈش، ھەم كېلەچەككە مەنسۇپ بولغان نوۋاتۇر شائىرىنى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىرالايدۇ.

سىز ئاخىرىدا يەنە: «سىز ‹گۈڭگا› شېئىرلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارامسىز؟» دەپ سوراپسىز. «گۈڭگا» شېئىر ھېچقاچان بىر پەللە ئەمەس. ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئېقىنىدىكى بىر دولقۇن، خالاس. مېنىڭچە، شائىر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئۆزىنىڭ تالانتىنى بايقاش بىلەن ئۆزىنىڭ ساپاسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش. مەن يۈرەكتىكى گەپنى قىلسام، ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ساپاسىدىن دېگەندەك رازى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ھازىرلىغان ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت كۈچى، مەنىۋى ساپاسى ھازىرقى دۇنيا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رېئاللىقىنىڭ تەلىپىدىن كۆپ يىراق. گاھىلىرىنىڭ بىلىمى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، گاھىلىرى كىتابىي نەزەرىيەلەرنى ئۆلۈك ھالدا بىردىنبىر ھەقىقەت دەپ چوقۇنغان، گاھىلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، كلاسسىك ئەدەبىياتقىلا دۇم چۈشۈپ پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنى ئەرزىمەس نەرسە قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن، ئۇلار يېڭىلىق ۋە ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم. بىز پەللە ھەققىدە سۆز ئاچىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن شۇ پەللىنى يارىتىدىغان ئوبيېكتنىڭ ساپاسىنى ئويلىشىمىز كېرەك. 21 ـ ئەسىردە، پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغۇدەك، بىرەر ئەدەبىيات نامايەندىسى بارلىققا كېلەمدۇ ـ يوق، بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ. مۇئەييەن نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا شۇ ئوبيېكتنىڭ دۇنيادا ھازىرغىچە ئاپىرىدە بولغان مەدەنىيەتلەرنى قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە مەدەنىيەت ياراتقانلىقى ۋە تارقاتقانلىقىغا باغلىق. چۈنكى بىر نامايەندە، بىر مەدەنىيەت، بىر كەڭ كۆلەملىك روھ، بىر يىمىرىلمەس مەنىۋىيەتنىڭ تىمسالى، شۇنداقلا بۇ نامايەندە يەنە مۇشۇ ئەڭگۈشتەر تۇپراقنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى باشتىن ـ ئاياغ ھېس قىلىپ تۇرغان بولۇشى كېرەك. مەن شېئىرىيەتتە پەللە ياراتقۇچىلارغا ئاق يول تىلەيمەن.



# لۇشۈننىڭ «مىنى» پاپلاشقان ئادەم

نەلئەت ئىبراھىم (تىلەك)

## ئۇ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ بالا ئىشچى بولدى

1922 - يىلى كۈز. بورانلىق بىر گۈگۈم كۈنى قاراقۇرۇم تېغى باغرىغا جايلاشقان بىر نامرات دېھقاننىڭ ئۆيىدە بىر بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ، ھازىرقى داڭلىق ئەدەبىي تەرجىمان، لۇشۈنشۇناس توختى باقى ئىدى.

توختى بالىنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى. چوڭىمۇ ئوغۇل ئىدى. قوشنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن توختى ئەڭ دەسلەپتىلا قوي يېغى ۋە ئەنجۈر شىرنىسى بىلەن ئېغىزلاندى، كۆپچىلىك بوۋاقنى سۆڭگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ توختاپ قېلىشىنى، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلىدى. توختى نامرات خەلق ئارىسىدا، قۇم بوران ۋە تاغ - داۋانلاردا چوڭ بولدى. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ قار سۈيى، تاغلىقنىڭ ساپ ھاۋاسى ۋە تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى توختىنى چىداملىق ۋە ئىرادىلىك ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈردى.

1932 - يىلى، توختى ئون ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ، ئاتۇشتىن كورلىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ چاغدا توختى ئاكىسى ئەزىزى ۋە بىر سىڭلىسى بولۇپ ئۈچ بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈردى. تۇرمۇش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ئاتا - ئانىسى توختىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلدى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتىسى باقاخۇن بىر قېتىملىق ئەمگەكتە تام بېسىۋېلىپ قازا تاپتى. ئاكىسى ئەزىزنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئۆيدە ئۇنىڭدىن باشقا ئەر ياكى ئوغۇل زاتى قالمىغاچقا كىچىككىنە تۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئۆي كىيىلدى. توختى تۇرمۇشتىكى بۇ ئېغىر زۇلۇمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. بىراق ئەھۋالدا قىلچە ياخشىنىلىش بولمىدى. باشقىلاردىن ئۇ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھاياتى ھەرقانچە بولسىمۇ ئادەتتىكى پۇقرالاردىن ياخشىراق ئۆتىدىغىنىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىگە ئانىسى قوشۇلمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر لەڭ توشۇيدىغان ھارۋىكەشلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ 1938 - يىلى ياز كۈنلىرى ئىدى. ئۇلار توقسۇن ناھىيە تەۋەلىكىگە كەلگەندە، ئوقۇشقا كېتىۋاتقان بىر توپ ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ئۇچراشتى. شۇنىڭ بىلەن توختى بۇ بالىلارغا قوشۇلۇپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بەردى. 1939 - يىلى ئۇ، بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ياز كۈنلىرى كېسەل قوزغىلىپ تاپقان ئازغىنە پۇل ئوقۇش خىراجىتىگە يېتىشمىگەچكە بىر يىل ئوقۇپلا ئوقۇشسىز قالدى. باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە بالا ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى.

www.uyghurkitap.com

## ئۇ مۇھەررىر سىرتقا چىقىپ كىرىپ بولغىچە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزلۈكىدىن داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەپ ئۇلگۇردى

توختى باقى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىلىرىنى تازىلاش، تاممەشكە ئوت قالاش، كۇل تۆكۈش، چاي تۇشۇشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئىشچان ۋە چاققان بولغانلىقى ئۈچۈن گېزىتخانىدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ياقتۇرۇپ قېلىشتى. بۇ چاغدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلارمۇ، يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن خەنزۇ زىيالىيلارمۇ بولۇپ، توختى باقىغا ھەر جەھەتتىن كۆيۈندى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوممۇنىست، بەزىلىرى تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن ئىدى. نۇربوساقوۋ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئىمىن نەجرۇپ قاتارلىق ئاتاقلىق مۇھەررىر، شائىر ۋە تەرجىمانلار توختى باقىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، سىياسىي ۋە كەسپىي جەھەتتە يېتىلىشىگىمۇ ياردەم بەردى. توختى باقى ئۇلار بىلەن ئاكا ـ ئۇكىدەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى، بىلىم ـ ساۋاتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

بىر كۇنى ئاز ـ تولا خەنزۇچىدىن ساۋاتى بار توختى باقى تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ، پېشقەدەم تەرجىمان ئىمىن نەجرۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تا سى سى ئاگېنتلىقىدىن كەلگەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىر خەۋەرنى تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، تەرجىمىنىڭ ئايىغى تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئىمىن نەجرۇپ خالىغا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، توختى باقى بۇ خەۋەرنىڭ تەرجىمىسىنى داۋاملاشتۇردى، بىراق ئۇ بىر جۈملىدىكى ئەسلى «يارىلاندى» دېگەن مەنىدىكى سۆزنى «گۇل تاقىدى» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغانىدى. ئىمىن نەجرۇپ بۇ تەرجىمىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ھەمدە توختى باقىنىڭ تىرىشچانلىقىغا قايىل بولۇپ، خەنزۇچە « 挂花 » دېگەن سۆزنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. شۇندىن كېيىن توختى باقى تەرجىمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەسلەپتە چۈشەنگەندەك ۋە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلغاندەك بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەنزۇچە ئۆگىنىشكە تېخىمۇ قىزىقىپ كەتتى.

موسكۋادىن كەلگەن لى خې (كوممۇنىست، چۇ چۈبەينىڭ كۈيئوغلى)، سەممىي، ئاق كۆڭۈل مۇھەررىر بولسىمۇ، ئىچ ـ سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان، يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئەينەك تاقىۋالغان، ئادەتتە سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى. توختى باقى بۇ كىشىدىن ئۆزىنى تارتىپ يۈردى. كېيىن بۇ كىشى توختى باقىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە شۇنداق قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن، قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر كىتابچىسىنى توختى باقىغا ھەدىيە قىلدى، بۇ كىتاب لۇ شۈننىڭ «ئىسسىق شامال» ناملىق ئەسىرى ئىدى. توختى باقى كونىراپ كەتكەن بۇ كىتابچىنى قولىغا ئېلىپ، مۇقاۋىدىكى لۇ شۈن ئەپەندىنىڭ ياغاچ ئويما رەسىمىگە ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى. . . ئۇ كېيىنچە لى مۇھەررىرنىڭ ئەڭ ياخشى دوستلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. لى مۇھەررىر ئۇنىڭغا ياپونغا قارشى ئۇرۇش، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى، لۇ شۈن، ماكسىم گوركىي قاتارلىق ۋەقەلەرنى ۋە ئەدىبلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى سىياسىي ئاڭ ۋە سەزگۈ جەھەتتە يېتەكلىدى، ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1942 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچىسىغا بەرگەن پۇشكىن، گوركىي، لۇ شۈن ئەسەرلىرى ھەققىدە يازغان بىر پارچە ماقالىسىنى كۆرۈپ، لۇ شۈنگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. لۇ شۈننىڭ قاتتىق سۆڭەك روھى ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا ئىزچىل ئىلھام بولۇپ كەلدى.

## ئۇ تېلېفوندا شىڭ شىسەينى «سەن كىم؟» دېدى

بىر قېتىم ئۇ ئىشخانىلارنى تازىلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭشىپ كەتتى. باشقا ئادەم بولمىغاچقا، ئۇ دەرھال تېلېفوننى ئالدى. بىراق تېلېفوندا بىرى «سەن كىم؟» دەپ ئىسىم

فامىلىسىنى سوراپ، ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى دېمەي تۇرۇۋالغانلىقتىن، توختى باقىمۇ ئىسمىنى دېمىدى، ئاخىر قارشى تەرەپ: «مەن شىڭ دۇبەن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. توختى باقى قاتتىق چۆچۈپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش سۈرۈشتۈرۈلدى. بىراق ھېچكىم بۇ ئىشنى بىلمەيتتى، ھەممەيلەن دەككە - دۈككە بولۇپ كەتتى، چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ھەممە كىشى بىلەتتى، شىڭ شىسەي ئىلغارلىق نىقابىنى ئېچىپ تاشلاپ ئاشكارا ھالدا كوممۇنىستلارغا ۋە تەرەققىپەرۋەر زاتلارغا قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇن تازىلاشنى باشلىۋەتكەنىدى، بۇ ئىش ئۆتۈپ ئون كۈندىن كېيىن توختى باقى ئۆزىنىڭ شىڭ دۇبەنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغانلىقىنى لى مۇھەررىرگە ئېيتتى. لى مۇھەررىر توختى باقىغا بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەسلىكىنى جېكىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى توختى باقى كۆڭلىدە ساقلاپ، ھېچكىمگە تىنمىدى، بىراق كېيىن شىڭ شىسەينىڭ يەنئەندىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ۋە تا سى سى ئاگېنتلىقىدىن كەلگەن خەۋەرلەرنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن مەركىزىي ئاگېنتلىقتىن بەرگەن خەۋەرنىلا ئىشلىتىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ ئىشتىن كېيىن توختى باقى ناھايىتى چوڭقۇر بىر ئەمەلىي ھەقىقەتكە ئىگە بولدى، ياخشى ئادەم ۋە ناچار ئادەملەرنى، زۇلۇم ۋە يورۇقلۇقنى، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن ئادالەتسىزلىكنى جەمئىيەتتىن بىۋاسىتە كۆزىتىپ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. ئۇستازلىرىنىڭ ياردىمى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشىشى ئارقىلىق ئىككى يىل ئىچىدىلا ئۇ بالا ئىشچىلىقتىن دەرىجە ئاتلىتىپ مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە قويۇلدى.

## ئۇ ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىندى

1942 - يىلى موسكۋا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كوممۇنىستلارغا ۋە خەلققە قارشى دولقۇن كۆتۈرۈشنى باشلىدى. جاللات شىڭ شىسەي ئاخىر ياۋۇز جاللاتلىق ئەپتى - بەشىرىنى ئاشكارىلاپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى، تەرەققىپەرۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قىلىشقا، باستۇرۇشقا باشلىدى، ئۇرۇمچى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىدى. زور تۈركۈمدىكى ئىلغار ئېقىمدىكى زىيالىيلار تۈرمىگە قامالدى، توختى باقى بۇ چاغدا ئۆلكىلىك ساقچى مەكتىپىدە ئوقۇپ، 1944 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغانىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىرقانچە پارچە سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغانلىقتىن «قىزىل پاچاق ئۇنسۇر» دېگەن نام بىلەن تۈرمىگە قامالدى. 1946 - يىلى ئۇ تۈرمىدىن چىققانغا قەدەر لۇ شۇنىڭ «ئىسسىق شامال» دېگەن ئەسىرىنى يېنىدا مەھكەم ساقلاپ ئۆگىنىپ، ئۇنى ھەم خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش دەرسلىكى، ھەم مەنىۋى ئوزۇق ئېلىش دەستۇرى قىلدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن يۇرتى ئاتۇشقا قايتىپ، ناھىيىلىك دېموكراتىك ھۆكۈمىتىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى ھەمدە «ئارتىشى گېزىتى» نى بەرپا قىلىپ، ئارتىشى دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسىدا داۋاملىق ماقالە ئېلان قىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىندى. . .

## ئۇ ھېچكىمگە ئۇقتۇرماستىن لۇشۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكتى. . .

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر توختى باقىنى روھىي جەھەتتىن تاۋلىدى، ئۇ تېخىمۇ قەيسەر ۋە غايىلىك ياش بولۇپ يېتىلدى. دەۋر چاقى 40 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەندە، يەنى 1949 - يىلى توختى باقى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا لېكتور، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە

خەلق باشقۇرۇشىدىكى «ھەقىقەت گېزىتى» دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. 1950 - يىلىدىن باشلاپ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق كومىتېتىدا ئىشلىدى. غەربىي شىمال رايونى ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. بۇ يىغىندىن كېيىنلا تەشكىل ئۇنى بېيجىڭغا يۆتكەپ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىگە تەرجىمانلىق خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇردى، بۇ يەردە ئىككى يىل تەرجىمانلىق قىلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى 1 - ئايدا يېڭىدىن قۇرۇلغان مىللەتلەر نەشرىياتىغا يۆتكىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەت توختى باقى شەرەپلىك ھالدا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدا ئىشلەيدىغان تۇنجى ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تەرجىمانى بولۇپ قالدى. يېڭى تۇرمۇش ياش توختى باقى ئۈچۈن ئالتۇن قانات ئاتا قىلدى. مىللەتلەرنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىشى، دەۋرنىڭ ئالمىشىشى، توختى باقىنىڭ كۈچلۈك ئىلگىرىلەش روھىغا تولغان قەلبىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى، ئۇنى گۈزەل مەنزىرىلىك يېخيۇەن باغچىسى مەپتۇن قىلالمىدى، ئەكسىچە كىتابخانىلاردىكى ھەر خىل كىتابلار، بولۇپمۇ ھەر خىل نەشر ئەفكاردىكى لۇشۇن ئەسەرلىرى ئۇنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىۋالدى، ئۇ نورمال خىزمەت ۋاقتىدىن باشقا چاغلىرىنى ئاساسەن پۈتۈنلەي كىتابخانا، كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلاردا ئۆتكۈزدى. ئۇ م. گوركىينىڭ «تىلنىڭ ساپلىقى، مەنە جەھەتتىكى ئېنىقلىقى، ئۆتكۈرلىكى ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەش، مەدەنىيەت قورالى ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەشتۇر. بۇ قورال قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، قانچىلىك ئېنىقلىققا ئىگە بولسا، ئۇ شۇنچىلىك يېڭىلمەستۇر» دېگەن سۆزىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىدى ھەمدە تەرجىمە ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلدى. بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ يۈرەك قېنى مول ھوسۇل گۈللىرىنى ئېچىلدۇردى. نورمال تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىدىن باشقا، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىدا ئۇ «يېڭى باتۇرلار» رومانىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلدى، بۇ رومان 1953 - يىلى نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى رومانىنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ يەنە «بوران - چاپقۇن»، «پولات ئىستىھكام»، «تۈن يانغاندا» قاتارلىق 20 نەچچە يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقاردى. بىرقانچە يىل «قەلەم پىشۇرۇش» ۋە تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، يەنە ھېچكىمگە ئۇقتۇرماستىن لۇشۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكتى...

## ئۇ يەنە بىر قېتىم ناھەق ھالدا تۈرمىگە كىرىپ چىقتى

توختى باقى بېيجىڭغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىتابخانىدا بىر يۈرۈش «لۇشۇن تاللانما ئەسەرلىرى» نى سېتىۋالغانىدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا بۇ كىتابلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۆگىنىش خاتىرىسىدىن ئۈچنى يېزىپ توشقۇزۇپ بولغانىدى، بىراق لۇشۇن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ھەقىقەتەن ناھايىتى قىيىن ئىدى. توختى باقى بىرەر جۈملىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن دائىم بىرقانچە كۈن ماتېرىيال كۆرۈش، سۆز مەنىسىنى تېپىش بىلەن ئاۋارە بولاتتى، ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندەك تېز تەرجىمە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لۇشۇننى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز مىللىتىگە تېزرەك تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇيى ئىدى.


ئىش ئۈستىلىدە توختى باقى پايتەختنىڭ يەنە بىر تېڭىنى كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كۈنلەر، يىللار ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىغا ئاق سانجىشقا باشلىدى. لۇشۇننىڭ «چۇقان»، «تېڭىرقاش» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، نەشر قىلىنىشقا تاپشۇرۇلدى. توختى

باقى ھاياتىدا بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى، ئۇ شۇ كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىكى فوتو مۇخبىرى، ئايالى تاجىگۈلنى مەجبۇرىي مىللەتلەر رېستورانىغا ئېلىپ بېرىپ، راسا غىزالىنىپ كۆڭۈل ئاچتى. . .

بىراق بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى، ياش توختى باقىنىڭ پۇتۇنلەي كىتاب ئورىگىناللىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن كاللىسىدا ئاسمان مەڭگۇ كۆك ۋە پاك، سۇ مەڭگۇ سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى. ئەمما تۇرمۇش يولى ئەگرى - توقاي ۋە ئېگىز - پەس بولغاندەك، توختى باقى 1958 - يىلى بىر قانچە ئېغىز راست گەپ قىلىپ قويغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «تېگىرقاش»، «چۇقان» قاتارلىق كىتابلار ئاتىشى دېگەن تەخەللۇسىدا نەشر قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭغا «ئوڭچى» دېگەن بەدنامغا قوشۇلۇپ، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» بولۇشىغا يەنە بىر «جىنايى پاكىت» بولۇپ قالدى. نەشرىيات بويىچە مارشال پىڭ دېخۇەينىڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ» دېگەن سۆزىنى تەنقىد قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «سۇيىقەست تەكشۈرۈش» تە، توختى باقى ئىشلىگەن ئورىگىنالدا ئېھتىياتسىزلىقتىن «قىزىل» بىلەن «ئاق» دېگەن ئىككى خەت ئورنى ئالمىشىپ قالغانلىقتىن، ئۇنى ئىنتايىن زور جىنايەت دەپ قاراپ توختى باقىنى قولغا ئېلىپ بېيجىڭنىڭ چىنجىڭ تۈرمىسىگە قاماپ قويدى. . . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ 1978 - يىلى ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر، ناھەق، ئۇۋال دېلو ئىچىدە ياشىدى. 1964 - يىلى توختى باقى «ئەيىبلەنمەيدۇ، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تۈرمىدىن چىقتى. ياشانغان ئانىسى ئوغلىنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئائىلىسىدىكى بىردىنبىر پۇلغا يارايدىغان ئىنەكنى سېتىپ، ئاتۇشتىن بېيجىڭغا كەلدى، نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان ئايالى تاجىگۈل توختى باقى بىلەن «چېگرىنى ئېنىق ئايرىش» نىيىتىدىن يېنىپ، توختى باقىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار توختى باقىنىڭ يۈز - كۆزى ۋە بەدەنلىرىدىكى كونا - يېڭى جاراھەتلەرنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلىپ يىغلاشتى. ئانىسى: «ئاكاڭدىن ئايرىلىپ ھازىرغىچە ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمىدىم، ئەمدى سېنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلالمايمەن. مەن سەن بىلەن بىللە قايتىمەن، يۇرتقا كېتەيلى» دەپ ئوغلىغا ئېسىلىپ ھۆكۈرەپ كەتتى. توختى باقى ئانىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، چەكسىز ھەسرەت ۋە يۇرتقا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى، ئۈرۈمچى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى، پەقەت ئىلگىرى بىللە ئىشلىگەن، سۆيۈملۈك كونا دوستلىرىدىن بىرەرسىمۇ ئامان قالمىغانىدى. . .»

## كۆمۈرخانىنى يېزىقچىلىق ئۆيى، ئەسكى كۆتەكنى يېزىقچىلىق شىرەسى قىلىپ شام يورۇقىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش

«داغدۇغىلىق يىللار» - كۆرەڭلەش بىلەن دەككە - دۈككە بىر گەۋدىگە ئايلانغان يىللار ئىدى. رەڭگارەڭ ئۆزگىرىشلەر، ئەسەبىيلەشكەن كومېدىيە ئويۇنلىرى جۇڭگونى دەھشەتلىك خەتەرلىك يار لېۋىگە ئېلىپ كەلدى.



uyghurkitap.com

توختى باقى ئۇۋاللىق دېلوسىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن تېخىمۇ قۇتۇلالمىدى. بۇ جەرياندا «قارا كېيزەندىلەر»، «بەش خىل ئۇنسۇرلار» قاتارىدا نەزەربەنت قىلىنىپ كۈنىگە 10 نەچچە سائەت ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندى، 12 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئېغىزلىق ئۆي بىلەن كېچىدىكى بىرقانچە سائەتلىك ئۇخلاش ۋاقتىلا ئۇنىڭغا تەۋە بولدى، ئۇ بۇ ۋاقىتنى ئاساسەن لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا سەرپ قىلدى.

ئۇ قاتتىق زېمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، توختى باقى دېھقانچىلىك مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ، كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا يەنە ئۆزىنىڭ كۆمۈرخانىسىغا كىرىپ كەتتى، بۇ كۆمۈرخانا ئۆيىنىڭ يېنىدا بولۇپ، بۇنى توختى باقى ئۆزى «يېزىقچىلىق ئۆيى» قىلىپ ياسىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە سانسىز تۈنلەردە ھەمراھ بولغان بىر تۆت چاسىلىق كۆتەكنى ئۈستەل قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. شام يورۇقىدا پەقەت قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە خەت يېزىلىۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. پەقەت مۇشۇ چاغدىلا توختى باقى بەدىنىدىكى جاراھەت ئاغرىقىنى، دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى كىتاب ئورگىنالىدىكى «ئەركىنلىك ئالىمى» گە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىگە تەۋە بۇ بىردىنبىر «ئەركىنلىك ئالىمى» دە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. خەنزۇچە خەتلەر راۋان ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئايلىنىپ، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يېزىشنى باھانە قىلىپ ئالغان سۇتتەك ئاپئاق قەغەزلەر ئۇنىڭغا يېتىشمەي قالدى. . .

بۇ چاغدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا ھېچقانداق ئورۇن تەشكىللىمىگەن، تەرجىمە قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى مەتبۇئات - نەشرىيات ئورۇنلىرىدا نەشردىن چىقىرىشتىن ھېچقانداق ئۈمىد بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر توختى باقىنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا يامان غەرىزى بار، «بۇ ئەسەرنى بۇگۈنكى كۈندە چىقىرىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ قارىسىمۇ، بىراق توختى باقى قەلىمىنى ئىزچىل توختاتمىدى. شۇ كۈنى سىرتتا قار يېغىپ، كەڭ زېمىن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. تۈن شۇنچە تىنچ بولۇپ، ئەزەلدىن بۇنداق تىپتىنچلىق بولۇپ باقمىغانىدى. . .

تۇيۇقسىز كۆمۈرخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كەتتى، تاجىگۇل غەزەپ بىلەن كىرىپ، ئېتىلغان پېتى ئېرىنىڭ تەرجىمە ئورگىناللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى يىرتىپ تاشلاپ، ئېرىنى ئۆيىگە تارتىپ كىردى:

— سىز سارالڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بۇنىڭ زۇلۇمىنى ئاز تارتىۋاتامسىز؟ سىز ئاۋارىچىلىقتىن قورقمىسىڭىز، مەن قورقىمەن! — تاجىگۇل قاتتىق ۋارقىرىدى.

توختى باقى «ئاۋارىچىلىق» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ بۇنداق «ئاۋارىچىلىق» قا ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرمىگەن قېتىم ئۇچرىغانىدى. بىر قېتىم ئۇ «دىكتاتورا ئەترىتى» نىڭ نەزەربەند قىلىنغان سولاقخانىسىدا تۇرۇۋېتىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىغان لۇشۈن ئەسەرلىرىنى كۆرگەچ، ئۇنىڭ ئاق يەرلىرىگە تەرجىمە قىلىپ تۇرغاندا، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، قاتتىق تاياق زەربىسىگە ئۇچرىغانىدى. يەنە بىر قېتىم توختى باقى ئۆيىدە لۇشۈن ئەسەرلىرىنى «ئوغرىلىقچە» تەرجىمە قىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ پايلاقچىلىرى كۆرۈپ قېلىپ، «يامان نىيىتىدىن يانمىغان، دۆلەتنى ئۆزگەرتىش خام خىيالىدا بولغان» دەپ ئۇنى يېرىم كۈن تەنقىد ۋە كۈرەشكە تارتقانىدى، بۇنداق كۈرەش ۋە تەنقىدلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەت بولۇپ قالغانىدى. بىراق ئەڭ چىدىغۇسىز ئىش شۇكى، ئۇلار قانداقتۇر «قارا ماتېرىيال» تېپىشنى باھانە قىلىپ، توختى باقىنىڭ 50 - يىللاردىن بۇيان كۆڭۈل قويۇپ يىغقان لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ۋە نۇرغۇن تەرجىمە ئورگىناللىرىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ «ئولجا» ئورنىدا كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. . .

بۇنداق ئاۋارىچىلىقلار نۇرغۇن قېتىم

ئۆتۈلدى، توختى باقى بۇ «ئاۋارىچىلىق»لارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، بىراق ئۇ لۇشۇن ئەسەرلىرىنى ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزاقتىن بۇيان ئويلىنىپ، تەييارلىق قىلىپ كەلگەن بۇ ئارزۇسىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانى قىلغانلىقىنى تېخىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ بۇ نىشانغا يېتىشنى ئۆزىگە ئاڭلىق مەسئۇلىيەت قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ خەلقتىن، تەشكىلدىن ئايرىلىپ ھەتتا «سوتسىيالىزمغا ۋە كومپارتىيىگە قارشى» دېگەن قالپاقنى كىيىپ، ئۆزى خەلقنىڭ «دۈشمىنى» دەپ ھېسابلىنغان ئاشۇ يىللاردىمۇ، ئۇ ئۈمىد ئىشەنچىسىنى يوقاتماي، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدىدى. لۇشۈننىڭ «قانچىكى مۈشكۈلچىلىكتە قالساڭ، شۇنچە لېۋىڭنى چىشلەپ ئىشلە» دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئوقۇشقا، تەرجىمە قىلىشقا شارائىت يار بەرمىسە، ئوقۇغانلىرى ئۈستىدە ئويلاندى ۋە پىكىر يۈرگۈزدى. مانا بۇ دەل توختى باقىدىكى چىن ئەقىدە بىلەن ھەقىقىي ئىرادە ئىدى. ئۇ يەنە لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەشنى باشلاپ، ئاخىرى ئوغلىنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ساۋاقدىشى ئارقىلىق ج خ نازارىتىدە ئىشلەيدىغان نىيىتى دۇرۇس ھەم يۈرەكلىك بىر كىشىدىن لۇ شۈن ئەسەرلىرىنى تاپتى، شۇ كۈنلەردە پەقەت ئاخشىملا لۇ شۈن ئەسەرلىرىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى يانچۇق دەپتىرىگە يېزىۋېلىپ، خەنزۇ زىيالىيلاردىن سورايتتى، ئۇنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەرگەن، ئۇنىڭغا كىتاب ئارىيەت ئېلىپ بەرگەنلەر، توختى باقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كىشىلەر ھېسابلىناتتى.

مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى، توختى باقىنى قاتتىق ئويغا سالماقتا ئىدى، ئائىلى تاجىگۇلنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ تەرجىمە ئورىگىناللىرىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىدىن قاتتىق رەنجىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىيىتى توختى باقىغا ئايان ئىدى، ئائىلى يەنىلا توختى باقى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى، ئاۋارىچىلىقتا يولۇقماسلىقىنى ئويلىغانىدى، سوغۇق شامال توختى باقىنى بىرئاز سەگىتتى، ئۇنى كەينىدىن قوچاقلاپ تۇرغان تاجىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا ئىدى. قىزىنىڭ مەڭزىمۇ ياش تامچىلىرى بىلەن تولغانىدى، توختى باقى بۇلارنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. . . ئائىلى ۋە قىزىنىڭ ئەيىبلىشىنى ئۇن چىقارماي قوبۇل قىلدى. توختى باقى كىشىلىك ھاياتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ تۈرۈۋاتقان مۇھىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە زور مەسئۇلىيىتى ئۈچۈن، يەنە ئىشقا كىرىشتى. ئائىلى ۋە بالىلىرى ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە مۇزدەك سوغۇق كۆمۈرخانىسىغا كىرىپ كەتتى. . .

مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردە، توختى باقىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە كۆمۈرخانىسىدىكى شام ئىزچىل ئۆچمىدى، تەرجىمە ئورىگىناللىرى بۇ ئۆينىڭ بارلىق بوش جايلىرىنى ئىگىلىدى، توختى باقىنىڭ روھىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن تاجىگۈل توختى باقى بىلەن خۇشاللىق بىلەن قايغۇدا بىللە بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، توختى باقىغا ھەر جەھەتتىن مەدەت بەردى. توختى باقى كۈرەش ۋە تەنقىدكە تارتىلىپ يۈرۈۋاتقان، ئەمگەككە ھەيدىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا 2 مىليون خەتكە يېقىن لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى، ئۇ ھامان بىر كۈنى قارا تۇمان تارقىلىپ، ئىللىق قۇياش نۇرى پارلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ، تەقەززالىق بىلەن ئاشۇ باھارنى كۈتمەكتە ئىدى.

## ئۇ ئاقلانغاندىن كېيىن قايتا غەيرەتكە كېلىپ لۇشۈننىڭ ئالتە توپلام، 16 كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى گويا باھار شامىلىدەك كىشىلەر قەلبىگە يېڭى جۇشقۇنلۇقنى ئېلىپ كەلدى. قارا بۇلۇتلار تارقىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشلىدى. توختى باقى قايتىدىن خەلق ئارىسىغا يېنىپ كەلدى. بۇ يېڭى باھار توختى باقىنىڭ ھاياتىدا زور خۇشاللىق ۋە تەڭداشسىز كۈچ ئېلىپ كەلدى. تاجىگۈل ئۇنىڭ ئاقلىنىپ، سىياسىي نامى ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئاددىي ئۆيىدە ئائىلە زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىققا چۆمۈپ ئۇيسۇل ئويناپ كەتتى...
توختى باقى كارىۋات ئاستى، ساندۇق تەكتىدىن كۆپ يىللاردىن بۇيان تەرجىمە قىلغان لۇشۈن ئەسەرلىرى ئورىگىناللىرىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى...

ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن توختى باقى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئورۇنلاشتى. 1958 - يىلدىن 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە، توختى باقى «ئوڭچى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» بولۇپ بېيجىڭدىكى چىنچېڭ 1 - نومۇرلۇق تۈرمىدە كۆپ يىل تارتقان ياكى كېيىنكى ھەر قېتىملىق چوڭ، كىچىك سىياسىي ھەرىكەتلەردە كۆرەشكە تارتىلىپ، رىجىم ئاستىغا ئېلىنغان ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى يوقاتماي، ئىزچىل «قاتتىق سۆڭەكلىك روھى» بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقانىدى، ئۇنىڭ يۈرەك قېنى بىكارغا كەتمىدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا «لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، نەشردىن چىقىرىش خىزمىتى پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. توختى باقى ئۈچۈن مەخسۇس لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كەڭ زېمىن ھازىرلاندى. ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە تەرجىمە قىلىنىپ بولغان لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ 1 - تومىدىن 6 - تومى بىر - بىرلەپ يورۇقلۇققا چىقىپ، ئۆز ئىستىقبالىنى تاپتى. شۇنىڭدىن باشلاپ لۇشۈننىڭ «ئىسسىق شامال»، «قەبرە»، «سايىۋەن»، «خالاس»، «ئۈچ بىكار»، «ئالا كۆڭۈل»، «تاغدىن - باغدىن»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «كونىس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى» (1 -، 2 -، 3)، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى جەمئىي ئالتە توپلام، 16 پارچە كىتاب بولۇپ نەشردىن چىقتى. توختى باقى ئۆزىنىڭ خەلققە ئاتىغان بۇ قان - تەر جەۋھەرلىرىنىڭ ئاخىر ئورىگىناللىنىڭ كىتاب بولۇپ چىققانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنى يەلكىسىدىن مىڭ پاتمان يۈكنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىك، قەرزى ئادا بولغان كىشىدەك ئازادە ھېس قىلدى!

1981 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پايتەخت ئايرودرومى كەچكى شەپەقنىڭ نۇرى ئاستىدا تېخىمۇ گۈزەللىك تۈسىگە كىرىپ قالغانىدى. 300 كىشىلىك بىر ئايروپىلان ئاستا - ئاستا پەسلەپ، قاتتىق گۈركىرىگەن ئاۋازى بىلەن ئايرودرومغا چۈشتى. بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن، كۆزىگە يۇقىرى گىرادۇسلۇق ئەينەك تاقىغان بىر ئۇيغۇر كىشى ئايروپىلاندىن چۈشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. خۇشاللىق ۋە ھاياجان نۇرلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇ كىشى دەل توختى باقى ئىدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى ۋە مەملىكەتلىك لۇشۈن ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇشتەك قوش سالاھىيەت بىلەن «لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قولىدىكىسى دەل بىر قانچە تۈن ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان، ئايروپىلاندا يەنە ئۈچ سائەت ئويلىنىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن لۇ شۈن ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسى ئىدى.

شۇنچە قىزغىن ۋە تەسىرلىك يىغىن كۆرۈنۈشلىرى، شۇنچە كۆپ رەھبەرلەر، شۇنچە كۆپ لۇشۈن ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر، شۇنچە كۆپ مۇخبىرلار... توختى باقىنى كۈتۈۋالدى، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە سەمىمىي ھال سوراشلىرى، قۇچاقلاپ كۆرۈشۈشلىرى ئىچىدە توختى باقىنىڭ

كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، خۇشاللىق ياش تامچىلىرى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئۇنىڭ مەڭزىگە چۈشتى. . .

## ئۇ تەرجىمە قىلغان لۇشۈن ئەسەرلىرى 32 كىتابقا يەتتى، لۇشۈنشۇناسلار ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا باردى

توختى باقى يەنە بىر قېتىم بېيجىڭنىڭ كىتابخانىلىرىنى ئارىلاپ چىقتى، لۇشۈننىڭ ئوغلى جۇ خەيیىڭ بىلەن سىرداشتى، بېيجىڭدىكى ئالتۇن كۈز پەسلىنىڭ شامالىرى ئۇنىڭ چوڭقۇر خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى قاناتلاندۇردى، ئۇ 50 - يىلىدىن باشلاپ مۇشۇ جايدا خۇشاللىق ھەم قايغۇلۇق كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭغا بىلىممۇ بەرگەنىدى، قايغۇمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ، بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن! شۇنداق، ئۇ 50 - يىللاردىن باشلاپ مۇشۇ جايدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، ماركس - ئېنگلىس ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، يىغىن ماتېرىياللىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقاندىن باشقا، نۇرغۇن كىتابلارنىڭ تەرجىمە مۇھەررىرلىكىنىمۇ ئىشلىگەنىدى. خەنزۇچە رومانىنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشردىن چىقارغانىدى، ئۇ «كىم ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر» ، «بوران - چاپقۇن» ، «تۇن يانغاندا» ، «سۇ بويىدا» (بىر قىسمى) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغانىدى. توختى باقى 60 ياشقا قەدەم قويغان چېغىدا يەنە بىر قېتىم تىل - تەرجىمە بەيگىسىدە پەرۋاز قىلىش پىلانىنى كۆڭلىگە مەھكەم ئورناتتى. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەرجىمە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى، كەڭ تەرجىمانلارنىڭ تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە دائىر كىتابنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى ھېس قىلىپ، «تەرجىمە تەجرىبىلىرىدىن نەرمىلەر» ، «تەرجىمە توغرىسىدا» قاتارلىق ئىككى كىتابنى نەشر قىلدۇردى. 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان «قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك؟» ناملىق 300 مىڭ خەتلىك كىتابى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - تەرجىمە ساھەسىدە ئەمەلىي يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ يەكۈنى ۋە تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئەمەلىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇلگىسى سۈپىتىدە كەڭ تەرجىمانلارنىڭ ئايرىلماس قورالىغا ئايلاندى. توختى باقى تەرجىمىدە ئانا تىلىنىڭ ساپلىقى، مەنە جەھەتتىكى ئېنىقلىقى، ئۆتكۈرلىكىنى لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ 70 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا چىققان «لۇشۈن فىليەتونلىرى» (1 - ۋە 2 - قىسىم) نىڭ ئۇيغۇرچە تۇنجى نەشرىنى قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى تەرجىمىسىنىڭ «تەرجىمە ئىلمىدىكى ‹سادىق بولۇش پرىنسىپى› نىڭ ئەمەلىيەتتە مەنىگە ئەمەس، يەككە - يەككە سۆزلەرگە، ھەرپلەرگە بىرمۇ بىر سادىق بولىدىغان بىر تەرەپلىمە پرىنسىپلارنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن، لۇشۈننىڭ ئەسلى ئۆتكۈر، چوڭقۇر مەنىلىك گەپ - سۆزلىرىنى چىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن قىياسىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولالماي، ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىگە مەلۇم دەرىجىدە قۇسۇر يەتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى» نى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، «لۇشۈن فىليەتونلىرى» (1 -، 2 - قىسىم) نىڭ تەرجىمىسىنى تۈزىتىپ، بۇ كىتابلارنى 1998 - يىلى نەشردىن چىقاردى. بۇلاردىن باشقا توختى باقى لۇشۈن ئەسەرلىرى ۋە لۇشۈن ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، «لۇشۈن ئەسەرلىرى شىنجاڭدا» ، «لۇشۈن ۋە تەرجىمە» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى.

ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن توختى باقى كەمتەرلىك، تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، دادىل تەنقىد قىلىش روھى بىلەن 40 نەچچە يىل تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە لۇشۈن تاللانما ئەسەرلىرىنى تولۇق تەرجىمىدىن چىقىرىپ، «لۇشۈنشۇناس» دەپ نام ئالدى. دۇنيادىكى داڭلىق رومان، پوۋېست، ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمە قىلغاندىمۇ تەرجىمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ «تەرجىمە مۇتەخەسسىسى» دەپ ئاتالدى. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ داڭلىق يازغۇچى بولۇپ يېتىشتى، ئۇ ئۆز تەرجىمىسىدە سۆزنى لايىقىدا تاللاپ، تۇرمۇشقا ئەڭ يېقىن ئاممىباب تىلنى ئىشلىتىش، ئەڭ ئوبرازلىق، ئەڭ جانلىق ئىپادىلەش شەكلىنى قوللىنىش، تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئومۇملاشقان، كىشىلەردە تەسىر قوزغىيالايدىغان جانلىق تىلنى ئىشلىتىشتەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ تەرجىمانلارغا، تىل خىزمەتچىلىرىگە ئۈلگە بولۇپ تىكلەندى. ئۇ تەرجىمە قىلغان لۇشۈن ئەسەرلىرى 1998 - يىلىغا قەدەر 32 كىتابقا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 90 - يىللاردىلا نەشرىدىن چىققان «لۇشۈن فېلىيەتونلىرى، مەكتۇبلىرى، نەسرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابلا 370 مىڭ خەتكە يېتىدۇ. بىراق ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە نەشر قىلىنغان لۇ شۈن ئەسەرلىرىدىن 16 پارچە كىتابىنىڭ قەلەم ھەققى ھازىرغا قەدەر بېرىلمىدى، ئۇنىڭدىن باشقا كېيىن قايتا نەشر قىلىنغان «يېڭى باتۇرلار» ، «ئۆلمەس ۋاڭ شياۋخې» قاتارلىق رومان، پوۋېستلىرىنىڭمۇ قەلەم ھەققى بېرىلمىدى. ئۇ بۇنداقلاردىن يالغۇز مەنلا ئەمەس، نۇرغۇن قەلەم ئىگىلىرى ماڭا ئوخشاش «دۆلەتكە تەقدىم» قىلىۋەتتى، دېدى. . .

«تىلدا خەلقنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋەتىنى گەۋدىلىنىدۇ. . . تىل خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ھەم كېلەچەك ئەۋلادىنى مۇستەھكەم بىر پۈتۈنلۈككە تارىخىيلىق ۋە جانلىقلىق جەھەتتە جىپسىلىققا ئايلاندۇرغۇچى ئەڭ ھاياتى كۈچكە ئىگە، ئەڭ باي، ئەڭ مۇستەھكەم ۋاستىدۇر» . توختى باقى پىشقان ئانا تىلى ئارقىلىق خەلقىمىزنى، مىللەتنى دۇنياغا تونۇتقانلىقى ھەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل مىللەت تىلى ئارقىلىق تولۇق ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن مەمنۇن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ يىل 78 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا تەرجىمە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئارتىشى» تەخەللۇسىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللارنى يېڭى - يېڭى پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋاملىق ھەر خىل كۇرس، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە ۋە خەلق توختى باقىغا ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، پېنسىيىگە چىققان توختى باقىغا ئاپتونوم رايون بويىچە «ياشانغان تۆھپىكارلار مۇكاپاتى» ، «پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» مۇكاپاتى قاتارلىق ھەر خىل شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە ناملارنى بەردى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللار ۋە تېلېۋىزىيە - رادىئو ئىستانسىلىرى، ئىچكىرىدىكى بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردا توختى باقى ھەققىدە نۇرغۇن ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. مەملىكەتلىك لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختى باقى ھەققىدە ماقالە يېزىپ، «ئەگەر لۇشۈننى تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقا مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلغان خادىملارغا ئوردېن بېرىشكە توغرا كەلسە، مەن ئالدى بىلەن توختى باقىغا ئاۋاز بېرىمەن» دېدى. بىراق توختى باقى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى، داۋاملىق يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتتى. . .



# چىڭغىز ئايتماتوف ۋە گورباچېفنىڭ ئۆزەكداش تەپەككۇرى ھەققىدە

ۋېي جيەنگو، ۋۇ شياۋچىڭ

يۇسۇپ ئىگەم تەرجىمىسى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى خۇددى كۈچلۈك بىر يەر تەۋرىگەندەك پۈتكۈل دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنى سىلكىپ دۇنياۋى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە مىللىي كۆرەشنى ئۇچقۇندىتىپ، 21 - ئەسىردىكى دۇنياۋى تەرەققىياتقا زور تەسىرنى كۆرسىتىش ئالدىدا تۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئىلىم ساھەسىدە تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات تېمىلىرىنى پەيدا قىلدى. 1993 - يىلى 8 - ئايدا يولداش ۋېي جيەنگو مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تەۋەسىدىكى قىرغىز مەملىكىتىنىڭ مەركىزى بىشكەكتە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشچىسى دوكتور سۇسانلو ۋە باشقا ئوقۇمۇشلۇقلار بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ «ئاگاھ بول سىياسەت - ‹قىيامەت› دىن ئايتماتوفنىڭ ئىجادىيەت نىشانىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگىچە سۆز بولغان① بۇ بىزنىڭ ئايتماتوف ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى توغرىسىدىكى ئۇشبۇ سىياسىي ھادىسىگە پىكىر يۈرگۈزۈپ مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولدى.

سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات تەڭ قوشكېزەك بوجەنلەردەك قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تارىخىنىڭ ھەر بىر باسقۇچلىرىدا تەڭ ياشاپ كەلمەكتە. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىگىشلەشكەن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ماھىيەتلىك تېما بولۇپ كەلمەكتە. غەربنىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرى سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىگە تۇجۇپىلىمەي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەھۋالىغا يۈزەكى باھا بېرىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن يىراقلاپ كېتىپ ئىچكى جەھەتتىكى تەتقىقات بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، سىياسىيون گورباچېف بىلەن ئەدىب ئايتماتوف بىرلا ۋاقىتتا ئورتاق تەپەككۇرلىرىنى دۇنياغا ئوچۇق ئاشكارىلاپ بىر سەپتە تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى. ئىككىيلەننىڭ ئۆزەكداش تەپەككۇرى سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ قان بىلەن سۆدەك زىچ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئەبەدىي قۇدرىتىنى يەنە بىر مەرتەم ئېنىق بايقاتتى.

## 1. ئايتماتوفنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇرى»

قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف 50 - يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن ھەپىلىشىپ 70 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئومۇمىي خەلق تولۇق تونۇغان داڭدار قەلەمكەشكە ئايلاندى. دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنى ئۆزىگە تېزلا قاراتتى. 80 - يىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇرى» ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىنى يېشىپ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» (1980) ۋە «قىيامەت» (1986) دەك

---

① «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىل 2 -، 3 - بىرىككەن سانى.

ئىككى رومانىي روياپقا چىقىرىپ، ئەدەبىيات سېپىدا زور غۇلغۇلا قوزغاپ دۇنيانى تەۋرىتىۋەتتى. بۇ ئىككى رومان يازغۇچىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى دۇنيا كۆز تىككەن قاشقىلىق قەلەمكەشكە ئايلاندۇردى.

«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» (بورانلىق بېكەت) ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىن يازغۇچىنىڭ بۇرۇنقى قول يەتكۈزگەن نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ زامانىمىز رېئاللىقى ھەققىدىكى يېڭى مۇھاكىمىسىنى ـ «ئالىمىي تەپەككۇر»دا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئۈچ قاتلام بويىچە قانات يايىدۇ. رېئال قاتلامدا پېشقەدەم ئىشچى ئېدىگەي باشلىغان مېيىتنى يەرلىككە قويغۇچىلار قەدىمكى قەبرىگاھنى نىشانلاپ سەپەر تارتقان كۆرۈنۈشلىرى ھەمدە ئېدىگەينىڭ يول ئۈستىدىكى ئەسلىمىلىرى بىلەن مۇھاكىمىلىرى سۈرەتلىنىدۇ. رىۋايەت قاتلىمىدا ۋەقە تېخىمۇ يىراقتا قالغان ئۆتكەن دەۋرلەرگىچە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇنىڭدا «ئانا مېيىت» ھەققىدىكى رىۋايەت مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. رىۋايەتتە قەدىمكى روۋەنلەرنىڭ رەھىمسىز جازاسى ئارقىلىق ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ماڭقۇرت قۇلغا ئايلانغان يىگىتنىڭ جان كۆيەر ئانىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن تراگېدىيىسى بايان قىلىنىدۇ. فانتازىيىلىك قاتلامدا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ مەملىكەتنىڭ «ئېكۋاتور» پىلانىنى تۈزۈپ ھەرقانداق جانلىقلارنىڭ يەر شارىغا يېقىنلىشىشىنى توسۇشى، تەرەققىي قىلغان پىلانېتا ئادەملىرى ـ «ئورمانتۆش پىلانېتا ئادەملىرى ئاق كۆڭۈل» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىنى تەسۋىرلەپ، ئالەم تراگېدىيىسىنى خىيال قىلىدۇ. شۇ ئۈچ قاتلام ئۆز ئالدىغا تەڭ داۋالغۇپ ئۆزئارا باغلىنىپ مەھكەم تۇرىدۇ. ئۇزاق، چەكسىز بوشلۇقتىكى باي مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى شەكىللەندۈرىدۇ. رىۋايەت قاتلىمى ياۋايى دەھشەتلىك قارا كۈچنىڭ ئادىمىي خاسىيەتنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. فانتازىيىلىك قاتلام رىۋايەت قاتلىمىدىكى تراگېدىيىنىڭ بارغانسېرى كەڭرى دائىرىدە تېخىمۇ ئېغىر مەنىدىكى تەكرارلىنىشى بولسا، «ئېكۋاتور» پىلانى خۇددى روۋەنلەرنىڭ قان پۇراپ تۇرغان جازاسىدەك ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك نىشانلىرىنى، باشقا پىلانېتىلار مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئەقلىي تەپەككۇرىنى رەھىمسىز رەۋىشتە تۇنجۇقتۇرىدۇ. رىۋايەت قاتلىمى ئاپتورنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى ئەندىشىسى بىلەن مۇھاكىمىسى ئىككەنلىكى تالاشسىز. ئايتماتوف ئىجادىيىتىنىڭ مەقسىتىمۇ رېئاللىق ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش. شۇنداق بولغاندىلا رومانىنىڭ نېگىزى رېئاللىق قاتلىمىدىكى ئېدىگەي بولغان بولىدۇ.

ئېدىگەي بولسا ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەمگەك ۋە 50 ـ يىللاردىكى ئۆزگىرىشچان سىياسەتنى ئۆزئارا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، باي دېھقان دەپ قالپاق كىيگۈزۈلگەن. قازانقاپ بىلەن تۆرەپەيىل مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قەستلىشىگە ئۇچرىغان ئەبۇ تالىپنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى قاتارلىق تراگېدىيىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئاشۇنداق قان ھىدى پۇراپ تۇرغان قىيىنچىلىق ئەھۋالدا ئۇ بارا ـ بارا پاكىز تەپەككۇرغا ۋە باي سېزىمگە ئىگە چىن ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئۇ يامانلىققا قارشى گۇناھسىز جازالانغانلارغا چىن نىيىتى بىلەن مېھرىبانلىق قىلىدىغان ئادەم. ئۇ ئۆتكەن ئۆمرىنى، قەدىمكى رىۋايەتلەرنى قەدىرلەيدۇ. ئىنسانىي خاسىيەتنى، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىدۇ. بىراق ئېدىگەينىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىغا كېپىللىك قىلىش، ئىنسانىي خاسىيەتنى قوغداش ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى مامكاپىتەك قۇرۇتۇشىنى توسۇش يولىدىكى پارلاق ئىزگۇ تىلەك، ھەرىكەتلىرى بىكارغا كېتىپ ئاخىر تراگېدىيىلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىدۇ. رومان ئېدىگەينى مەركەز قىلىپ رىۋايەتتىكى ئادەملەر بىلەن خىيالدىكى ئادەملەرنى ۋە رېئال ھايات ئادەملەرنىڭ ئەقىل ئويىنىڭ تەتۈر بۇرمىلىنىپ، سېزىم، مېھرىبانلىققا دۇچ كېلىشىدىن ئىبارەت تراگېدىيىنى ئايلاندۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ مىكرو جەھەتتىن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىلىنىش بىلەن يېڭىلماسلىقنى ئادىمىي ئويى بىلەن مېھرىبانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ زامان ئادەملىرى بۇرۇنقى يەر شارى خاراكتېرلىك تونۇمنى يېڭىلىشى، تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك، يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەپەككۇر

فورمىسى ئارقىلىق ئىنسانىي مەنە بىلەن بۇرچنى چۈشىنىپ يېتىشنى؛ «ئالىمىي تەپەككۇر»نى ئورنىتىپ بارچە ئىنسانىيەتكە بەخت - تەلەي يارىتىشى كېرەك دېگەن ناھايىتى ماھىيەتلىك تېمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «ئالىمىي تەپەككۇر»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسىنى ئىزاھلاپ كەلگەندە، ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ھەققىدە ئايتماتوف ئوچۇق قىلىپ: «ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى - ئالىمىي تەپەككۇرى بار ئادەم يېتىشتۈرۈش، ئۇ ئالىمىي تەپەككۇرنىڭ ئەھمىيىتى ھەر بىر ئىنساننى باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە، ئادەملەر تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئادەملەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئارمان قىلىدىغان قىلىش» دەپ كۆرسەتكەن. ئايتماتوف يەنە «ھازىرقى دۇنيا ئۆزئارا ئىشەنچسىزلىك، ئۆزئارا گۇمان ۋە قارشىلىشىش قاينىمىدا تۇرىدۇ. بايلىق مەنبەسى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتى ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە بىر - بىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدىغان ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. ئادەملەرنىڭ خاتالىششىدىكى يېڭى تراگېدىيىلەرنى تۇغدۇراي دەپ تۇرغاندا ئادەملەرنى دەررۇ ئويغىتىشقا ئۈندەپ، يېڭى تراگېدىيىنىڭ تۇغۇلۇشىنى تىزگىنلەش بولسا شۇ دەۋردىكى ئەڭ تېز ھەل قىلىشقا كېرەكلىك مەسىلە. ھەر بىر ئادەم بۇرۇنقى تەپەككۇر فورمىسىنى ئۆزگەرتىپ، مىللەتتىن، سىنىپتىن، مەملىكەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ ھەممە ئىنسانىي يۈكسەكلىكتىن ئالىمىي مەسىلىلەرنى قايتا ئويلىغاندا، ھەر بىر ئادەم باشقىلارغا دېمەيمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ بارلىق ئىشقا، ئادەمگە ئىسسىق ئىخلاس بىلەن قارىغاندىلا تراگېدىيىگە تويۇپ كېكىرىپ تۇرغان دۇنيانى قۇتقۇزۇشقا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ①.

«ئالىمىي تەپەككۇر» بولسا «قىيامەت»تە تېخىمۇ تېرەن يىلتىز تارتقان. روماندىكى ئىككى قېرى بۆرە، بىر چوڭ ئادەم ۋە بىر بالىسىنىڭ قۇربان بولۇشى بايان قىلىنىدۇ. بىر جۈپ كۆك يايلىلىق بۆرە ئاقبارا بىلەن تاشچاينارنىڭ ئادەم قولىغا چۈشكەن بۆلتۈرۈكلىرىنى (بۆرە كۈچۈكلىرى) قۇتقۇزۇش يولىدا ئوققا تۇتۇلۇشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بىلەن ھايۋانلار ھاياتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئىپادىلەپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ تەپمۇ تەڭلىكى قاتارلىق ماھىيەتلىك ھاياتلىق ئىلمى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەپسى بالا بازارباي بۆلتۈرۈكنى قارماپ ئالغاندىن كېيىن، ھايۋانات باغچىسىغا سېتىش كويىدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۆرىلەر ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. مەرگەن بوستان، بۆرە ئېلىپ قاچقان پەرزەنتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۆرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بىراق ئىچكۈيەر پەرزەنتىمۇ بۆرە بىلەن ئوخشاش ئوققا تۇتۇلىدۇ. قايغۇ - ھەسرەتكە بىلىنگەچە پاتقان بوستان ئاۋۋال بالا - قازانىڭ بېشى بازارباينى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۆز گۇناھىنى مەلۇم قىلىدۇ. بوستان بىلەن بازارباي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - ئادەملەر ئارىسىدىكى تەپرىقىچىلىقنى كۆرسىتىپ بېرىپ «كوھىقاپتەك ئاچكۆزلۈك ئاپەت تۇغدۇرىدۇ» دېگەن ئەزەلىي تېمىنى كۆتۈرۈپ چىقىرىدۇ. روماننىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى ئاۋدىي بورۇن دىنىي ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ «ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ خۇدا ئۇقۇمىنىڭ كاتېگورىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ» دېگەننى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كالتەك بىلەن راسا دۇمبالىنىپ نىمجان بولۇپ قالىدۇ. كېيىنچە يوشۇرۇنۇپ ئۇۋچىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ دەھشەتلىك قىرغىننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، گۇناھسىز ھايۋانلارنى بەرىكەتسىز قىرىشنى توختىتىش تەلىپىنى قويغانلىقى ئۈچۈن، باغرى تاش كىشىلەر ئۇنى كرېست شەكلىدىكى دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاۋدىي بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ساتىدىغانلار ۋە يوشۇرۇن زەھەر چەككۈچىلەر گورۇھى ئارىسىدىكى زىددىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز جىسمىدىكى ھالال بىلەن ھارام قارىمۇقارشىلىقىنى بايان قىلىپ زەھەر چېكىش، جىنايەت سادىر قىلىش، زورلۇق - زومبۇلۇق قاتارلىق ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ شىپاھ تاپماس دەردلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. «قىيامەت»نىڭ كۆپ قاتلاملىق ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلىرىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ توختالساق ئۇندا ئۆزگىچە ئىدىيىۋى ئۆلچەم كەڭلىكىدىكى تۈگۈن بارلىقىنى روماننىڭ ئىچكى مەنىسىنىڭ شۇ تۈگۈننى دولقۇنلىتىپ تۇرغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ تۈگۈن روماننىڭ بۈگۈنكى دۇنيا تراگېدىيىلىكىگە

① «ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى» (2 - بۆلۈم) خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى.

ئىگە، «ئىنسانىيەت خەۋپكە روبىرو كېلىپ قالدى» دېگەن مەركىزىي ئىدىيىنى ئېنىق ئىپادىلەپ، ئاپتورنىڭ خاۋاتىرلىنىش بىلەن مېھرىبانلىق ئارقىلىق ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ ئىنسانىيەتنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا جار سالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئايماتوف «قىيامەت» ناملىق تراگېدىيىلىك تۈس ئالغان كىتاب نامىنى رومانىنىڭ مەزمۇنىدىن كەلگەننى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قىيامەتنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئاقفۇزىدىغان دار ياكى جادۇلا ئەمەسلىكىنى، ئادەم ھايات سەپىرىدە قاچانلا بولمىسۇن دارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقى» نى كۆرسىتىپ، ئادەم يورۇق دۇنيادا كۆزى ئېچىلغاندىن باشلاپ كۇنسايىن ئۆلۈمگە يېقىنلاپ بارىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۆزى خۇددى ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تراگېدىيە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن سىرت ئادەم، ھايۋانلار بىلەن تەبىئەت دۇنياسىغا خەۋپ كەلتۈرۈپ، جىنايەت تۇغدۇرۇپ ئۆز تىرىكچىلىكىگە خېيىم - خەتەر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. رومانىدىكى ئاۋدىي بولسا رېئال ھايات ئادەملەردە بولىدىغان خاسىيەت كەمچىل روھىي ئادەم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى شۇ زاماندىكى ئادەملەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنىڭ روھىي خەير - ئېھسان ئېھتىياجىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكىنىنى يوشۇرۇن سىمۋول قىلىپ كۆرسىتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوقۇمۇشى كوزمىيىن: ئاۋدىي ئوبرازى ئاپتورنىڭ «ئۇلۇغ مۇراد، ئېتىقادلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى، نومۇسسىزلىق بىلەن نەپسى يامانلىق، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ چىرىكلىششى كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان ھاراقكەشلىك، زەھەر چېكىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردىن چۆچۈشنى، ئىنسانىيەت بىلەن ئۇنى باغلاپ تۇرغان مۇھىم ئۇچۇن ئەنسىرىشىنى، يادرو تەھدىتى بىلەن چۇمكەلگەن دۇنيانىڭ كېلەچىكىنىڭ خەۋپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دەپ قارىدى. ئايتماتوف «ئاگاھ بول ئىنسانىيەت» دەپ جار سېلىش بىلەن بىرگە ئادەملەرنىڭ بارلىقى ئاۋدىي كەبى مېھرىلىك بولسا ھەممە ئىززگۈلۈك يولىدا قۇربان بېرەلەيدىغان بولسا ئىنسانىيەت قۇتۇلدۇرۇلۇپ، تىنچلىق بىلەن ئىتتىپاقلىق مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەل شۇنىڭدىن «قىيامەت» نىڭ ئەستەرلىك مەركىزىي ئىدىيىسى «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دىكى نېگىزلىك ئىدىيىنى قايتىلاش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەمئىيەتنىڭ «ئۆزىنى ئۆزى ئوڭلاپ تازىلىشى» قاتارلىق كۆزقاراش چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەيسا ئوبرازى يارىتىلىپ «مېھرىبانلىق» ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشتىكى «چېنىقىش يولى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. دېمەك، «قىيامەت» رومانى «ئالىمىي تەپەككۇر» نى تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان.

2. گورباچېفنىڭ «يېڭى تەپەككۇرى»

1985 - يىلى گورباچېف سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولۇپ سايلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ دۇنيانى لەرزىگە سالىدىغان «يېڭى تەپەككۇر» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خەلقنىڭ ستالىن ۋە بېرژنېفلەرگە قارشى نارازىلىقىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتنى ئوڭلاشنى ئۈمىد قىلىدىغان چاڭقاق تىلىكىدىن پايدىلىنىپ، دادىللىق بىلەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، سىياسىي جەھەتتىن «ئاشكارىچانلىق»، «دېموكراتىيىلەشتۇرۇش» نى تەشۋىق قىلىپ ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئۆز ئوبى بويىچە ھەربىي خىراجەتنى ئازايتتى، ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىپ ئەسكەرلەرنى ئىخچاملىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۈزۈلمە بىلەن باشقۇرۇش فورمىسىغا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنى كۈچلەندۈردى. شۇنداق قىلىپ گورباچېف «يېڭى تەپەككۇر» نېگىزى ئاساسىدا قوزغىغان ئىسلاھات بورىنى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنى چالقىتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئومۇمىي خەلق گورباچېفنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئويىنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنىنى كۆردى ھەمدە ئىسلاھاتنىڭ دەررۇ ئۈنۈم قازىنىشىنى تىلىدى. گورباچېف شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئۇچقاندەك ئۆسۈۋاتقان يۈز - ئابرويىغا تايىنىپ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر توپىدىكى ئۆزگە كۆزقاراشلارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئارمىيىنى تىزگىنلىدى. شۇنداقلا ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پارتىيە - ھۆكۈمەت ھۆكۈمرانلىقىنى، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى ئۆزى شەخسەن باشقۇردى. چەت ئەللەرگە نىسبەتەن ئۇ «يېڭى تەپەككۇر» نى چىقىش يولى قىلىپ، ئەسكەر چېكىندۈرۈش، ئوفېتسېرلارنى

ئىنچاملاش، يادرولۇق ئۇق بېشىنى يوق قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە ئاكتىپچانلىقنى، ئىنتىپاقلىقنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىپ قارىمۇقارشىلىقنى ئازايتتى. «ياۋروپا سارىيى» سېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. گورباچېۋ قارشى تەرەپتىن ھۇجۇمغا چىقىپ چەت مەملىكەتلەرنى قېدىرىپ يۈرۈپ 80 - يىللاردىكى نامى دۇنياغا تارالغان سىياسىي چولپانغا ئايلاندى.

«يېڭى تەپەككۇر» كىشىلەرنىڭ دۇنياغا بولغان مۇراد - مەقسەتلىرىدىن قېلىپلاشقان تەپەككۇر فورمىسى ۋە كۆزقارىشىغا قارشى ھالدا بازارغا سېلىنغان گورباچېۋنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى بىلەن سىرتقى مۇناسىۋىتى ناھايىتى كەڭرى. «يېڭى تەپەككۇر» دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتقا قاراپ يۈز تۇتۇشى، شەرق بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا مەملىكەت، مىللەت، سىنىپ، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى، «يېڭى تەپەككۇر» دېگىنىمىز بۇرۇندىن مەۋجۇت، ئادەتكە ئايلانغان كۆزقاراشقا ئوخشىمايدىغان كۆزقاراش بىلەن دۇنياغا يېڭىچە تاللاش يولى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، باھا بېرىپ تون پىچىشتۇر. «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ يادروسى - «بارلىقى - ئادەم ئۈچۈن» ، «ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى سىنىپىيلىكتىن يۇقىرى تۇرىدۇ» دېگەننى روشەن تەشۋىق قىلىش ۋە دېموكراتىيىنى، ئەركىنلىكنى، ئادەمگەرچىلىكنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت.

گورباچېۋ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى شەرق بىلەن غەربنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋەزىيىتى ۋە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم لاگېرىنىڭ قارىمۇقارشىلىق ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش كېرەكلىكىنى، دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەت ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر شارىنى بىرىنەچچە قېتىم كۆيدۇرۇپ كۈل قىلغۇدەك يادرولۇق قورال - ياراغلارنى بىر - بىرىگە قىر كۆرسىتىشكە سەرپ قىلىپ، بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئورتاق ئۈمۈر سۈرۈشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى مېھىر - مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. بىراق گورباچېۋ سەۋەبنى كاپىتالىزم لاگېرى تەرەپتىن ئىزدەشتۇرمەستىن، ھېچ بولمىسا ئىسلاھاتنىڭ ماسلاشقان چارىلىرىنى شەرق بىلەن غەرب تەرەپدارلىرىدىن بىردەك ئىزدىمەي، قايتا - قايتىدىن بىرلا تەرەپتىن ئىزدەشتۇرۇپ سوتسىيالىزم لاگېرىغا قول سېلىپ ئاكتىپلىق بىلەن پارچىلاش ئوپېراتسىيىسى قىلدى. ئەڭ ئالدى بىلەن گورباچېۋ سوتسىيالىزمغا يېڭى ئۇقۇم بېرىپ سوتسىيالىزمنىڭ مەركىزىي مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا «بارلىقى - ئادەم ئۈچۈن» ، ئۇنىڭ «ماھىيىتى دېموكراتىيە بىلەن ئادەمگەرچىلىك» دەپ سوتسىيالىزمنىڭ ھەر تۈرلۈك فورمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويىدۇ. غەربنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش تىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان سوتسىيال دېموكراتىزم يولغا قويۇلدى. باشلامچىلىق بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدە «دېموكراتىيىلەشتۇرۇش» نى «ئەركىنلەشتۇرۇش» نى يولغا قويۇپ سىياسەتنىڭ «ئاشكارىچانلىقى» نى يۇقىرىلىتىپ، سىياسىي ئىسلاھات ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتتى ھەمدە ۋارشاۋا شەرتنامىسىگە قاتناشقان دۆلەتلەرنى بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. گورباچېۋ ئىتتىپاق - ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىشىغا ۋە ئۇنىڭ پولشا كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشىغا يول قويىدى. ۋېنگىرىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئۆز نامىنى ئۆزگەرتىشكە كەڭچىلىك قىلدى. رومىنىيىدىكى قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەردى. شەرقىي گېرمانىيە، بولغارىيە، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ غەربلىشىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. شەرقىي ياۋروپادىكى بىرقانچە مەملىكەتلەر پۈتۈنلەي دومىنو قارتا ئويۇنىدەك غەربنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىش سوۋېت ئىتتىپاقىدا قايتىدىن ئۆز سىماسىنى كۆرسەتتى.

گورباچېۋ سىياسىي كۆزقارىشى ئوخشىمايدىغانلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى. بالتىق دېڭىزى ساھىلىدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ راۋاجىغا ھەمدە ئاساسىي قانۇندىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ باشچىلىق ئورنىنى تۇراقلاشتۇرىدىغان تارماق تۈرلەرنى چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغۇچىلارغا يول قويىدى.

گورباچېۋ كۆپ قۇتۇپلۇق سىياسىي كۆپ پارتىيىنىڭ باراۋەر رىقابەتلىشىشىنى يولغا قويۇشقا، مەملىكەت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن فرانسىيە ئۈلگىسىدىكى زۇڭتۇڭ تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا يول كۆرسەتتى. «يېڭى تەپەككۇر» -

www.uyghurkitap.com

گورباچېفنىڭ سىياسىي خىتابنامىسى ھەمدە ئۇنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىدىكى نېگىزى بولۇپ، بۇ «يېڭى تەپەككۇر» بىلەن دۇنيا ئۆزگەرتىلدى.

**3. ئۆزەكداش تەپەككۇر - ئىككى چولپاننى باغلاشتۇرىدىغان دانىش**

گورباچېف بىلەن ئايتماتوف - بۇلارنىڭ بىرى، دۇنيا ۋەزىيىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان سىياسىي چولپان؛ يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۆنىلىشكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، دۇنيا ئەدەبىياتىدا «ئايتماتوف ھادىسىسى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەدەبىي چولپان. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بىۋاستە، تەبىئىي مۇناسىۋەت يوقتەك قىلىدۇ. بىراق دىققەتنى قوزغايدىغىنى دەل سوۋېت ئىتتىپاقىدا «قىيامەت» توغرۇلۇق تالاش - تارتىشلار چىڭىشلىشىپ تۇرغان تىنجىق سىياسىي ۋەزىيەتتە، مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولۇپ ئولتۇرغان گورباچېف بۇرنىغا ساپ ھاۋا يېتىشمەي تۇرسىمۇ، رومان ھەققىدە بولۇۋاتقان دەتالاشتا مەخسۇس ئايتماتوفنى قوللاش بىلىتى تاشلىدى. «قىيامەت» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 6 -، 8 -، 9 - سانلىرىدا ئۇزلۇكسىز ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەنقىدات ساھەسىدە كەسكىن غەۋغا بەس - مۇنازىرە قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئەدەبىيات مەسىلىلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ھەر ساھەدىكى نوپۇزلۇقلارغا ئاتايتەن ئىلتىماس قىلىپ ئەنجۈمەن ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ پىكىر، كۆزقاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلەپ «ئەدەبىيات مەسىلىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەنقىداتچىسى ۋىرونوف: روماندىكى باش پېرسوناژ ئاۋدىي بولسا خۇدا ئىزدىگۈچى، «ئۇ چەكسىز ئالەمنىڭ ئۆز مەۋقەسىنى تېپىپ، ئۇنى تەڭرىنىڭ ئار - نومۇسىغا تەڭ قويماقچى» دەپ قارىدى. رومنىياز: ئاۋدىي - «خىيالىي پېرسوناژ»، ئۇ «خۇدا كاتېگورىيىسىدىكى خۇدا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان دېگەن ئۆزگە خاس ئىدىيىسىگە ئىگە ئادەم» دەپ ھېسابلايدۇ. ئاناستاشىيوف: «ئاۋدىي ئەمەلىي ھەرىكىتى بار ئۇگۈتچى، ئۇ دۇئا - تىلاۋەت بىلەنلا تىنىم بولماي، بەلگىلىك نەتىجە يارىتىشنى ئويلايدۇ. ئۇ رېئال تۇرمۇشتىكى جاھىللىققا قارشى ئاقىل، ئەخلاقىي ۋە ئىزگۈ ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئاخىر تراگېدىيىلىك تەقدىرگە دۇچار بولدى» دەيدۇ. كۆپ ساندىكى زىيالىيلار روماندىكى باش پېرسوناژنى يوقىا چىقىرىش بىلەن بىرگە رومانىنىڭ ئۆزگىمۇ گۇمانىي نەزەر بىلەن قارايدۇ. «قىيامەت» ئاپتورىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، كۆپ ئابستراكتلىققا ئىگە. ۋەقەلىك قاتلىمى، پېرسوناژ ئوبرازى غۇۋا، قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئەقلىيلەر خېلى كۆپ. ئۇسكوۋسكى رومانىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇناسىۋەتسىز، ۋەقەلىكى ئۇلاشمىغان دەپ قارىسا؛ ۋىرنوف: «رومان قۇرۇلمىسىدا بىر ئېنىق خاتالىق بار. ئاپتور مۇرەككەپ ئىزاھلار ئارقىلىق 3 - ياكى 4 - بۆلۈملەرنى ئۆزئارا باغلاشتۇرغان» دەيدۇ. بۇ تۈگۈن بەزەن ئوقۇمۇشلۇقلار «قىيامەت» ئەدەبىي ئەسەرمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەن تېمىلارغىچە دەتالاش قىلىشىپ، ئۇنى «ئار - نومۇس ئۆلچىمى» بىلەن باھالاش كېرەكمۇ ياكى «پەلسەپىۋى ئۆلچەم» بىلەن باھالاش كېرەكمۇ دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، «قىيامەت» رومانى ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئىنكار قىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇرغان ۋاقىتتا گورباچېف ئەڭ ئالىي باشچى قاتارى ئايتماتوف ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان قوللاش بېلىتى تاشلاپ «قىيامەت» پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋقەسىدە نامدار كىتاب بولۇپ قالدى.

مەملىكەت داھىيسىنىڭ بىر ئەدەبىي ئەسەر قوزغىغان تالاشقا ئارىلىشىشىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى. گورباچېفنىڭ «قىيامەت» رومانىنى قوللىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، رومانىنىڭ «يېڭى تەپەككۇرى»نى ئەكس ئەتتۈرۈش بولدى. ئىككى چولپاننى باغلاشتۇرغان دانىش - «ئالىمىي تەپەككۇر» بىلەن «يېڭى تەپەككۇر»نىڭ مەنىسىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىدە، بۇ ئىككى چولپاننىڭ ئوخشىمىغان ساھەدە تۇرسىمۇ ئورتاق نېگىزدىكى ئۆزەكداش تەپەككۇرغا ئىگە ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

«يېڭى تەپەككۇر» بىلەن «ئالىمىي تەپەككۇر»نىڭ پەرقى پەقەتلا بۇ ئىككى نەرسىنىڭ نامى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈش فورمىسىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىدە. يۇقىرىقى تەھلىلدىن ئىككى ئىدىيىنىڭ تۈپكى مەنىسى ئوخشاش

ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەملەشكە ھەمدە بۇ ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

(1) ئادەملەر ئەزەلدىن قىلىپلاشتۇرغان دۇنيا ھەققىدىكى ئوي - پىكىرگە قارشى تۇرۇش؛ (2) مەملىكەت، مىللەت، سىنىپ، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتىن يۇقىرى تۇرۇپ ھەممە ئالەمنى كەڭلىكتىن دۇنياغا يېڭى باشتىن باھا بېرىش؛ (3) دۇنيا خەۋپ بىلەن دوقۇرۇشۇپ تۇرماقتا. «دۇنيانىڭ ئاخىر زامانى» يېقىنلاپ كەلمەكتە دەپ قاراش؛ (4) «دېموكراتىيە» ۋە «ئەركىنلىك» تۇزۇمىنى تەرغىپ قىلىش. «مېھرىبانلىق» نى كىشىلەر قەلبىگە ئورنىتىش ئۆگۈت بىلەن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش. «يېڭى تەپەككۇر» بىلەن «ئالەمنى تەپەككۇر» نىڭ ئورتاقلىقى گورباچېفنىڭ «قىيامەت» رومانىغا قوللاش بىلىتى تاشلاشقا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغاندىن كېيىن ئايتماتوفنى دەررۇ 12 ئادەمدىن قۇرۇلغان زۇڭتۇڭ كومىتېتىدا خىزمەتكە تەيىنلەشكە سەۋەب بولدى. كېيىنچە ھەتتا ئايتماتوفقا چەت ئەلدە تۇرغۇچى ئەلچى بولۇش ھوقۇقىنى بەردى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنى بارچە ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەر بىز دەپ ئاق نىيەت بىلەن قارىغان بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابچىلىرى «مېھرىبانلىق»، «تەڭلىك»، «دېموكراتىيە»، «ئەركىنلىك» شوئارىنى ياڭرىتىپ غايىسىدىكىدەك مەملىكەت قۇرۇشنى پىلانلىغانىدى. ئۇنىڭدىن بېرى 300 يىل ۋاقىت ئۆتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى پەقەت ۋە پەقەت قەغەز يۈزىدىكى سۆزگە ئايلىنىپ قالدى، خالاس. ئۇلارنىڭ روھىي داھىيسى خروستوس ئەيسانىڭ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئازاب تارتقىنىغا 2 مىڭ يىلدىن ئاشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىق روھى ئادەملەرنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھازىرغىچە قوزغىيالمىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككى ئەيسا دۇنياغا كېلىپ ئەسكى مۇقامنى يوقاتتى. ئۇلار رېئال شارائىتنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىگە يېتەلەمدۇ يوق؟! رېئاللىق «يېڭى تەپەككۇر» بىلەن «ئالەمنى تەپەككۇر» نىڭ ئىجتىمائىي نەتىجىسىگە ئاللىقاچان تەنقىدىي نەزەرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ بولدى.

**4. ئۆزەكداش تەپەككۇر ئاتا قىلغان ئىجتىمائىي نەتىجە**

ئەدىب بىلەن سىياسئوننىڭ پەرقى - سىياسىيون ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش پروگراممىسىنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ، ھوقۇق ئارقىلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رېئال نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەدىب بولسا ئەدەبىي ئەسەردىن پايدىلىنىپ بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى يۈزلىنىشىنى مۇرەككەپ ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولغاچ ئەمەلىي تەسىرى يوشۇرۇن بولىدۇ. «يېڭى تەپەككۇر» بىلەن «ئالەمنى تەپەككۇر» ئورتاق نېگىزگە ئىگە بولغىنى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي نەتىجە زور پەرققە ئىگە.

ئايتماتوفنىڭ «قىيامەت» رومانى «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دە ئىپادىلەنگەن «ئالەمنى تەپەككۇر» نى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ گورباچېفنىڭ قوللىشى بىلەن ئاپتور ھازىرقى زاماندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش پەيدا قىلغۇچىلار-نىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى. بىراق ئۇنىڭ ئىجادىيىتى قېلىپبازلىق بىلەن «تېماتىكا» نىڭ چۈشكىگە چىرمالغان. يولداش ۋېي جيەنگو «ئاگاھ بول، ئىنسانىيەت - ‹قىيامەت› تىن ئايتماتوفنىڭ ئىجادىيەت نىشانىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە روماندىكى ئۆزەكداش نېگىزلىك تەپەككۇرنى، ئوچۇق - ئاشكارا ئالەمنى تەپەككۇرنى، تېرەن تراگېدىيىلىك تۈسنى، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئابستراكتلىقنى، ئاپتورنىڭ مىللەتتىن، سىنىپتىن، دىندىن، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن ۋىدالاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن سىرت، ئايتماتوفنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىغا تاللاش مۇئامىلىسىدە بولغانلىقىنى، ئىجادىيەت مەزمۇنىدىن تارتىپ ئىپادىلەش شەكلىگىچە بىر تۇرلۇك قېلىپلاشقان ئىجادىيەت تېماتىكىسىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىز ئايتماتوف ئىجادىيىتى، ئىجادىيەت تېماتىكىسى تىزگىنلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇنىڭدا قېلىپلاشتۇرۇش يۆنىلىشىنىڭ يورۇقغا چىققانلىقىنى، ئەگەر ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق ھىيلە - مىكىرسىز ئۇزۇن چىرماقلاردىن قۇتۇلمىسا ئۆزىنىڭ تالانتلىق ئەدىب بولۇش كېلەچىكىدىن ئادىشىپ قالىدۇ دەپ قارايمىز. ئىش يۈزىدىكى ئەمەلىيەتمۇ ئاخىر

شۇنداق بولدى. زوُگتوڭ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت ئەلدە تۇرغۇچى ئەلچىسى بولۇشتەك سىياسىي خىزمەت ئايتماتوفنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. قىرغىزستانلىق بەزەن ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ بىزنىڭ ئۆي - پىكرىمىزنى قوللىماسلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك مىللىي ئويغىنىش ئېڭىنى چىقىش يولى قىلىپ ئايتماتوفنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىرغىز يازغۇچىسى ھەمدە ئەينى چاغلاردىكى مىللىي مۇستەقىللىق تەشەببۇسكارلىرىنىڭ ئاتامانى دەپ قارىغانلىقىدۇر. چۈنكى «ئالىمىي تەپەككۇر» بىلەن «يېڭى تەپەككۇر» قاتارلىقلار «سەۋەب» بولغانلىقتىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە قىرغىزستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىدەك «نەتىجە» لەر رويايقا چىقتى. ئۇلار كۆپىنچە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پرىنسىپى بويىچە ئەمەس، تەتۈرىسىچە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىگە ئېگىزلىنىپ ئايتماتوف ئىجادىيىتىگە باھا بېرىشىدۇ. ئايتماتوفنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇرى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تەسىر گورباچېفنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھاتى» نى تېزلىتىپ، شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ۋە ئەللەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆز قولىغا ئېلىشىنى ئىلگىرىلىتىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىناۋىتىنى ئۆستۈرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ بىر مەزگىل ئىجادىيەتنى توختىتىپ تۇرۇشقا سەۋەب بولدى.

گورباچېف سىياسىي كاتىۋاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى. شۇڭا «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇر» پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي تەسىردىن ئېشىپ چۈشۈشى شەك - شۈبھىسىز. «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) لېنىن ئۆز قولى بىلەن قۇرغان تۇنجى سوتسىيالىستىك مەملىكەتنى يوقىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى 15 دۆلەتكە بۆلدى. ئىككى قۇتۇپ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مىجەزلەشكەن ھالىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋەزىيىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتتى؛ (2) سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. گورباچېف «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر كاپىتالىزمغا ئۆزگەردى. بۇ مەملىكەتلەردىكى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز كۈچىدىن قالدى ياكى ھاكىمىيەت سىرتىدىكى ئاز سانلىق پارتىيىگە ئايلىنىپ قالدى ۋە ياكى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ سوتسىيال - دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەملىكەتلەردە سىياسىي گۇرۇھلار ساماندەك چېچىلىپ ۋەزىيەت دولقۇنىدىكى قېيىقتەك لەيپەڭشىپ تۇردى. ئامانلىق ساقلاش تەرتىپى بۇزۇلۇپ جىنايەت سادىر قىلىش كۆرسەتكۈچى دەررۇ كۆتۈرۈلدى. ئوزۇق - تۈلۈك، بۇيۇم باھاسى ئۆچقاندەك ئۆسۈپ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز تۆۋەنلىدى. مەملىكەت ئەربابلىرى ھەر تەرەپتىن ياردەم سوراپ، غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئالىقان سوزدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى قېلىپلاشقان سوتسىيالىزم لاگېرى ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولۇپ كاپىتالىزم مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن سىياسىئونلىرىنىڭ كۆپ يىلدىن بېرى زارىققان سوتسىيالىزمنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش تىلىكىنى گورباچېف ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى؛ (3) نەچچىلىگەن قان تۆكۈش ۋەقەلىرى بىلەن ئايرىم ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. رومىنىيە كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى چىئوسىسكو رەپىقىسى بىلەن بىللە ئېتىلغاندىن باشلاپ خاراكتېرى ئۆزگەرگەن سابىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە كوممۇنىستلارغا قەست قىلىشتەك قانلىق ۋەقەلەر تۇغۇلدى. مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تېررورىستورىيە تالىشىش مەقسەت قىلىنغان كىچىك دائىرىلىك ئۇرۇشلار ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھازىرغىچە ئۇرۇش ئوتى ئۆچۈش تۈگۈل بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى؛ (4) سىياسىي تۈزۈمدىكى كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئارقىغا سۈردى. سابىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىقتىسادىي ساھەسىدە قوللانغان «كاپىتالىزمنىڭ ھالسىرىتىپ دورا بېرىش چارىسى» خالايىقنى گادايلىقنىڭ زىندانىغا تۇرتتى.

«يېڭى تەپەككۇر» نى يولغا قويۇشنىڭ ئېغىر زەردابى گورباچېفنىڭ ئالدىنئالا ئويلىغىنىنىڭ تەتۈرى بولۇپ چىقتى. گورباچېف دۇنيانى «يارىشقاقا ئىگە» قىلالمىدى. ئۇ تەلپۈنگەن «دېموكراتىيە» ، «ئەركىنلىك» ، «مېھرىبانلىق» ھېچقانداق يەردە ئەمەلگە ئاشمىدى. ئارمانغا

قارشى قانغا تولغان تەپرىقىچىلىق بىلەن جەڭگى - جېدەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «يېڭى تەپەككۇر» گورباچېفنى دۇنيادا داڭق پۇر كەتكەن سىياسىي كۆچتۆڭگۈرگە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي ئۆمرىنى ئۆچۈردى.

**5. مۇھاكىمىدىن كېيىنكى خۇلاسە ۋە ئۇنىڭدىن ئالىدىغان تەجرىبە - ساۋاقلار**

«يېڭى تەپەككۇر» بىلەن «ئالىمىي تەپەككۇر» گورباچېف بىلەن ئايتماتوفنىڭ يەككە تاپقۇرلۇقى بولماستىن، 18 - ئەسىردىكى بۇرژۇئازىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى قايتا يېلىنجىشى ئىدى. 300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت يەككە ئىگىلىك تۈزۈمىنى يىلتىزىدىن يوقىتىدىغان كوممۇنىزم دۇنياسىنىڭ يورۇققا چىقىشتىن بۇرۇن بۇرژۇئازىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ مۇرادى پەقەتلا بىر خىل كۆركەم، لېكىن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان قۇرۇق خىياللا بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ۋىدالاشقان ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ تۆرەلمىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەنىدى.

1961 - يىلى 10 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 22 - قۇرۇلتىيىدا «بارلىقى ئادەملەر ئۈچۈن، ئادەملەر بەختى ئۈچۈن»، «تىنچلىق»، «ئەمگەك»، «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «مېھرىبانلىق ۋە بەخت»، «ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن دوست، يولداش ۋە تۇغقان» دېگەندەك شوئارلار توۋلاندى. شۇ شوئارلارنىڭ تۈرتكىسىدە گۇمانىزم سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ نېگىزلىك نىشانىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەدەبىياتنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئىنكار قىلىش، ئىجادىيەتنىڭ شەخسىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش، غەرب مەدەنىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىش خاھىشى پەيدا بولدى. بىرژنېف دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «ئىككى چېكىگە يېتىشكە قارشى تۇرۇش» نى، يەنى ئۆتكۈرانە بەدئىيلەشتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈرانە قايمۇقتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يازغۇچىلارنىڭ شۇ دەۋردىكى رېئال مەسىلىلەر بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر ئاغدۇرۇش تەلەپ قىلىندى. بىراق ئەدەبىيات ساھەسى ئابستراكت ئادەمگەرچىلىك بىلەن مېھرىبانلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان خاھىش بارغانسېرى كۈچىيىپ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرىدىغان ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارىتا قەستەن پىكىردە بولىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولدى. 70 - يىللاردا ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قاتارلىق ماھىيەتلىك ھەم ئابستراكت مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن «ئالىمىي تەپەككۇر» نى دەسلەپكى قەدەمدە ھەقىقىي بايقاتقۇزدى. ئۇنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇرى» بىر ئوچۇم سىياسىي ۋە ئەدەبىي ساھە غەيرەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقتىن، ئۇ ئەڭ ئالىي سوۋېتنىڭ ۋەكىلى، قىرغىزىستان رېسپۇبلىكىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى كاتىبات باشقارمىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ سايلاندى. 1978 - يىلى ئۇ 50 ياشقا تولغان چاغدا «سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى» نامىغا مۇيەسسەر بولدى. گورباچېف تەختكە چىققاندىن كېيىن ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىن «يېڭى تەپەككۇر» نىڭ بىخىنى بايقىدى. ئەدىبنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقتىن قول ئۈزگەن سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق «مۇراد» نى سىياسىيون «ئەمەلگە ئاشۇرۇپ» چىنلىققا ئايلاندۇردى. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەدەبىيات بىلەن سىياسىي تەڭلا ئىقتىسادىي بازىسنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاندىن باشقا يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي بازىسقا بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي بىر بۆلۈمى سانىلىدىغان سىياسەت بولسا ئەدەبىياتنى تىزگىنلەيدۇ ۋە ئاڭا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ئەدەبىياتمۇ سىياسىيغا بەلگىلىك ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. مانا بۇ سىياسەت بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋىتى بولۇپ ئەلمىساقتىن شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ كەلگەن. گورباچېف بىلەن ئايتماتوفنىڭ «ماسلىششى» بۇنىڭ جانلىق دەلىلى بولالايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىراق بۇ پارچىلىنىش يەنە مىللىي ئاڭنىڭ ھەددىدىن زىيادە


www.uyghurkitap.com

تەڭشىلىشىنىڭ مېۋىسى. بۇنىڭدا گورباچېف بىلەن ئايتماتوف بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك جاۋابكارلىققا ئىگە. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى» نىڭ بۆلۈنۈشىنى چوڭ رۇسچىلىق بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ستالىندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن مىللىي سىياسەت جەھەتتە خېلى ئېغىر خاتالىقلار ئۆتكۈزگەنلىكتىن، چوڭ رۇسچىلىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىكىنىڭ يالقۇنلىنىشىغا شەرت يارىتىلغان. ستالىن مىللىي مەسىلە بىلەن سىنىپىي مەسىلىنىڭ چېگرىسىنى ئايرىمىدى. بىر جەھەتتىن ئاساسىي قانۇننى بېكىتكەن چاغدا سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرانىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى يوقىتىش دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ مىللەتلەر خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ كۈچىنى ئارقىمۇئارقا ئاجىزلىتىپ بىكار قىلدى. يەنە بىر جەھەتتىن مىللەتلەر مەسىلىسىدە نىسبىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋەردى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى «تازىلاش» بىلەن ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى زورلۇق بىلەن كۆچۈرۈش بولدى. بۇنىڭدىن باشقا ستالىننىڭ چوڭ رۇسچىلىقىنىڭ ئېغىر زەردابى ھەققىدە تونۇشىمۇ يېتەرسىز بولدى. ئۇ پارتىيە ئىچىدە ئېغىر باش كۆتۈرگەن چوڭ رۇسچىلىق خاھىشىغا قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى «رەھبىرىي مىللەت» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «رۇس مىللىتى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى بارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ئىلغار مىللەت»، «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېتەكچىسى» دېدى. ئەمەلدە رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ چوڭ رۇسچىلىققا مەدەت بەردى. ستالىندىن كېيىنكى ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلەر بىردەك سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلە ئاللىقاچان «يىلتىزىدىن بىراقلا ھەل بولغان» دېگەننى كۈچەپ تەكىتلىدى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال بۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىدى. 1986 - يىلقى ئالمۇتا ۋەقەسى روي بەرگەندىن كېيىن بۇ ۋەقە پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنى قاپلىغان مىللىي قوزغىلىش ۋە توقۇنۇشقا پىلتە بولدى. مىللىي قارىمۇقارشىلىقنىڭ ئۇچقۇنلىنىشىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى مىللەت رېسپوبلىكىلىرى ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي پاجىئە خېلى دەرىجىدە ئاشكارىلاندى[1]. دەل مۇشۇ ئەھۋالدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مىللىي ئاڭنى ئۇنۇملۇك تەڭشەسە، خەۋپنى ئوڭلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى تېخى بار بولغان ۋاقىتلار ئىدى. بىراق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئايتماتوف خەۋپنى تېخىمۇ ئۇچقۇندىتىپ «ئالىمىي تەپەككۇر» نى ئۇلۇغلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولۇپ تەختتە ئولتۇرغان گورباچېف «يېڭى تەپەككۇر» نى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماركسىزملىق ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن يۈز ئۆرىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مۇراد بىلەن كېلەچىكىدىن ئايرىدى. مانابۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلىغان ئاساس. گورباچېف يولغا قويغان «سىياسىي ئەركىنلەشتۈرۈش» سوۋېت كومپارتىيىسىنى زورلۇق بىلەن تارقىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي ئاڭنى تەڭشەش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي چوڭ - كىچىك مىللەتچى تەلۋىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1991 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گورباچېف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن چېكىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە يادرولۇق قورال - ياراقلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى رۇسىيە زۇڭتۇڭى يىلتسىنگە ئۆز قولى بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈنلەي پارچىلاندى.

بەلكىم، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەدەبىيات تارىخچىلىرى ئايتماتوفنىڭ «ئالىمىي تەپەككۇر» ىغا تارىخ ئوقۇمۇشلىرى گورباچېفنىڭ «يېڭى تەپەككۇر» ىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئوخشىمىغان باھالارنى ئېيتىشار. بىراق گېپى كەلگەندە ئۇلارنىڭ تەجرىبە - ساۋىقى بىلەن مەجبۇر قىلىدىغان ئوي - پىكىرگە ئېرەنشىمەسلىك نەزەرىدە بولماسلىقىمىز كېرەك.

---

[1] گوڭ يۇڭخوي «مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي مەسىلە»، «گۇاڭشى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 - يىل 3 - سانى.



# نېتزى شېئىرلىرىدىن

ئابلىكىم خېۋىر تەرجىمىسى

## ئامىتىم

ئىزدەشلەردىن زېرىكىپ يۇرۇپ،
مەن ئۆگەندىم تېپىپ ئالماقنى.
تەۋەككۇلدىن تۇمشۇقىمغا يەپ،
بىلدىم ئامان - ئېسەن قالماقنى.

## باتۇرانە ئالغا

نەدە تۇرما، قازغىن شۇ يەرنى!
تەكتىدە بار مۇزدەك بۇلاقلار!
ئىشەنمىگىن نادانلار ئېيتسا:
«ئەڭ تەكتىدە ۋەيلۇن دوزاخ بار!»

## دىئالوگ

ئا: مەن ئاغرىدىم؟ ئەمدى ساقايدىم؟
قايسى دوختۇر كۆرگەندۇر مېنى؟
ئۇنتۇپتىمەن ھەممە - ھەممىنى.
ب: ساقلىقىڭغا ئىشەندىم تامام،
ئۇنتۇغاقلار كېلىدۇ ساغلام.

## دۇنياۋى پاراسەت

ۋادىلاردا تۇرۇپمۇ قالما،
تاغ ئۇستىگە چىقىپمۇ سالما.
تاغ بېلىدىن كۆزەتسەڭ دۇنيا -
گۈزەللىكتە رەڭدار بىر ئالما.

## ئۈچىنچى قېتىم تېرە تاشلاش

قۇرۇشۇپ ھەم پۈرلۈشۈپ،
چۈشتى تېرەم تۇزۇشۇپ.
يۈرىكىمدىكى يىلان
يۇتۇپ شۇنچە لاي - توپا، يەنە
تويماستىن ئاچ كۆشۈلدار ئەنە.
چىمەنلەردە سوزۇلۇپ،
تاشلىقلاردىن قوزغۇلۇپ،
ئاچ تەننى سۆرەپ يۈرەر. . .
ئىزدەر گويا مېۋە قېقىنى
ياق، توپىنى
ئۆز ئوزۇقىنى.

## نۇر ئىزدىگەن دوستۇمغا

كۆزۈم تالمىسۇن،
نېرۋام چاقنىسۇن،
دېسەڭ ئەگەردە؛
قۇياشنى قوغلاش،
سايىدىن خوشلاش.

## نەلۋىلىككە قارشى

پۇلەۋەرمە ئۆزۈڭنى ماختاپ،
يىڭنە تەگسە كېتەرسەن پارتلاپ.

## ئىلتىماس

كۆپلەرنىڭ كۆڭلىنى پىششىق بىلىمەن،
ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى بىلمەيمەن پەقەت.
تۇرىدۇ ئۆزۈمگە كۆزۈم ئەڭ يېقىن،
ئەپتىمنى كۆرەلمەس ئېنىقراق بىر رەت.
پايدىسى تېگىپمۇ قالارمىدى، تاڭ؟!
يىراقراق يارالغان بولسام ئۆزۈمدىن.
دۈشمەندەك يىراقلاپ كەتمىدى، ھېلى
يىراقلاپ بارماقتا دوستلىرىم مەندىن.
سەن ۋە مەن،

ئاردا بىر نۇقتا دىمە،
تېپىڭلار ئىلتىماس قىلغىنىم نىمە؟

## مەزمۇتلۇق

مىنىڭ باسقۇچلۇق پەلەمپەي،
بىر - بىر بېسىپ ئۆتەرمەن.
ماختىدىڭلار قارىشىپ:
«سەن مەزمۇت سەن، مۇستەھكەم
قورام تاش سەن بىز سۈپەت.»
مىنىڭ باسقۇچتىن ئۆتكۈم بار،
باسقۇچ بولغۇم يوق پەقەت.

## قوشنام

بىزار بولدۇم قوشنامدىن،
يېنىمدا تۇرغىنى تۇرغان.
يا ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتمەيدۇ،
يا يىراققا كۆچۈپ كەتمەيدۇ.
قاچان يۇلتۇزغا ئايلىنىدۇ ئۇ؟
كۆزلىرىمنى چاقنىتىدۇ ئۇ؟

## ئۆز بەگ ئۆز خان

يىرگەندىم سۈكۈنىشش، ۋەھىي ئاڭلاشتىن،
كۆنمەيمەن، بولمايمەن ھەتتا ھۆكۈما.
سەن ۋەھشىي بولمىساڭ، كىم قورققاي سەندىن،
قورقىنىش ئۇچۇندۇر ۋەھىيگەر زوما.
جاق تويدۇم ئۆزۈمگە ۋەھىي بەرمەكتىن،
ئورماندا قۇش بولاي، دەريادا بېلىق.
گۈزەل سۈكۈناتتىن تاپسامچۇ مەستلىك،
خاتا تۇيغۇلاردىن تاپاي تىنچلىق.
يىراقتىن كەلتۈرەي يۇرت - ماكانىمنى،
ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە باشلاي ھامىنى.

## يۇلتۇزلارنىڭ ئەخلاقى

ئوربىتىدا ماڭمىقىڭ پىشانەڭگە پۈتۈلگەن،
قارا زۇلمەت نىمىشقا ئۆپچۆرەڭگە چۈمكەلگەن؟
نۇر ھالقاڭمۇ ئامەتلىك، تىشىپ ئۆتەر زامانىنى،
يىللار سالغان جەبرىدىن سەن يىراقتا ھامانى.
نۇرۇڭ مەنسۇپ ئۆزۈڭدىن بەكمۇ يىراق دۇنياغا،
ئىچ ئاغرىتسا كىم ساڭا، شۇ پاتامدۇ گۇناھقا؟
بىرلا ھۆكۈم ساڭا باب: سەن پاكىز، سەن ئاپئاق.

## مۇھەببەت تۈۋۈسى

(ھالبۇكى، شائىر مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
خەندەككە چۈشتى. . . )

پاھ، مۆجىزە
ئۇ يەنىلا پەرۋاز ئۇرامدۇ؟
قارىسام ئاسماندا، بىراق قانات جىم.
ئۇنى يۈكسەكلىككە باغلىدى نىمە؟
نىشان، كۈچ، ئارغامچا بولۇپ بەردى كىم؟
ئۇ ئوخشار يۇلتۇزغا، ئەبەدىيەتكە،
ئۇ ئۇچار ئىنسانىي ھاياتتىن يىراق.
ئۇۋاللىق، ھەسەت ھەم ئۆچلۈك گادىرماش،
كىم ئېيتار: ئۇچقاننى لەيلەش دەپ، بىراق.
خۇداغا ئىشەندىم: قوزغىشى مۇتلەق،
ئاسمانغا كۆتەردى ئۇچۇرۇپ مىنى.
سىنى سېغىنىمەن، ئاشۇ ۋەجىدىن،
كۆز يېشىم ئاقتى راست، سۆيەرمەن سىنى.

## بەخت

بەخت، ھەي بەخت
گۈزەل ئىشكارلىق.
مەڭگۈ شۇنداق سەن:
كۈتۈش ئۇچۇن بار،
كۆرۈش ئۇچۇن يوق.
ئەتە ئۇچۇن بار،
بۈگۈن ئۇچۇن يوق.
بىلمىدىم ئۈۋچى
سىنىڭ ئالدىڭدا
قىلىپ سالامدۇ
دائىم بالىلىق؟
ئىش ئەسلى مۇنداق:
سەن جىنايەتنىڭ
ئەگرى، جىم يولى؛
بارلىق گۇناھلار
ئىچىدە ئۆزۈڭ

ئەڭ جەزىبدار
جىنايەت خىلى.

## بەكمۇ تەنھا سەن

كۈندۈزمۇ كۈندۈزدىن زېرىكتى ھېلى،
ئېرىقنىڭ شىرىلداپ ئېيتقان غەزىلى،
بارچە ئارزۇلارغا بېرەر تەسەللى.
ئاسمان ئۆمۈچۈكنىڭ ئالتۇن تورىغا،
ئېسىلىپ تۇرىدۇ ساڭگىلىغانچە.
ھارغىن ئادەملەر شىۋىرلايدۇ ئۇ:
«خاتىرجەم يېتىڭ!»
غەمكىن دىل ياتمايسەن نېچۈن خاتىرجەم،
پۈتۈڭغا كىردىمۇ قاچان بىر تىكەن؟
قان يۇقى ئىزلىرىڭ، تىنماي چاپىسەن،
بىلمىدىم كۈتكىنىڭ زادى نېمىكەن؟

## ھايات بىر ئەينەك

بۇ ھايات ئەينەك،
ئىزدەيمىز ئۇنى
ئوڭمىزدىمۇ،
چۈشىمىزدىمۇ.
چۈنكى ئەڭ ئاۋۋال
ئۆز ئەپتىمىزنى
تونۇتىدۇ ئۇ.

## «ھەقىقىي گېرمانىيە»

«ئىخ، ئاتاقلىق، چاكىنا مىللەت
مەن يەنىلا سادىقمەن ساڭا!»
ئۇ گېپىنى تۈگەتتى بولغاي،
چوڭ شەھەرگە يول ئالدى يانا.

## ماكانسىز

مىنگىنىم شاش ئات،
قورقۇش ماڭا ياد.
مەنزىلىم ئۇزاق،
مېنى كۆرگەنلەر
تونۇيدۇ مېنى.
«ماكانسىز بايقۇش»
دەيدۇ ئىسمىمنى.
تاشلىما مېنى
ئەي، مېنىڭ يورغام.
مېنىڭ بەختىم شۇ —
نۇرلۇق يۇلتۇزلار،
يىراق يەرلەردە
چاراقلاپ تۇرغان.

كىم قىلسۇن جۈرئەت
سوراشقا مەندىن،
«يۇرتۇڭ قەيەر؟» دەپ،
غاپىل بولماسمەن
بىر ماكان ئىزدەپ.
كېچە - كۈندۈزدىن
پەرۋايىم پەلەك.
پەرۋاز قىلىمەن
خۇددى بۈركۈتتەك
ئىشىم يوق بۆلەك.
چۇھ، چۇھ، چۇھ، چاپقىن
مېنى تاشلىماي
مېنىڭ بەختىم شۇ،
گۈزەل، كۆركەم ماي.

قاچان بولمىسۇن
ماڭا بىر ئۆلۈم.
ئەزرائىل بىلەن
كېلەر سۆيۈشكۈم.
قانداق ئىشىنەي؟
ياتىسەن دېسە
زۇمچەك قەبرىدە.
قانداق ئىشىنەي
ھاياتلىق شەربىتى
ئىچمەيسەن دېسە.
چۇھ، چۇھ، ئارغىماق
تاشلىما مېنى.
بېرىدۇ پەقەت
گۈزەل چۈشلىرىم
مېنىڭ بەختىمنى.

## يۇرتۇمغا قايتتىم

1

كەچكى ئىبادەتكە سۈيلەر قوڭغۇراق،
سوزۇلۇپ - سوزۇلۇپ بەرمەكتە سادا.

uyghurkitap.com

قىر - ئېتىزلار پاتتى سۈكۈتكە،
قىلماقتا ھەرنە كىم پەرزىنى ئادا.
قوڭغۇراق ئۇقتۇردى ماڭا بىر ئىشنى:
ئادەملەر دۇنيادىن كەتتى تاپالماي.
يۇرتىدىن، ئائىلە شادلىقلىرىدىن،
كەتتى - دە، ئىشەنچلىك خەۋەر ئالالماي.
زېمىننى بىز تەرك ئەتمىگەن، ئاخىر،
نە ئەجەب يۇرتۇمنى تاپسامچۇ ھازىر.

2

سوزۇلۇپ - سوزۇلۇپ ئۇنلەر قوڭغۇراق،
خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇدۇم شۇئان.
ھەممە ئالدىراركەن ئەبەدىيلىكنىڭ -
يۇرتىدىن تۇتقىلى مەڭگۈلۈك ماكان.
ھەرقاچان كىملەردۇر پۇت - قوللىرىنى،
زېمىن چۇشكىدىن ئالىدۇ يۇلۇپ.
يۇرتىنىڭ پادىچى كۆيىگە توۋلاپ،
ماختايدۇ ساماۋى يۇرتنى لەك ئۇرۇپ.

3

ئەلەملىك كۈن بولغان ماڭا جۇدالىق،
بىر مەزگىل ئايرىلدىم سەندىن، ئەي باغرىم.
كۆڭلۈمنى ھەسسىلەپ قىلماقتا يېرىم،
ھە بۈگۈن قويىۇڭنى كۆرگەن چاغلىرىم.
سەپەردە ھېس قىلغان تاتلىق ئارمانلار،
رەھىمسىز زەربىدىن بولماقتا بەربات.
ئايەتلىك چاغلارغا كەينىمەن ئۇدۇل،
تەلپۈنىم تەتۇر، دەپ كۆتەردىم پەرياد.

* *

ئاتام قەبرىسىگە يۈكۈنۈپ ئۇزاق،
ياش تۆكتۈم، ئاچچىق ياش، دەرد -
ئەلەملىك ياش.
ئاتامنىڭ ئارزۇلۇق ئۆيى - ئىمارىتى
تۇرىدۇ مۇڭلىنىپ، ئەگكەن پېتى باش.
چۆلدەرەپ قاپتۇ قەبرە، تام - تۇزاق،
خىيالچان كۆرۈنەر ماڭا ھەممە ياق.
مەن قاچقان چاغلىرىم مۆكۈنگەن ئورمان
قاراڭغۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ شۇ باغ.

* *

قويۇق شاخ چۇمكىسە مېنى يوشۇرۇپ،
پېشانەم شورىنى ئۇنتاردىم شۇئان.
جىمجىت ئۇيقۇ تاپقان مېنىڭ ۋۇجۇدۇم،
تەسەللى تاپاتتى ئورماندىن ھامان.
قىزىلگۈل جۇلالاپ، قۇشقاچلار سايراپ،
ياشلىق شوخلۇقىنى قىلار نامايان.
كاۋچۇك دەرەخلىرى مېنى پەپىلەر،
سايىدا ياتاتتىم ئېزىلىپ ھامان.

## مەستلىك ناخشىسى

ئەي، ئادەملەر سىلىڭلار قۇلاق،
تۈن نىسبىدە چىققان ئاۋازغا:
«ئۇخلاپ - ئۇخلاپ ئەمدى ئويغاندىم،
ئېغىر چۈشتىن قېلىپ بالاغا.
دۇنيا قانداق ئېغىر ۋە سىرلىق،
ئۇنىڭ دەردى تىرەن يەردىكەن.
كۈندۈزى مەن ئويلىغاندىنمۇ،
دەردمەن ئىكەن، دەردى كۆپ ئىكەن.
خۇشاللىقى ئەلەمدىن ئېغىر،
ئەلەم دېدى: خۇشاللىق يوقال،
خۇشاللىق خالايدۇ ئەبەدىيەتنى،
يار بولمىسۇن ماڭا، دەيدۇ،
ئېغىر، سىرلىق، ئەبەدىي بىر ھال.»

## غايەمگە

ھېچكىمنى سۆيمىدىم سېنى سۆيگەندەك،
ئەي، ئېزىتقۇ گىرىمسەن سايە.
سېنى يوشۇردۇم قەلبىمگە - غايە،
شۇندىن تارتىپ مەن ئوخشىدىم سايىگە،
سەن ئوخشىدىڭ جانلىق گەۋدىگە.
بىراق، مېنىڭ كۆزلىرىم
بۇ ھالەتكە زادى كۆنمىدى،
چۈنكى ئۇلار
ئۆزى تەۋە تەندىن باشقىنى
كۆزىتىشكە ئۆگەنگەن ئىدى:
شۇڭا سەن مەڭگۈ «يات نەرسە» بولۇپ،
سىغماي قالدىڭ ئۇلارغا.
ھەي، بۇ كۆزلىرىم مېنى قوشمايدۇ،
باشقا بىراۋغا!

# تارىم غۇنچىلىرى



مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەر



ئەسەرلەر تەھرىرلەنمەكتە



ئىش كوررېكتورلۇق ھالقىسىدا



يېڭى سان ژۇرنال توغۇلۇش ھارپىسىدا

«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق
ارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق
اخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان
ۇنجى نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى
ۇرناللارنى باھالاش پائالىيىتىدە «مۇنەۋۋەر
ۇرنال» شەرىپىگە ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ
ۇرنال مۇكاپاتى»نى تارقىتىش پائالىيىتىدە ژۇرنال
ۇكاپاتىغا نائىل بولدى.

ھازىر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تىراژى 100 مىڭغا
يېتىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق
ۇرناللارنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

«تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى
ادىملار ژۇرنالنى بالىلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى،
وقۇتقۇچىلارنىڭ ياردەمچىسى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ
ەسلىھەتچىسى قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە.

200

ئەي بالىلار، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! ئەسەر نەزەتىنىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! «تارىم غۇنچىلىرى» دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن!

ئەي بالىلار، «1- ئىيۇن» بايرىمىڭلار گۈل- چېچەكتەك بۈركەنسۇن!

كىچىكلەر چوڭ بولۇشىدۇ، لېكىن «تارىم غۇنچىلىرى» مەڭگۈ بالا.




际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/1 邮发代号 58—83 零售价: 4.40元